2009·3

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال

شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا نائىل ژۇرنال



# بۇلاق

源泉(布拉克) ⊙ BULAK

ISSN 1005-0876

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



**سابا** (مايبوياق) پەرھات ئىبراھىم سىزغان

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ
قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

30 ـ يىل نەشرى
ئومۇمىي 126 ـ سان

# نادان دوستتىن دانا دۈشمەن ياخشى

دوستلىرىڭ دوست بولغۇسىدۇر ئىشىڭغا ،
يەنە مېھنەت بىرى كەلمەس قېشىڭغا .
بولسا كىم مېھنەتتە دوست ، ئۇ جانغا دوست ،
دوست ئەمەس دۆلەتتە دوست ، ئۇ نانغا دوست .
ئاشنالىق بولسا ئۇنىڭ بېشى ئاش ،
تاشلا ئالغاندىن ئۇنى قىلما تالاش .

«كەلىلە ۋە دىمنە»دىن خەتتات :

# بۇلاق

2009 ـ يىللىق 3 ـ سان

باش مۇھەررىرى: ئابلەت ئىمىن　　مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت


# بۇ ساندا

## ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


ئادابۇس ـ سالىھىن ........................................ مۇھەممەدسادىق كاشغەرىي (5)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق

خەمسەتۇل ـ ھىكايات ........................................ موللا فەنائىي (23)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھۆرلىقا سىيىت

زۇھۇربەگ شېئىرلىرىدىن ........................ نەشرگە تەييارلىغۇچى: بوغدا ئابدۇللا (40)

چاينامە ........................ نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇتەللىپ ئىسمايىل (47)


## شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


«تەزكىرەتۇش ـ شۇئەرا»دىن ........................................ دەۋلەتشاھ سەمەرقەندىي (51)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: يۈسۈپ ئىگەمبەردى

## ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا «لىسانۇت ـ تەير» تىپىدىكى ئەسەرلەر ........................ ئاينۇر ئابلىز (70)
«ئۈتۈكەن» ھەققىدە ........................ تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى (80)

## مەشھۇر ئەسەرلەر

ئىنسانىي كامىللىققا دەۋەت قىلغۇچى مۇقەددەس كىتاب ــ «ئاۋېستا» ........................ (90)
ئۇيغۇرچىغا ئاغدۇرغۇچى: مۇھەممەت ئىبراھىمجان

## بىزنىڭ ۋەسىقىلىرىمىز

چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردىن ........................ (99)
نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئىدرىس تۇرنىياز كۆكيار، تۇرسۇن ساۋۇت ئۇدمىش

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

توغرىباي بىلەن ئوغرىباي (چۆچەك) ........................ توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇروسۇل ئۆمەر (104)
لوپنۇر قوشاقلىرىدىن ........................ توپلاپ رەتلىگۈچى: مويدىن سايىت (108)

※

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: دولان ئۇۋچىلىرى (پەرھات ئىبراھىم سىزغان)

※ ※ ※

مەسئۇل مۇھەررىرى : مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

تەكلىپلىك كوررېكتور : ۋەلى زەيدۇن

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

خەتتات: ئابلىمىت ئوسمان، مەمەت نەۋبەت

تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2815971 (0991)
ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى: bulak@yahoo.cn
تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827472 (0991)



مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي

# ئادابۇس - سالىھىن[①]

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق

## ئۈچىنچى پەسىل، مۇسىبەت ئەھلىنىڭ ئەدەپلىرىنىڭ بايانى

بۇنىڭدا يەتتە ئەدەپ بار.

بىرىنچى ئەدەپ، ئەگەر بىر كىشى مۆئمىن بۇرادىرىنىڭ ۋاپاتىنى ئىشىتسە: «ئىننالىللاھى ۋە ئىننا ئىلەيھى راجىئۇن» (چوقۇمكى، بىز ئاللانىڭ ئىلكىدىمىز ۋە چوقۇم ئاللانىڭ تەرىپىگە قايتقۇچىمىز) دېسۇن. ئەگەر دۇشمەنىنىڭ ۋاپاتىنى ئىشىتسە: « جىمى ھەمدۇسانالار ئۆزىنىڭ بەندىلىرىگە ياردەم بەرگەن ۋە ئۆزىنىڭ دىنىنى ئەزىز قىلغان ئاللاتائالاغا خاستۇر» دېسۇن.

ئىككىنچى ئەدەپ، مۇسىبەت ئەھلىگە تەزىيە بىلدۈرسۇن. بۇ تەزىيە مەيلى دەپنىدىن ئىلگىرى ياكى دەپنىدىن كېيىن بولسىمۇ بولىدۇ. ئىمام مۇھەممەد (ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي)نىڭ نەزىرىدە تەزىيە تاكى ئۈچ كۈنگىچە جايىزدۇر، ئۇنىڭدىن كېيىن مەكرۇھدۇر. تەزىيە شۇكى، مۇسىبەت ئىگىسىگە: «ئاللاتائالا ساڭا كاتتا ئەجىر بەرگەي ۋە ساڭا ياخشى مۇكاپات ئاتا قىلغاي. سېنىڭ مېيىتىڭنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلغاي» دېسۇن.

ئۈچىنچى ئەدەپ، تاۋۇت بىلەن بىللە ماڭغان كىشىلەرگە سۈكۈت قىلىش زۆرۈردۇر. بۇ ھالدا زىكىر ۋە پىكىرگە مەشغۇل بولۇش لازىم. زىكىرنى ئىچىدە ئېيتسۇن. خوتۇن كىشى تاۋۇت بىلەن ھەمراھ بولۇپ ماڭمىسۇن. چۈنكى، بۇ مەكرۇھدۇر.

تۆتىنچى ئەدەپ، دەپنىدىن كېيىن بىر كىشى قەبرىنىڭ بېشىدا ئۆرە تۇرۇپ مۇنداق تەلقىن ئېيتسۇن: «ئەي پالانىنىڭ ئوغلى پالانى، ھايات ۋاقتىڭدا ئوقۇغان شاھادەت كەلىمىسىنى ۋە بەرگەن ۋەدىلىرىڭنى ياد ئەتكىن، يەككە - يېگانە ئاللادىن باشقا ئىلاھ يوق، ئاللانىڭ شېرىكى يوق. چوقۇمكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى. قىيامەت چوقۇم بولغۇسىدۇر. قىيامەتنىڭ بولۇشىدا شەك يوقتۇر. چوقۇمكى، ئاللاتائالا قەبرىلەردىكى كىشىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ. ئاللانىڭ رەببىمىز

---

① بېشى ئالدىنقىساندا.

ئىكەنلىكىگە، دىنىي ئىسلامنىڭ بەرھەقلىكىگە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللانىڭ ئەلچىسى ۋە پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە، كەبىنىڭ قىبلە بولۇشىغا، قۇرئان كەرىمنىڭ قانۇن ۋە يېتەكچى بولۇشىغا، مۇئمىنلەرنىڭ بىزنىڭ قېرىنداشىمىز بولۇشىغا رازى بولدۇم. مېنىڭ رەببىم كاتتا ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى. ئاللاتائالادىن باشقا ئىلاھ يوق.»

بەشىنچى ئەدەپ، مۇسىبەت يەتكەندە مۇسىبەت ئەھلى: «چوقۇمكى، بىز ئاللانىڭ ئىلكىدىمىز ۋە چوقۇم ئاللانىڭ تەرىپىگە قايتقۇچىمىز. ئى ئاللا، مېنىڭ مۇسىبىتىمدە ئەجىر بەرگىن. مەن ئۈچۈن بۇ مۇسىبەتكە ياخشىلىقنى ئىز باسار قىلغىن» دېسۇن.

ئالتىنچى ئەدەپ، مۇسىبەت ئەھلى يۇقىرى ئاۋازدا يىغلىمىسۇن، چۈنكى بۇنداق قىلىش هارامدۇر. ھەدىس شەرىفتە مۇنداق قىلغاندا مېيىتكە ئازاب بولىدىغانلىقى ئېيتىلغان. مۇسىبەت ئەھلىنىڭ ئاۋازلىق يىغلىشى خۇسۇسىدا ھەزرىتى ئىمام شافىئىي (ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي): «ئۆلگەندىن كېيىن مېيىتكە يىغلاش پۈتۈنلەي مەكرۇھدۇر» دېگەن.

يەتتىنچى ئەدەپ، ئۆلۈكنى كۆمگەندىن كېيىن ھەممەيلەن ئۆز ئىشلىرىغا كەتسۇن، مېيىت ئۈچۈن يەنە بىر يەرگە يىغىلىپ ئولتۇرمىسۇن، چۈنكى بۇنداق قىلىش مەكرۇھدۇر. ئىمام مەجدىددىن فىرۇزئابادى (ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي) «سىراتىل مۇستەقىم» (توغرا يول) دېگەن كىتابىدا مۇنداق دېگەن: «دەپنىدىن كېيىن مەيلى قەبرە بېشىدا ياكى باشقا جايدا بولسۇن، يىغىلىپ ئولتۇرۇش، قۇرئان ئوقۇش، خەتمە سۈرە قىلىش بىدئەتتۇر. ئەمما، تائام تەييارلاپ مۇسىبەت ئەھلىنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىش ياخشىدۇر. قەبرىنىڭ ئۈستىگە پىششىق خىش، تاش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن گۈمبەز ۋە ئىمارەت قۇرۇش، چىراغ يېقىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بىدئەتتۇر.»

## تۆتىنچى پەسىل، قەبرە زىيارەت قىلىش ئەدەپلىرىنىڭ بايانى

بۇنىڭدا يەتتە ئەدەپ بار.

بىرىنچى ئەدەپ، ئەرلەر ئۈچۈن گۆرىستاننى كۆپ زىيارەت قىلىش ياخشىدۇر. ئەگەر كىشى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قەبرىسىنى ھەمىشە زىيارەت قىلىپ تۇرسا، ئۆزى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ قەبرىسىنى پەرىشتىلەر زىيارەت قىلىپ تۇرىدۇ. ئۆلىمالار نەزىرىدە خوتۇن كىشىلەرنىڭ قەبرىنى زىيارەت قىلىشىمۇ چەكلەنمىگەن.

ئىككىنچى ئەدەپ، گۆرىستانغا بېرىشنىڭ ئەدەپلىرى ۋە ئەتراپىدا دۇئا قىلىش تەرتىپى مۇنداق: قەبرىنىڭ ئەتراپىدا تۇرۇپ، مەرھۇملارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرىتىنى تىلىسۇن؛ ئۇلار ھەققىدە: «ئەسسالامۇئەلەيكۇم يا ئەھلىل قۇبۇرى ـــ سالام سىلەرگە، ئەي قەبرە ئەھلى، ئاللاتائالا بىزنىڭ گۇناھىمىزنى ۋە سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلغاي، سىلەر بىزدىن بۇرۇن كەتتىڭلار، بىزمۇ سىلەرنىڭ كەينىڭلاردىن بارىمىز» دېسۇن. ئەگەر شېھىتلارنىڭ قەبرىسى بولسا: «سالام سىلەرگە، سىلەرنىڭ سەۋر قىلغانلىقىڭلارنىڭ سەۋەبى بىلەن ئاخىرەت دۇنياسى نېمىدېگەن ياخشى!» دېسۇن.

ئۈچىنچى ئەدەپ، گۆرىستاندا بارچە گۆر ئەھلىنىڭ مەغپىرىتىنى تىلەپ دۇئا قىلىپ، ئاۋامغا خۇشلۇق يەتكۈزسۇن. ئۇلۇغ كىشىلەردىن پەيز تىلىسۇن. مەۋلانا نىزامىددىن خامۇش (ئۇنىڭغا رەھمەتلەر بولغاي)تىن شۇنداق نەقىل قىلىنىدۇكى، ئۇ زات مۇنداق دېگەنىكەن: «كىشى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلغاندا ئۇلارنىڭ روھىغا پەيز يەتكۈزسۇن. پەيز يەتكۈزۈش شۇنداق بولىدۇكى، ئۇلارغا سالام بېرىپ مەغپىرەت تىلىگەندىن كېيىن سۈرە پاتىھەنى بىر

قېتىم، ئايەتەلكۇرسىنى بىر قېتىم، قۇلھۇۋەللاھىنى ئون ئىككى قېتىم ئوقۇپ، ئون ئىككى قېتىم سالاۋات ئېيتىپ، ئۇنىڭ ساۋابىنى ئاشۇلارغا بېغىشلىسۇن. ئەگەر ئۇلۇغ زاتلارنىڭ قەبرىلىرىنى زىيارەت قىلغان بولسا، ئۇلاردىن پەيز تىلىسۇن. پەيز تىلەشنىڭ شەرتى شۇكى، پەيز تىلىگۈچى پەيز ئالىدىغان كىشى بولسۇن. پەيز تىلەش كەيپىياتى شۇنداق بولىدۇكى، پەيز تىلىگۈچى ئىچكى دۇنياسىنى ھەممە نەرسىدىن خالىي قىلىپ، ئۇلۇغلارغا يۈزلەنگەن ھالدا تاكى قانداق كەيپىيات ياكى نېسىۋە ئىچكى دۇنياسىدا زاھىر بولغانغا قەدەر ئىنتىزار بولۇپ ئولتۇرسۇن. ئاندىن كېيىن قەبرىدىكى زاتنىڭ ھالىتى ۋە كامالىتىنى ھېس قىلغۇسى. نەقشبەندىيە سىلسىلىسىدىكى خوجىلار( تەڭرىتائالا ئۇلارنىڭ روھلىرىنى پاك قىلغاي) نىڭ نەزىرىدە قەبرىلەردىن كەشىپ ـ كارامەت ئىزدەشنىڭ ئانچە ئېتىبارى يوق، بەلكى ئېتىبارغا ئېلىنىدىغىنى ئۇلارغا پەيز بېغىشلاش ۋە ئۇلاردىن پەيز ئېلىشتۇر، دەپ قارىلىدۇ.

تۆتىنچى ئەدەپ، گۆرىستانغا ئاتلىق كىرمىسۇن. گۆرىستاندا بىر-ئىر زۆرۈرىيەت بىلەن پىيادە يۈرمەكچى بولسا كالاچىنى قولىغا ئېلىۋالسۇن. قەبرىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرمىسۇن. قەبرە ئۈستىدە ۋە قەبرىگە يۆلىنىپ ئولتۇرمىسۇن، گۆرىستاندا تاھارەت سۇندۇرمىسۇن.

بەشىنچى ئەدەپ، خوتۇنلار گۆرىستانغا كۆپ بارمىسۇن، ئەرلىرىدىن رۇخسەت ئېلىپ بىر-ئىر بارسۇن.

ئالتىنچى ئەدەپ، گۆرىستاندا قەبرىگە قاراپ ناماز ئۆتىمىسۇن، چۈنكى بۇنداق قىلىش مەكرۇھدۇر. لېكىن، جىنازا نامىزىنى گۆرىستاندا ئوقۇش جايىزدۇر. ئىمام شافىئىنىڭ مەزھىپىدە ئەگەر بىرەر كىشى بىرەر يېقىن ئادىمىنىڭ جىنازا نامىزىغا قاتنىشالمىغان بولسا ئۇنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ، ئۇنىڭ جىنازا نامىزىنى ئۆتىسە بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

يەتتىنچى ئەدەپ، مەيلى ئاتا ـ ئانا، قېرىنداش ياكى باشقىلارنىڭ قەبرىسى بولسۇن، قەبرە يېنىدا ئولتۇراقلاشمىسۇن. چۈنكى، بۇ جاھىلىيەت ئەھلىنىڭ ئادەتلىرىدۇر.

## ئالتىنچى باب، زىياپەت ۋە يېيىش ـ ئىچىش ئەدەپلىرىنىڭ بايانى

بۇنىڭدا تۆت پەسىل بار.

### بىرىنچى پەسىل، مېھماندارچىلىق ئەدەپلىرىنىڭ بايانى

بۇنىڭدا ئون ئەدەپ بار.

بىرىنچى ئەدەپ، پېقىرلار ئۈچۈن زىياپەت قىلسۇن، مەخسۇس بايلار ئۈچۈنلا زىياپەت قىلمىسۇن. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتىپتۇركى: «ئەڭ يامان تائام ـــ بايلار چاقىرىلىپ، كەمبەغەللەر چاقىرىلمىغان تائامدۇر.» يەنە بىر شەرت شۇكى، بىر ئۆيدىن ئاتىسىنى چاقىرغان بولسا، بالىسىنىمۇ چاقىرسۇن، مېھمانغا چاقىرىلغان كىشىنىڭ ئۆيىدە يېقىن قېرىندىشى بولسا، ئۇنىمۇ قوشۇپ چاقىرسۇن، ئايرىپ قويمىسۇن. چۈنكى، بۇنداق قىلىش جاپا قىلغانلىقتۇر.

ئىككىنچى ئەدەپ، مېھمانغا ياخشى ئىززەت ـ ئىكرام ۋە ئېھتىرام قىلسۇن. مېھماننىڭ ئېھتىرام مۇددىتى ئۈچ كۈنگىچىدۇر، تۆتىنچى كۈندىن باشلاپ كۆپ تەكەللۇپ قىلمىسىمۇ بولىدۇ.

ئۈچىنچى ئەدەپ، مېھمان ئۈچۈن ئۆيىنىڭ تاملىرىنى پەردە ۋە گىلەملەر بىلەن ياساپ يۈرمىسۇن.

لېكىن، مېھماننىڭ ئاستىغا كەشتىلىك كۆرپە ـ تۆشەك سالسا بولىدۇ، شۇنىڭغا دىققەت قىلىش لازىمكى، مېھماننىڭ تۆشەكلىرى يىپەك ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدىن بولماسلىقى كېرەك. ئىشەنچلىك ھەدىسلەردە ئېيتىلىپتۇركى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدە ئولتۇرماس ئىدى.

تۆتىنچى ئەدەپ، مېھمانغا تائامنى تېز كەلتۈرسۇن، كۆپ ساقلاتمىسۇن. نان ۋە باشقا تائاملارنى ئىسراپ قىلمىسۇن. ناننى داستىخانغا تاق ھالەتتە قويسۇن. ناننىڭ يۈزىنى بەك چوڭ قىلىپ تەييارلىمىسۇن. چۈنكى، بۇ تەكەببۇرلارنىڭ ئادىتىدۇر. داستىخانغا كەلگەن مېھمانلارغا ناننى يېيەلىگۈدەكلا قويسۇن، زىيادە قويمىسۇن. چۈنكى، بۇ ئىسراپ قىلىش ۋە بۇزۇپ ـ چېچىش بولىدۇ. داستىخاندا ئۇشتۇلغان نان بار بولسا ئۈستىلەپ بىر نان ئۇشتۇمىسۇن.

بەشىنچى ئەدەپ، مېھمانغا تائام قويغاندىن كېيىن تائام يېمەككە دەۋەت قىلسۇن. مېھمان ناتونۇش كىشى بولسا ئەڭ ياخشىسى ئاۋۋال ئۆي ئىگىسى تائامغا قول ئۇزارتسۇن ھەم تائامدىن ئەڭ ئاخىرىدا قول يىغسۇن. مېھمان ئۆزىنىڭ دوست ـ ئاغىنىلىرىدىن بولسا ئۇلارنىڭ رايىغا باقسۇن، داستىخانغا ئۇلاردىن ئىلگىرى قول ئۇزارتمىسۇن. يەنە بىر مۇھىم ئىش شۇكى، تاماققا تەكلىپ قىلىش ئۇچۇق لەۋزى بىلەن بولسۇن، يا «بىسمىللا» دېسۇن ياكى تائام يېيىشكە بۇيرۇيدىغان باشقا سۆزلەرنى دېسۇن. ئەگەر تائام يېيىشكە رۇخسەت بېرىشنى «بىسمىللا» بىلەن ئىپادىلىسە، بۇنىڭدىن مەقسەت تائام يېيىشتىن ئاۋۋال «بىسمىللا» دېيىشنى مېھماننىڭ يادىغا سېلىشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك. لېكىن، «بىسمىللا» سۆزىنى رۇخسەت بېرىلىشنىڭ بەلگىسى قىلىۋالمىسۇن. چۈنكى، بۇنداق قىلىش مەكرۇھدۇر.

ئالتىنچى ئەدەپ، مېھماننى تائامغا ھەددىدىن ئارتۇق زورلىمىسۇن. ئۈچ قېتىمغىچە تەكلىپ قىلسۇن. ئۇنىڭدىن زىيادە قىلمىسۇن.

يەتتىنچى ئەدەپ، تائام يېيىشتە مېھمانلارغا مۇۋاپىق ئىش تۇتسۇن. ئەگەر ئۆي ئىگىسى نەپل روزىغا نىيەت قىلغان بولسىمۇ شۇنداق قىلىش كېرەك.

سەككىزىنچى ئەدەپ، يۇمشاق، لەززەتلىك تائاملارنى مېھمانغا يېگۈزسۇن، ئۆزى ئادەتتىكى تائاملارنى يېسۇن. ئەگەر تائام ئاز بولسا ياكى مېھماننىڭ ئاچ قورساق ئىكەنلىكىنى بىلسە، ئۆزى ئازراق يەپ، كۆپرەكىنى مېھمانغا يېگۈزسۇن. مېھمان تائامدىن پارىغ بولغاندىن كېيىن ئەگەر كەتمەكچى بولسا ئىجازەت بېرىپ، خۇددى مېھمان كەلگەن ۋاقتىدا ئالدىغا چىققاندەك، ئىشىككىچە ئۇزىتىپ چىقسۇن. مېھماندىن ئايرىلغاندا بۇ دۇئانى قىلسۇن: «مېنى ئىززەتلىدىڭلار، ئاللا سىلەرگە ياخشىلىق ئاتا قىلغاي.»

توققۇزىنچى ئەدەپ، ئۆيدە نېمە تەييار بولسا، شۇنى مېھماننىڭ ئالدىغا قويسۇن.

ئونىنچى ئەدەپ، يېمەك ـ ئىچمەكتە تەكەللۇپ قىلمىسۇن، ئەمما ياخشى ۋە دۇرۇس نىيەت بىلەن تەكەللۇپ قىلسا بولىدۇ.

## ئىككىنچى پەسىل، مېھماننىڭ ساھىبخانا ئالدىدىكى ئەدەپلىرىنىڭ بايانى

بۇنىڭدا ئون ئەدەپ بار.

بىرىنچى ئەدەپ، ماقۇللۇقتۇر. بۇ ئۆي ئىگىسى مېھماننى قوينىڭ بىر پارچە ئۇستىخىنىغا چاقىرسىمۇ بارسۇن. ياخشى تەبىئەتلىك نامرات كىشىلەر چاقىرسا چوقۇم بارسۇن دېگەنلىكتۇر.

ئىككىنچى ئەدەپ، مېھمان روزا تۇتقان بولسىمۇ، ئۆي ئىگىسىنىڭ مېھمان قىلىش رايىنى قايتۇرمىسۇن، شۇنى بىلگىنكى، نىكاھ ئۈچۈن قىلىنغان تائامغا چاقىرىلسا، بۇنىڭغا ماقۇللۇق بىلدۈرۈشنى بەزى ئۆلىمالار ۋاجىپ دەپ قارايدۇ، يەنە بەزى ئۆلىمالار مۇستەھەپ دەپ قارايدۇ. ئەگەر بىرەر كىشى شەرئەت زۆرۈرىيىتى تۈپەيلىدىن چاقىرغان جايغا بارماي قالسا گۇناھكار بولمايدۇ. ئەمما، ئۇنىڭدىن باشقا ۋاقىتتا چوقۇم بېرىش زۆرۈر. باشقا تەكلىپ ۋە چاقىرىشلارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش.

ئۈچىنچى ئەدەپ، زالىم، پاسىق، ئەھلى رىيا (ئىككى يۈزلىمىچى) ۋە بىدئەت ئەھلى تائامغا چاقىرسا بارمىسۇن، بۇنداق قىلىش ياخشىدۇر.

تۆتىنچى ئەدەپ، چاقىرىلمىغان يەرگە تائام ئۈستىگە بارمىسۇن. ئەگەر ئىككى كىشى چاقىرغان بولسا، ئۆيگە قايسى يېقىن بولسا ئاۋۋال ئۇنىڭكىگە بارسۇن، ئەگەر ئوخشاش بولسا، قايسى بىلەن دوستلۇقى كۈچلۈك بولسا، ئاۋۋال شۇنىڭكىگە بارسۇن ۋە يەنە ئەدەپ شۇكى، ئۆي ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز چاقىرىلمىغان كىشىنى بىللە ئېلىپ بارمىسۇن، بۇ توغرا ئەمەستۇر. ئەگەر باشقا كىشى ئۆزى قوشۇلۇۋالسا، ئۆي ئىگىسىنىڭ ئىشىكىگە كەلگەندە: «بۇ كىشى ئۆزى كەلدى، ئەگەر رۇخسەت بولسا كىرسۇن، بولمىسا قايتسۇن» دېسۇن.

بەشىنچى ئەدەپ، مېھمان ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئازراق تائام يەپ بارسۇن، ئاچ قورساق بېرىپ مېھمانلار ئارىسىدا ئاچ كۆزلۈك بىلەن تائام يېمىسۇن، چۈنكى بۇ ياماندۇر.

ئالتىنچى ئەدەپ، ئۆي ئىگىسى قايسى جايغا باشلىسا، شۇ يەردە ئولتۇرسۇن ۋە (ئالدىغا) نېمە كەلتۈرسە شۇنى يېسۇن. ئۆيلىق - بۇياقلارغا كۆز يۈگۈرتۈشتىن ساقلانسۇن. ئۆي ئىگىسىگە يا تائام ياكى باشقا زۆرۈرىيەتلەر ۋەجىدىن ھېچقانداق بۇيرۇق چۈشۈرمىسۇن. ئەگەر بىر - بىرى بىلەن يېقىن بولسا بۇيرۇق چۈشۈرسىمۇ بولىدۇ.

يەتتىنچى ئەدەپ، مېھمانلار بىر - بىرىگە يېمەكلىك بەرمىسۇن. زۆرۈر بولغاندا خىزمەتكار ياكى ئاشپەزگە بەرسە بولىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا بۇلارغىمۇ بەرمىسۇن، قەلەندەرگە، ئىتقا ۋە مۈشۈككىمۇ شۇنداق.

سەككىزىنچى ئەدەپ، تائام ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز زەللە كۆتۈرۈپ قالمىسۇن، چۈنكى تائام يېيىش ئۈچۈن قويۇلغاندۇر. ئەگەر مېھمانلار ئارىسىدا مۇساپىر، موھتاج كىشى بولسا، تائام ئىگىسى ئۇنىڭغا زەللە كۆتۈرگۈزۈپ قويسا جائىزدۇر.

توققۇزىنچى ئەدەپ، داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن، تائام ئىگىسىگە ئاتاپ مۇنداق دۇئايى خەير قىلسۇن «ئى ئاللا، ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرگە بەرىكەت ئاتا قىلغىن. ئۇلارنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلغىن، ئۇلارغا رەھىم قىلغىن.»

ئونىنچى ئەدەپ، تائامدىن كېيىن «تائام يەپ بولساڭلار تارقاپ كېتىڭلار» دېگەن ھۆكۈم بويىچە ئۆي ئىگىسىدىن ئىجازەت سوراپ قايتسۇن، كۆپ سۆزلىشىپ ئولتۇرمىسۇن. ئەمما ئىجازەتسىز قايتمىسۇن.

## ئۈچىنچى پەسىل، يېيىش - ئىچىش ئەدەپلىرىنىڭ بايانى

بۇنىڭدا ئوتتۇز ئەدەپ بار.

بىرىنچى ئەدەپ، تائامنى كۆپ يېمىسۇن تاكى قورساق ئاچمىغۇچە تاماق يېمىسۇن. تائامنى بەك تويۇپ يېمىسۇن، تەبىئىتىدە ئازراق ئاچلىق قېلىپ قالسۇن.

ئىككىنچى ئەدەپ، شۈبھىلىك تائامدىن ئېھتىيات قىلسۇن. ئەگەر زۆرۈرىيەت ۋەجىدىن شۈبھىگە

مۆپتەللا بولسا ئىمكانقەدەر ئاز يېسۇن ۋە كۆڭلىدە پۇشايمان قىلسۇن. شۈبھىلىك تاماق دېگەن ھالال يا ھاراملىقى مەلۇم ئەمەس ۋە ياكى زالىم، پاسىقنىڭ تامىقىدۇر.

ئۈچىنچى ئەدەپ، ئۆز نەپسى ئۈچۈن خادىملاردىن ئايرىم ھالدا ئۆزىگە مەخسۇس لەززەتلىك تائاملارنى تەييار قىلمىسۇن. بەلكى بار بولغان ئاددىي تائام ـ غىزالاردىن تەكەللۇپسىز يەپ قانائەت قىلسۇن.

تۆتىنچى ئەدەپ، ئېسىل، لەززەتلىك تائاملار بەك قىيىنچىلىقسىز، ئاسانلا تەييار بولغان بولسا، ئۇنى يېسە بولىدۇ. گۆشنى دائىم يېمەستىن سۈننەتكە مۇۋاپىق ئارىلاپ يېسۇن. تۆتاش يېمىگەن ۋاقتى قىرىق كۈندىن ئاشمىسۇن. ئەي دەرۋىش، بىلگىنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نىجاسەت يەيدىغان ھايۋانلارنىڭ گۆشى ۋە ئىچكى ئەزالىرىنى ھېچۋاقىت يېمىگەن.

بەشىنچى ئەدەپ، نەچچە تۈرلۈك يېمەكلىك باركى، ئۇلارنى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى ياكى بىرىنى بىرىگە قوشۇپ يېمىسۇن. چۈنكى، بۇ سۈننەتكە خىلاپتۇر ۋە زىيانلىقتۇر: بېلىق بىلەن سۈتنى، سۈت بىلەن ئاچچىق ـ چۈچۈك نەرسىلەرنى، سۈت بىلەن تۇخۇمنى، يەنە سۈت بىلەن گۆشنى، قورۇغان گۆش بىلەن قاينىتىلغان گۆشنى، قورۇتۇلغان گۆش بىلەن يېڭى گۆشنى، ئىككى ئىسسىقلىق نەرسىنى، ئىككى سوغۇقلۇق نەرسىنى، ئىككى يۇمشاق نەرسىنى، ئىككى قاتتىق نەرسىنى، ئىككى قەۋزىيەتلىك نەرسىنى، ئىككى سۈرگۈچى نەرسىنى، بىرى قەۋزىيەتلىك، بىرى سۈرگۈچى نەرسىنى، تېز ھەزىم بولىدىغان غىزا بىلەن ئۇزاقتا ھەزىم بولىدىغان غىزانى بىللە يېمىسۇن، پۇراقلىق تائامنىمۇ يېمىسۇن. چۈنكى، بۇ سۈننەتكە خىلاپتۇر. پىياز بىلەن سامساقنى خام پېتى يېمىسۇن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ مۇنداق يېمەيتتى.

ئالتىنچى ئەدەپ، تائامنى نامازدىن ئىلگىرى يېسۇن. شەرت شۇكى، ناماز ۋاقتى ئۆتۈپ كەتمىگۈدەك بولسا، نەپسى تائامغا بەك تارتىپ تۇرغان بولسا (قورسىقى بەك ئاچ بولسا)، ناماز ئۆتمىگچە تائام بۇزۇلۇپ زايە بولىدىغان بولسا.

يەتتىنچى ئەدەپ، تائامنى ئولتۇرۇپ يېسۇن. ئەي دەرۋىش، بىلگىنكى، بۇ باپتا ئۈچ خىل يوسۇندا ئولتۇرۇش سۈننەتتۇر: بىرىنچى، ئىككى تىزىنى پۈكۈپ (يۈكۈنۈپ) ئولتۇرسۇن، لېكىن ئالدىغا بەك ئېگىلىپ يۈزىنى تۆۋەنگە قارىتىپ قورسىقىنى تىزىغا تەگكۈزۈپ ئولتۇرمىسۇن. ئىككىنچى، ئوڭ تىزىنى كۆتۈرۈپ، چەپ تىزىنى پۈكۈپ ئولتۇرسۇن. ئۈچىنچى، ئىككى تىزىنى كۆتۈرۈپ قورسىقىغا يېپىشتۇرۇپ ئولتۇرسۇن. يەنە بىر سۈننەت شۇكى، تائامغا ئولتۇرغاندا ئۆتۈك، كالاچلىرىنى سېلىۋەتسۇن، ئېتەك ۋە يەڭنى تۈرسۇن.

سەككىزىنچى ئەدەپ، تائامنى داستىخان ئۈستىگە قويۇپ يېسۇن. پۇتى يەردىن بەك ئېگىز بولغان شىرەلەرنىڭ ئۈستىگە تائام قويۇپ يېيىش مەكرۇھدۇر. ئەگەر يەردىن ئانچە ئېگىز بولمىسا دۇرۇستۇر. ئەي دەرۋىش بىلگىنكى، ئېگىز شىرەلەر ئۈستىگە تائام قويۇپ يېيىش پادىشاھلارنىڭ ئادىتىدۇر. داستىخان يېيىپ تائام يېمەك ئەجەملەرنىڭ، سۇپرىدا تائام يېمەك ئەرەبلەرنىڭ ئادىتىدۇر.

توققۇزىنچى ئەدەپ، تائام يەيدىغان قاچا ياغاچ يا ساپالدىن بولسۇن. چۈنكى بۇ سۈننەتتۇر. ئالتۇن يا كۈمۈشتىن ياسالغان قاچىلاردا تائام يېمىسۇن، چۈنكى بۇ ھارامدۇر. قەلەي، مىس ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەردىن ياسالغان قاچىلاردا تائام يېيىش مەكرۇھدۇر.

ئونىنچى ئەدەپ، تائامغا ئولتۇرغاندا چوڭلار قول ئۇزارتمىغۇچە قول ئۇزارتمىسۇن. ئەگەر ئۆزى ئولتۇرغانلاردىن چوڭ بولسا، ئولتۇرغانلارنى ئىنتىزار قىلماستىن تائامغا تېزرەك قول ئۇزارتسۇن.

ئون بىرىنچى ئەدەپ، تائام يېيىشكە كىرىشىشتىن ئىلگىرى مۇنداق سالاۋات ئېيتسۇن: «ئى ئاللا،

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە رەھمەت قىلغىن. بىزنىڭ قورسىقىمىزنى پاك قىلغىن ۋە بىزنىڭ ئەخلاقىمىزنى چىرايلىق قىلغىن.» ئاندىن كېيىن «بىسمىللا» دەپ باشقىلارنى ئاگاھلاندۇرماق ئۈچۈن تائام يېيىشنى تۇز بىلەن باشلىسۇن. تۇزنى قولغا ئېلىشتا: «ئاللانىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللانىڭ رەھمىتى بولسۇن» دېسۇن ۋە ئاخىرىدىمۇ تۇز بىلەن تۈگەتسۇن. ئەگەر بىر كىشى باشتا «بىسمىللا» دېيىشنى ئۇنتۇسا، تاماق ئوتتۇرىسىدا ياكى ئاخىرىدا يادىغا كەلسىمۇ «بىسمىللا» دېسۇن.

ئون ئىككىنچى ئەدەپ، ئېھتىيات بىلەن يەپ ئىچسۇن، ئېيتىمدۇركى: ھەر لوقما تائامدا «ئاللا بارلىق مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلغۇچىدۇر» دېسۇن. شۇنداق قىلسا ئىسمى مۇبارەكنىڭ نۇرانە سۈپەتلىرى بىلەن يېقىن ۋە بىردەك بولغۇسى. چۈنكى «مۇقەۋۋىم» بولسا ھەقىقەتەن پاك ۋە يۈكسەك تەڭرىدۇر. دېمەك، تائام «مۇقەۋۋىم» ئەمەس.

ئون ئۈچىنچى ئەدەپ، تائامنى ئوڭ قول بىلەن يېسۇن ۋە ئىچسۇن. يەنە ئۈچ بارماق يەنى باش بارماق، ئۇنىڭ يېنىدىكى كۆرسەتكۈچ بارماق ۋە ئوتتۇرا بارماق بىلەن تائام يېسۇن. نامسىز بارماق بەزى - بەزىدە قوشۇلسىمۇ بولىدۇ، بۇ سۈننەتكە خىلاپ ئەمەس. لېكىن، ئىككى بارماق بىلەن تائام يېيىش مەنئىدۇر.

ئون تۆتىنچى ئەدەپ، تائامنى ئۆز ئالدىدىن يېسۇن، ئەمما مېۋىلەرنى ھەرقايسى تەرەپتىن ئېلىپ يېسىمۇ بولىدۇ.

ئون بەشىنچى ئەدەپ، نان ۋە نان ئۇۋاقلىرىنى قەدىرلىسۇن، ناننى ئىككى قول بىلەن سۇندۇرسۇن. گەرچە ئۇ ناننى ئۆزى يېسىمۇ قولىدىكى ياغ يۇقۇندىسىنى نانغا سۈرتمىسۇن. ئاغزىدىن ياكى قولىدىن چۈشكەن نان ئۇۋاقلىرىنى ۋە باشقا دانلارنى دەرھال تېرىپ يېيىش كۆپ خاسىيەتلىك ئىشتۇر. ئۇنى تاشلىۋېتىش تەكەببۇرلۇق ۋە مەنمەنلىكتۇر.

ئون ئالتىنچى ئەدەپ، تائام يېگەندە ئاچ قورساق بولسىمۇ تېز ۋە ئالدىراپ - سالدىراپ يېمىسۇن. ئۇنداق تائام يېيىشنى ئاچ كۆزلۈك دەيدۇ. ئۇ كۆڭۈلنىڭ قاتتىقلىقىغا ۋە كورلۇقىغا سەۋەب بولىدۇ، بەلكى كۆڭۈلنى ئۆلتۈرىدۇ.

ئون يەتتىنچى ئەدەپ، تائامنى ئېغىزغا چوڭمۇ ئەمەس، كىچىكمۇ ئەمەس، ئوتتۇرا ھال مىقداردا سالسۇن. ئاغزىدىكى لوقمىنى ئوبدان چايناپ، ئاستا يۇتسۇن. تائام قىزىق بولسا پۈۋلىمىسۇن، سوۋۇغىچە سەۋر قىلسۇن. ئاغزىنى تائامغا ھەددىدىن زىيادە چوڭ ئاچمىسۇن ۋە تائامنى ئوڭ تەرەپ چىشى بىلەن چاينىسۇن، چۈنكى بۇ سۈننەتتۇر. ئەگەر ئوڭ تەرەپتە چىش ئاغرىقى ياكى باشقا ئۆزرىسى بولسا، چەپ تەرەپتىكى چىش بىلەن چاينىسىمۇ بولىدۇ. تاكى ئاغزىدىكى تائامنى يۇتۇپ بولمىغۇچە قولىنى تائامغا ئۇزارتمىسۇن. چىشلىگەن تائامنى يەنە قاچىدىكى تائامغا قويمىسۇن، تائام قىزىق بولسا سەل ساقلاپ تۇرسۇن. تائام يۇقى قولىنى قاچا - تاۋاقلارغا سىلكىمىسۇن. ياغلىق تائامنى ياكى گۆش پارچىسىنى سىركىگە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرگە چۆكۈرمىسۇن، بەلكى ئالدى بىلەن قورۇق تائامنى سىركىگە چۆكۈرۈپ، گۆشنى ئۇنىڭ ئۈستىگە قويۇپ يېسۇن. ئۇستىخاندىن يىلىكىنى چىقىرىشتا، ئۇستىخاننى نانىنىڭ ئارقىسىغا ياكى يۈزىگە، يا قاچىنىڭ گىرۋىكىگە، ياكى داستىخانغا قاتتىق ئۇرمىسۇن.

ئون سەككىزىنچى ئەدەپ، تائام ئۈستىدە باشتىن - ئاخىرغىچە ھوشيار بولسۇن، خامۇش بولمىسۇن. چۈنكى، بۇ مەكرۇھ ۋە مەنئىدۇر. شۇنداقلا بۇ مەجۇسىيلار ۋە ھايۋانلارنىڭ خىسلىتىدۇر. تائام ئۈستىدە ۋەھىمىلىك سۆزلەرنى دېمىسۇن.

uyghurkitap.com

ئون توققۇزىنچى ئەدەپ، ئىمكان بولسىلا تائامنى يالغۇز يېمىسۇن، تائامغا قانچە كۆپ قول جەم بولسا، بەرىكەتكە سەۋەبچىدۇر.

يىگىرمىنچى ئەدەپ، سۆھبەت ئەھلىگە تاكى سۆھبەت ئاخىرلاشقۇچە ئۇلپەت بولسۇن، ئەگەر زۆرۈرىيەت بولمىسا داستىخان يىغىلمىغۇچە ئورنىدىن تۇرمىسۇن.

يىگىرمە بىرىنچى ئەدەپ، ئەگەر تائام ئۈستىدە كېسەل كىشىلەر بىلەن ھەمتاۋاق بولۇپ قالسا جۈملىدىن جوزام (ماخاۋ)، بەرەس (پېسە)، قوتۇر قاتارلىق كىشىلەر بىلەن تەۋەككۇل قىلىش مۇمكىن بولسىلا ئۇلاردىن پەرھىز قىلمىسۇن ۋە: «ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئاللاغا ئىشەنچ باغلايمەن ۋە ئاللاغا تەۋەككۇل قىلىمەن» دېسۇن. ئەگەر تەۋەككۇل قىلىشقا مۇمكىنچىلىكى بولمىسا پەرھىز قىلىش ئەلادۇر. ئۇلارغا ئارىلىشىش شەرتمۇ شۇنداق.

يىگىرمە ئىككىنچى ئەدەپ، ياخشىراق تائامنى ھەمتاۋىقى ۋە ھەمراھىغا قويسۇن، ئۆزى ئاڭا قول ئۇزارتمىسۇن. بۇ ئىنئام قىلىش بولۇپ، بۇنىڭ ساۋابى كۆپتۇر.

يىگىرمە ئۈچىنچى ئەدەپ، ئەگەر گۆش يۇمشاق پىشقان بولسا، ئۇنىڭغا پىچاق ئۇرماي، قول بىلەن پارچىلىسۇن. چۈنكى بۇ سۈننەتتۇر.

يىگىرمە تۆتىنچى ئەدەپ، يېمىش يېمەكچى بولغاندا تاق سان بويىچە يېيىشكە رىئايە قىلسۇن، جۈملىدىن ئەگەر خورما ياكى ئەنجۈر ۋە ياكى سامبۇسا بىلەن چۆچۈرە يېمەكچى بولسا بىر، ئۈچ، يەتتە... گە ئوخشاش تاق سان تەرتىپىدە يېسۇن. (چوقۇمكى، ئاللاتائالا تاقتۇر، تاقنى ياخشى كۆرىدۇ) ۋە قوشۇق بىلەن تائام يېگەندىمۇ قوشۇق بىلەن ئېلىش قېتىم سانىنىڭ تاق بولۇشىغا ئەمەل قىلىش ياخشىدۇر. ئەگەر ئىككى كىشى بىر قاچا تائامغا شېرىك بولسا، ھەرقايسىسى بىر قوشۇقتىن ياكى ئۈچ قوشۇقتىن ئىچسۇن ۋە ئەگەر تەنھا بولسا قوشۇقنى تاقتا تۈگەتسۇن. يەنە قوشۇقنى كۆپ تولدۇرۇپ ئىچمىسۇن. بۇ ئاچ كۆزلۈكنىڭ ئالامىتىدۇر. بەك ئاز ـ ئازمۇ ئىچمىسۇن. بۇ تەكەببۇرلۇقنىڭ ئالامىتىدۇر. بەلكى ئوتتۇرا ھال ئىچسۇن ۋە يەنە ئېھتىيات قىلسۇنكى، قوشۇقتىكى شورپا ياكى ئاش داستىخانغا ياكى كىيىملەرگە تېمىپ كەتمىسۇن. قوشۇقتىكى ئاشنىڭ يېرىمىنى ئىچىپ، قالغىنىنى قاچىدىكى ئاشقا ياندۇرمىسۇن. قوشۇق بىلەن ئاش ئىچكەندە چارپاي (ھايۋان) لارغا ئوخشاش ئاغزىنى قاچىغا بەك يېقىن كەلتۈرمىسۇن ھەم ئاغزىنى بەك يوغان ئاچمىسۇن، قوشۇقنى ئاغزىنىڭ ئىچىگە تىقمىسۇن. ئاش ئىچكەندە شالاپلىتىشقا ئوخشاش يېقىمسىز ئاۋاز چىقارمىسۇن. قوشۇقنى قاچىنىڭ گىرۋىكىگە قاتتىق ئۇرمىسۇن. قوشۇقنى قاچىغا دۈم قىلىپ قويسۇن، چۈنكى تائامنىڭ تامچىلىرى قالغان بولسا ئۇنىڭغا تېمىپ كەتمىسۇن.

يىگىرمە بەشىنچى ئەدەپ، تاماقتىن كېيىن بارماقلىرىنى يالىۋەتمەستىن قولىنى يۇمىسۇن. قولىنى داستىخانغا ئېرتمىسۇن. چۈنكى، بۇ مەكرۇھدۇر. بارماقنى يالاشنىڭ ئۇسۇلى مۇنداق. ئاۋۋال ئوتتۇرا بارماقنى، ئاندىن باش بارماق يېنىدىكى كۆرسەتكۈچ بارماقنى، ئۇنىڭدىن كېيىن باش بارماقنى يالىسۇن.

يىگىرمە ئالتىنچى ئەدەپ، ئەگەر شۆپەكلىك ياكى ئۇرۇقى بار مېۋىلەرنى يېمەكچى بولسا، ئەدەپ شۇكى، ئۇنىڭ شۆپىكى ۋە ئۇرۇقلىرىنى يېيىلمىگەن مېۋىگە قوشۇپ قويماي، بەلكى يىراقراق يەرگە قويسۇن. ئەگەر ئولتۇرۇش قىلغان ئورۇن تار بولۇپ، ئۇنى يىراقراق تاشلاشقا ئىمكان بولمىسا، قولىياغلىق ياكى بىرەر لاتىنىڭ بۇرجىكىگە يىغىپ ساقلىسۇن ۋە تۇتسۇن. ئەگەر قولىياغلىق بولمىسا بۇلارنى سول قولىغا يىغىپ ساقلىسۇن، پۇرسەت تاپسا ئۇنى سول تەرەپتىكى ئورۇنغا تاشلىسۇن. تاشلىغاندا ئېھتىيات قىلسۇنكى، ئۇ يەردە كالاچ ـ كېپىش بولۇپ قالسا ئىچىنى بۇلغاپ قويمىسۇن.

يىگىرمە يەتتىنچى ئەدەپ، يېڭى مېۋىگە ئېرىشكەن ۋاقىتتا بەرىكەت دۇئاسى قىلىپ: «ئى ئاللا، بىز ئۈچۈن بىزنىڭ مېۋىلىرىمىزدە بەرىكەت ئاتا قىلغىن ۋە بىز ئۈچۈن دىنىمىزدا بەرىكەت ئاتا قىلغىن. بىز ئۈچۈن تارازا ئۆلچەملىرىمىزدە بەرىكەت ئاتا قىلغىن» دېسۇن. ئاندىن كېيىن بىر كىچىك بالىنى چاقىرىپ ئۇنىڭ قولىغا مېۋىدىن بەرسۇن. يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىپتۇركى، يېڭى مېۋە قولىغا تەگكەن ۋاقىتتا كۆزىگە سۈرتسۇن ۋە سۆيسۇن. چۈنكى، بۇنداق قىلىش سۈننەتتۇر. ئاندىن كېيىن: «ئى ئاللا، بىزگە ئۇ مېۋىنىڭ ئەۋۋىلىنى كۆرسەتكەندەك ئاخىرىنىمۇ كۆرسەتكىن» دېسۇن. ئاندىن كېيىن بىر كىچىك بالىغا مېۋىدىن بەرسۇن.

يىگىرمە سەككىزىنچى ئەدەپ، تائامدىن كېيىن پاكىز ۋە ئىنچىكە ياغاچ بىلەن چىشىنى كولىسۇن. ئەي دەرۋىش، بىلگىنكى، چىش ئارىسىدىن تىلى بىلەن چىقارغان تائامنى يېيىش مەكرۇ ئەمەس. ئەمما، چىش كولىغۇچ بىلەن چىقىرىلغان تائامنى تاشلىۋېتىش كېرەك. چۈنكى، ئۇنى يېيىش مەكرۇدۇر. چىشقا زەرەر يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن ئۇنى كولاۋەرمىسۇن. چىش كولىغۇچنى تەقسىم قىلىشتا خىزمەتچىلەر ئۈچۈن ئەدەپ شۇكى، چىش كولىغۇچنىڭ ئۇچىنى ئوتتۇرا بارمىقى بىلەن چىمچىلاق بارمىقى يېنىدىكى نامسىز بارماقنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ، ئولتۇرۇش ئەھلىگە سۇنسۇن. چىش كولىغۇچنى ئالغۇچى كىشى ئوڭ قولىنىڭ ئارقىسى بىلەن ئالسۇن. ئالغان ۋاقىتتا «ئاللا ياخشىلىقتىن بېشارەت بەرگەي» دەپ دۇئا قىلسۇن.

يىگىرمە توققۇزىنچى ئەدەپ، تائامدىن ئىلگىرى ھەم تائامدىن كېيىن قولىنى يۇسۇن. تائامدىن ئىلگىرى قول يۇيۇش تەرتىپى شۇنداقكى، ئىككى تىزى بىلەن ئولتۇرسۇن ۋە ئىككى بىلىكىنى ئىككى تىزىنىڭ ئوتتۇرىغا قويسۇن. ئاندىن كېيىن ئىككى قولىنىڭ ئۇچىنى بوغۇمىغىچە چىلاپچا ئىچىگە تۆتۈپ يۇسۇن. يۇغان قولىنى چىلاپچىغا سىلكىمىسۇن، كۆرپە ۋە كىيىم ــ كېچەكلەرگە چاچراتمىسۇن. تائامدىن كېيىن قول يۇغاندا ئاغزىنى چىلاپچىغا چايقىمىسۇن. چۈنكى، بۇنداق قىلىش مېھمانلارنى يىرگەندۈرىدۇ. قولىنى يۇغاندىن كېيىن پاكىز لاتىغا سۈرتسۇن ۋە قولىغا سۇ بەرگۈچىگە خەيرلىك دۇئا قىلىپ: «ئاللاتائالا سېنى گۇناھتىن پاك قىلسۇن» دېسۇن. «ئىسلام شەرئىتى» ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: سۇ بەرگۈچىگە ئەدەپ شۇكى، تائامدىن ئىلگىرى ئالدى بىلەن ئوڭ قول تەرەپتىن باشلاپ ئولتۇرۇش ئەھلىنىڭ كىچىكلىرىنىڭ قولىغا سۇ بەرسۇن. ئاندىن ئوڭ تەرەپتىن باشلاپ پۈتۈن مەجلىس ئەھلىنىڭ قولىغا سۇ بەرسۇن. تائامدىن كېيىن ئالدى بىلەن مەجلىس ئەھلىنىڭ چوڭلىرىنىڭ قولىغا سۇ بەرسۇن، ئاندىن كېيىن شۇ تەرتىپتە ئوڭدىن سولغا قاراپ ھەممەيلەنگە سۇ بەرسۇن. يەنە بىر ئەدەپ شۇكى، ھەممەيلەننىڭ قولىغا سۇ بېرىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن چىلاپچىنى ئوتتۇرىدا قويماي، سىرتقا ئاچىقىپ سۇيىنى تۆكۈۋەتسۇن. ئەگەر ئارىلىقتا چىلاپچا توشۇپ قالسا، ئاچىقىپ تۆكۈۋەتسىمۇ بولىدۇ. يەنە بىر ئەدەپ شۇكى، سۇنى ئېھتىيات بىلەن قۇيسۇن. ئۇنىڭ تامچىلىرى كىگىز، كۆرپىلەرگە، باشقىلارنىڭ كىيىم ــ كېچىكىگە چاچرىمىسۇن ۋە يەنە ھەربىر ئادەمگە ئۈچ قېتىمدىن سۇ قۇيغايكى: ئەۋۋەل ئازراق، ئىككىنچى قېتىمدا ئۇنىڭدىن كۆپرەك، ئۈچىنچى قېتىمدا ئۇزۇلدۇرمەي قۇيسۇن.

ئوتتۇزىنچى ئەدەپ، تائامدىن پارىغ بولغاندىن كېيىن مۇنداق ھەمدۇسانا ئېيتسۇن: «جىمى ھەمدۇسانالار مېنىڭ كۈچ ــ قۇۋۋىتىمسىز ماڭا بۇ تائامنى ــ رىزقىنى بەرگەن ئاللاغا خاستۇر» ياكى «جىمى ھەمدسانا ئاللاتائالاغا خاستۇركى، ئاللاتائالاغا كۆپلەپ ھەمدۇسانا ئوقۇيمەن» ۋە ياكى «جىمى ھەمدۇسانالار بىزگە ئېھسان قىلغان ۋە بىزنى ھىدايەت قىلغان ۋە بىزنى تائام بىلەن تويغۇزغان، سۇ بىلەن سۇغارغان، بارچە ياخشىلىقنى بىزگە ئاتا قىلغان ئاللاتائالاغا خاستۇر» دېسۇن، ياكى « جىمى

ھەمدۇسانالار بىزگە تائام بەرگەن ۋە بىزنى سۇغارغان ۋە بىزنى مۇسۇلمانلارنىڭ قاتارىدىن قىلغان ئاللاتائالاغا خاستۇر» دېسۇن، ئاندىن كېيىن مەجلىس ئەھلى ئىچىدىكى چوڭلارنىڭ باشلىنىشى بىلەن دۇئا قىلىپ: «ئى ئاللا، بۇ تائام ئىگىسىنىڭ ۋە بۇ تائامنى يېگۈچىنىڭ ۋە بۇ تائامنىڭ سەۋەبكارلىرىنىڭ ۋە مۇئمىن ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ھەممىسىنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلغىن. جىمى ھەمدۇسانالار ئەۋۋەلدىمۇ ۋە ئاخىرىدىمۇ ئاللاغىلا خاستۇر» دېسۇن.

## توّتىنچى پەسل، سۇ ئىچىش ئەدەپلىرىنىڭ بايانى

بۇنىڭدا ئون بىر ئەدەپ بار.

بىرىنچى ئەدەپ، سۇنى ئولتۇرۇپ ئىچسۇن، ئەگەر توسالغۇ بولسا ئۆرە تۇرۇپ ئىچسىمۇ بولىدۇ.

ئىككىنچى ئەدەپ، زەمزەم سۈيى، تاھارەتتىن ئاشقان سۇ ۋە باشقىلار تۇتقان سۇنى ئۆرە تۇرۇپ ئىچسۇن.

ئۈچىنچى ئەدەپ، سۇنى ئۈچ نۆۋەت نەپەس ئېلىپ ئىچسۇن ۋە ھەر نەپەستە قاچىنى ئاغزىدىن يىراق تۇتسۇن. بىرىنچى نەپەستە بىر يۇتۇم، ئىككىنچى نەپەستە ئۈچ يۇتۇم، ئۈچىنچى نەپەستە بەش يۇتۇم ئىچسۇن. ئەمما، ھەممىنى بىراقلا سۈمۈرمىسۇن. چۈنكى، بۇنداق قىلىش مەكرۇھدۇر.

توّتىنچى ئەدەپ، تىنىقىنى سۇغا چىقارمىسۇن.

بەشىنچى ئەدەپ، ئۈچ نۆۋەتلىك نەپەسنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئەۋۋىلىدە «بىسمىللا» ۋە ئاخىرىدا «ئەلھەمدۇلىللا» دېسۇن. «ئېھيائۇلئۇلۇم»دا كەلتۈرىدۇكى، سۇ ئىچكەندىن كېيىن بۇ ھەمدۇسانانى ئېيتسۇن: «جىمى ھەمدۇسانالار بىز ئىچكەن بۇ سۇنى تاتلىق سۇ قىلغان ۋە ئۇنى بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز سەۋەبلىك تۇزلۇق قىلىپ قويمىغان ئاللاتائالاغا خاستۇر.»

ئالتىنچى ئەدەپ، سۇ ئىچىشتىن ئىلگىرى قاچىدىكى سۇنى ياخشى كۆزەتسۇن، ئۇنىڭغا ئەخلەت ياكى باشقا نەرسىلەر چۈشۈپ قالغان بولمىسۇن. سۇ ئىچكەندە يەنە ئېھتىيات قىلسۇنكى، كۆرپە ياكى كىيىملەرگە سۇ تېمىپ كەتمىسۇن. ئەگەر قاراڭغۇ كېچە بولسا قاچىنىڭ لېۋىگە بىر پارچە يۇپقا لاتىنى تۇتۇپ، سۈزۈپ ئىچسۇن. ھەزرىتى ئىبنى ئابباس (ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) شىشىدىن سۇ ئىچىشنى ياخشى كۆرەتتى. چۈنكى، سۇدىكى ئەخلەت ۋە باشقا نەرسىلەر شىشىدىن ئېنىق كۆرۈنىدۇ.

يەتتىنچى ئەدەپ، ئاغزى يا قولى ياغ يۇقى بولسا ئۇنىڭ بىلەن كوزا ياكى سۇ قاچىسىنىڭ سىپىنى تۇتۇپ پاسكىنا قىلمىسۇن. ئەگەر زۆرۈرىيەت بولۇپ تۇتۇشقا توغرا كەلسە چىمچىلاق، ياكى نامسىز بارماق بىلەن تۇتسا بولىدۇ. ئەگەر سۇ قاچىسىنىڭ سىپى بولمىسا، ئەۋۋەل قولى ۋە ئاغزىنى پاكىز قىلىپ ئاندىن سۇ ئىچسۇن.

سەككىزىنچى ئەدەپ، قاچىنىڭ پۇچۇلۇپ كەتكەن يېرىدىن سۇ ئىچمىسۇن. چۈنكى، ئۇنداق يەردە كىر يىغىلىپ قالغان بولىدۇ. ئېرىق ۋە كۆلچەكلەردىن دۈم يېتىپ سۇ ئىچمىسۇن. چۈنكى، بۇنداق قىلىش مەكرۇھدۇر. بۇ ھايۋانلارنىڭ قىلىقىدۇر. بۇنداق قىلغاندا سۇدىكى زىيانلىق نەرسىلەرنىڭ ئېغىزدىن كىرىپ كېتىش ئېھتىمالى بار.

توققۇزىنچى ئەدەپ، ئۆزى قويۇپ بېرىۋاتقان ئەھۋالدا شەربەت ياكى سوغۇق سۇغا قانچە تەشنا بولسىمۇ، ئاۋۋال ئۆزى ئىچمەستىن، ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغانلارغا بەرسۇن. چۈنكى، بۇ ئىنئام بولۇپ، ساۋابى ھېسابسىزدۇر. ھەدىس شەرىفتە: «مېھمان ئالدىدىكى ساقىي ئۆز مېھمانلىرىنى قاندۇرغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆزىنى قاندۇرۇشى كېرەك» دېيىلگەن.

ئۈچىنچى ئەدەپ، سۆ بەرگەندە قاچىنى ئالدى بىلەن ئوڭ تەرەپتىكى كىشىگە ئۇزارتسۇن. گەرچە سول تەرەپتە ئۇلۇغ كىشى بولغان تەقدىردىمۇ، «ئوڭ تەرەپتىن باشلاش» توغرىسىدىكى ھەدىس شەرىف بويىچە ئوڭ تەرەپتىكىلەرگە ئۇزارتسۇن.

ئون بىرىنچى ئەدەپ، (سۇنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن) سۆ بەرگۈچىگە: «ئى ئاللا، ئۇنىڭ ياشلىقىنى خەيرلىك قىلغىن» ياكى : «ئۇنىڭ مۇشكۇلىنى ئاسان قىلغىن» دېگەنگە ئوخشاش ياخشى دۇئالارنى قىلسۇن.

## ئۈچىنچى پەسىل، سەپەر قىلىش ئەدەپلىرى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار ئىشلارنىڭ بايانى

بۇنىڭدا يىگىرمە توققۇز ئەدەپ بار.

بىرىنچى ئەدەپ، سەپەر قىلغۇچى سەپەر قىلىشتا ھەج قىلىش، زالىملارغا قارشى تۇرۇش، ئىلىم تەلەپ قىلىش، مۇقەددەس يەرلەرنى زىيارەت قىلىش، ئۆلىمالارنىڭ ۋە كەشپ - كارامەت ئىگىلىرىنىڭ سۆھبىتىگە بېرىش، ياراتقان ئاجايىپ شەيئىلىرنى كۆرۈش، ئائىلە ۋە بالا - چاقىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش نىيىتىدە تىجارەت قىلىشقا ئوخشاش ئىشلارنى نىيەت قىلسۇن. ئاندىن كېيىن «ئىشلاردا ئۇلارغا مەسلىھەت سالغىن» دېگەن ھۆكۈم بويىچە بىرەر دانا كىشىگە مەسلىھەت سالسۇن.

ئىككىنچى ئەدەپ، مەسلىھەت سالغاندىن كېيىن ئەگەر سەپەر قىلىشقا مەسلىھەت بېرىلسە ئىستىخارە قىلسۇن. ئىستىخارە قىلىش ئۇسۇلى مۇنداق: «ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسۇن، ئەۋۋەلقى رەكئەتتە فاتىھەدىن كېيىن قۇليا ئەييۇھەل كافىرۇننى، ئىككىنچى رەكئەتتە فاتىھەدىن كېيىن قۇلھۇۋەللاھۇ ئەھەدنى ئوقۇسۇن ۋە سالام بەرگەندىن كېيىن دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ: «ئى ئاللا، مۇشۇ ئىشتا قانداق قىلسام ياخشى بولىدىغانلىقىنى سېنىڭ ئىلمىڭ بىلەن سورايمەن. شۇنداق قىلىشقا قۇدرىتىڭ بىلەن كۈچ - قۇۋۋەت بېرىشىڭنى تىلەيمەن. سېنىڭ ئۇلۇغ پەزلىڭدىن سورايمەن. سەن ھەممىگە قادىرسەن، مەن قادىر ئەمەسمەن. سەن ھەممىنى بىلىسەن، ھەممە غايىب ساڭا ناھايىتى ئوچۇق. ئى ئاللا، ئەگەر بۇ ئىش مېنىڭ دىنىم ۋە دۇنيالىقىم ئۈچۈن خەيرلىك بولسا، ئۇ ئىشنى ماڭا نېسىپ قىلغىن، ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگىن ۋە ماڭا ئۇ ئىشتا بەرىكەت بەرگىن. ئەگەر بۇ ئىش مېنىڭ دىنىم ۋە دۇنيالىقىم ئۈچۈن زىيانلىق بولسا، بۇ ئىشنى مەندىن ۋە مېنى بۇ ئىشتىن يىراق قىلغىن» دېسۇن. دۇئادىن كېيىن ئەگەر كۆڭلىدىن ياخشى ئالامەتلەر كەچسە، سەپەرگە كىرىشسۇن.

ئۈچىنچى ئەدەپ، ئاتا - ئانىسى ۋە يۇرت چوڭلىرىغا ۋەسىيەت قالدۇرسۇن ھەم ئۇلارنىڭ رۇخسىتىنى ئالسۇن. سەپەرگە مۇۋاپىق كۈنلەردە چىقسۇن، پەيشەنبە كۈنى خوپراقتۇر. ئەگەر شەنبە يا دۈشەنبە، يا چارشەنبە كۈنى سەپەر قىلسىمۇ مۇۋاپىقتۇر. يەنە كىشىلەرنىڭ ھەققى بولسا، ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىۋەتسۇن. ئايالى ۋە قېرىنداشلىرى، دوست - يارەنلىرى ۋە يۇرت چوڭلىرى بىلەن خوشلىشىپ ئۇلاردىن خەيرلىك دۇئا تەلەپ قىلسۇن. ئۆيدىن چىقىش ئالدىدا ئۆيدىكىلەرگە قاراپ: «سىلەرنى ئاللاغا تاپشۇرىمەن، چۈنكى ئاللاغا تاپشۇرغان ئىش زايە بولۇپ كەتمەيدۇ» دېسۇن.

تۆتىنچى ئەدەپ، خوشلىشىش ۋاقتىدا شەھەردە قالغۇچىلار سەپەرداشلىرىغا: «سېنىڭ دىنىڭنى، ئامانىتىڭنى ۋە ئىشلىرىڭنىڭ ئاخىرىنى ئاللاغا تاپشۇرىمەن» دېسۇن. بۇ كەلىمىلەرنىمۇ ئېيتسۇن: «ئاللا ساڭا تەقۋادارلىقنى ئوزۇق قىلىپ بەرگەي، سېنى ياخشىلىققا يۈزلەندۈرگەي ۋە سېنىڭ مۇھىم ئىشلىرىڭغا كېپىل بولغاي.» ھەجدىن قايتىپ كەلگەن كىشى بىلەن كۆرۈشكۈچىلەر ئۇنىڭغا: «ئى پالانى، ئاللا سېنىڭ قىلغان ھەججىڭنى قوبۇل قىلغاي ۋە سېنىڭ گۇناھىڭنى مەغپىرەت قىلغاي.

سېنىڭ قىلغان چىقىملىرىڭنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بەرگەي» دېسۇن.

بەشىنچى ئەدەپ، سەپەرگە مېڭىش ئالدىدا ئىككى رەكئەت ناماز ئۆتىسۇن. ئەۋۋەلقى رەكئەتتە فاتىھەدىن كېيىن قولياﺋەييۇھەل كافىرۇننى، كېيىنكى رەكئەتتە قۇلھۇۋەللاھۇ ئەھەدنى ئوقۇسۇن.

ئالتىنچى ئەدەپ، نامازدىن كېيىن ئايەتەلكۇرسى بىلەن لىئىلاف قۇرەيشىنى ئوقۇغايكى، سەپەردە تۈرلۈك خەتەرلەردىن ئامانلىق تاپقۇسى. چۈنكى، بۇ مۇستەھەپتۇر. خاسىيىتى شۇكى، سەپەرنىڭ خەتەرلىرىدىن ئامان بولغۇسى. ئورنىدىن تۇرغاندا بۇ دۇئانى ئوقۇسۇن: «ئى ئاللا، ماڭا تەقۋادارلىقنى ئوزۇق قىلغىن، مېنىڭ گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن، قايسى تەرەپكە يۈزلەنسەم، ماڭا ياخشىلىقنى يۈزلەندۈرگىن.»

يەتتىنچى ئەدەپ، ئاتقا مىنگەن ۋاقىتدا بۇ تەسبىھنى ئېيتسۇن: «بىزگە بۇ (ئات) نى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ئاللاتائالا پاكتۇر، بىز بۇ (ئات)نى بويسۇندۇرغۇچى ئەمەس ئىدۇق، چوقۇمكى، بىز پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىگە قايتقۇچى.» ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ مەرتەم تەكبىر ئېيتىپ، بۇ كەلىمىلەرنى ئوقۇسۇن: «ئى ئاللا، چوقۇمكى، بىز بۇ قورۇقلۇقتا قىلغان سەپىرىمىزدە سەندىن تەقۋادارلىقنى ۋە سەن رازى بولىدىغان ئەمەلنى سورايمىز. ئى ئاللا، بىزنىڭ بۇ سەپىرىمىزنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگىن ۋە ئۇنىڭ يىراقلىقىنى يېقىنلاشتۇرۇپ بەرگىن. ئى ئاللا، سەن سەپەردە ھەمراھ بولغۇچىسەن ۋە ئائىلىدە ئىزباسار ئاتا قىلغۇچىسەن. ئى ئاللا، چوقۇمكى، مەن سەن بىلەن سەپەرنىڭ مۇشەققىتىدىن ۋە قايتىدىغان ئورۇننىڭ خاپىلىقىدىن، مال ۋە ئائىلىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن.»

سەككىزىنچى ئەدەپ، ئات مىنسە، بىرىنچى باب تۆتىنچى پەسىل ئىككىنچى ئەدەپتە زىكرى قىلىنغان دۇئانى ئوقۇسۇن. سەپەردە دەريالاردا كېمىگە ئولتۇرغان ۋاقىتدا بۇ ئايەتنى ئوقۇسۇن: «كېمىنىڭ سۇغا چۆشۈرۈلۈشى ۋە مېڭىشى ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن بولىدۇ. مېنىڭ پەرۋەردىگارىم چوقۇم مەغپىرەت قىلغۇچى مېھرىبان زاتتۇر.»

توققۇزىنچى ئەدەپ، ئاتنى مىنىپ ماڭىدىغان ۋاقىتدا بۇ دۇئانى ئوقۇسۇن (تەرجىمىسى): «ئى ئاللا، سەن سەپەردە ئىگە بولغۇچى ۋە ئائىلىدە ئىزباسار ئاتا قىلغۇچى. ئى ئاللا، چوقۇم مەن سەن بىلەن سەپەرنىڭ مۇشەققىتىدىن ۋە قايتىدىغان ئورۇننىڭ مۇشەققىتىدىن، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارنىڭ ۋە ئائىلە ھەم مالنىڭ يامانلىقىدىن (ئۇلارغا كېلىدىغان يامانلىقلاردىن) پاناھ تىلەيمەن.»

ئونىنچى ئەدەپ، يولدا ھەرقانداق ئېگىزلىككە چىققاندا: «ئاللاھۇ ئەكبەر، يەنى ئاللا ھەممىدىن بۈيۈكتۇر» دەپ ئىچىدە تەكبىر ئېيتسۇن.

ئون بىرىنچى ئەدەپ، يولدا كېچىسى كۆپرەك يۈرسۇن. چۈنكى، ئۇزۇن مەنزىللەرنى كېچىسى يۈرۈپ تۈگەتمەك ئاسان بولىدۇ. كېچىسى يۈرگەندە، خالىسا بىرەر سائەت توختاپ ئارام ئالسۇن. ئەمما، يول ئۈستىگە ئەمەس، يولدىن چەترەك يەرگە چۈشسۇن. چۈنكى، يول ئۈستىدە كېچىسى زىيانداش جانىۋارلار كۆپ بولىدۇ.

ئون ئىككىنچى ئەدەپ، چۈشكۈن قىلغاندا، زىيان ــ زەخمەتلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن بۇ دۇئانى ئوقۇسۇن: «قاراڭغۇلۇقنى بىلەن كىرگەن كېچىنىڭ بارچە زىيانلىرىدىن ئاللاغا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن.» شۇنداق قىلسا چۈشكۈن قىلغان مەنزىلدىن كۆچكىچە ھېچنەرسە ئۇ كىشىگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.

ئون ئۈچىنچى ئەدەپ، ئەگەر گىرەلەشمە يوللاردا بارىدىغان يولى قايسى ئىكەنلىكىنى بىلەلمىسە، ئوڭ قول تەرەپتىكى يولغا قاراپ يۈرسۇن. چۈنكى، ئوڭ قول تەرەپتىكى يولدا يول كۆرسەتىدىغان پەرىشتە بار. ئەگەر چۆل ــ باياۋانلاردا غۇللار پەيدا بولۇپ، زەخمەت يەتكۈزمەكچى بولسا ئەزان

ئېيتسۇن. چۈنكى، «يولۇچىلارنى ئازدۇرماقچى بولغان غوللار ئەزان ئېيتسا يوقىلىدۇ» دېگەن شەرەپلىك ھەدىسنىڭ تەفرىزاسى بىلەن ئازدۇرغۇچى غوللار ئەزاندىن قاچىدۇ. غول — جىنلارنىڭ بىر گۇرۇھى بولۇپ، ئۇلار سېھىرگەردۇر. غوللار ئادەملەرنى يولدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن باياۋانلاردا پەيدا بولىدۇ. ئۇلار كۆپلۈك مەنىدە «غەيلان»، بىرلىك مەنىدە «غول» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئون تۆتىنچى ئەدەپ، ھېچ ۋاقىت يالغۇز سەپەر قىلمىسۇن، بولۇپمۇ كېچىدە ھەمراھلىرى ئۈچتىن كەم بولمىسۇن.

ئون بەشىنچى ئەدەپ، ئەگەر كۆپ كىشى سەپەرگە چىقسا، مەنزىلگە چۈشكەندە بىر – بىرىگە يېقىن ئورۇنغا چۈشسۇن. ئىلاجى بار بۆلۈنۈپ كەتمەي بىر ئورۇنغا توپلىشىپ ئورۇنلاشسۇن.

ئون ئالتىنچى ئەدەپ، بىر توپ ئادەم ھەمراھ بولۇشۇپ سەپەرگە چىققاندا، ئارىسىدا بىرەر ئالىم، تەقۋادار كىشى بولسا ئۇنى باشلىق قىلسۇن. ئەگەر ئۇنداق كىشى بولمىسا، ھىممەتلىكراقلىرىنى باشلىق قىلسۇن. باشلىق بولغان كىشىگە ئەدەپ شۇكى، ھەمراھلىرىغا مېھىر – شەپقەتلىك بولۇپ خىزمەت قىلسۇن. ھېچبىر خىزمەتنى ئۇلاردىن ئايىمىسۇن. ئۆزى ھۆكۈمرانلىق كۇرسىسىدا ئولتۇرۇۋېلىپ، باشقىلارنى خالىغانچە ئىشقا بۇيرۇمىسۇن.

ئون يەتتىنچى ئەدەپ، يولدا ئاجىزلار ئۇچراپ قالسا، ئىمكانىيىتى بار كىشىلەر ئۇلارنى يولدا قويۇپ كەتمىسۇن. ئۇلارغا ياردەم ۋە مەدەت قىلىپ كارۋانغا يەتكۈزسۇن. ئۇلار بەك ئاجىز بولغانلىقتىن يولدا تۇرۇپ قالغان بولسا تاكى ئۇلار ھەمراھ بولغۇدەك كارۋانغا ئۇلاشمىغۇچە ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ ساقلاپ تۇرسۇن.

ئون سەككىزىنچى ئەدەپ، كىراكەشنىڭ ئۇلىقىغا ئارتۇق يۈك ئارتمىسۇن. يۈك ئارتىش ۋاقتىدا ئۇنى چاقىرىپ كۆز ئالدىدا ئارتسۇن. شۇنداق قىلغاندا ئۇ رازى بولىدۇ. كىراكەشلەرنىڭ قوپال قىلىقلىرىغا ۋە قاتتىق، يىرىك سۆزلىرىگە سەۋر قىلسۇن. دېمەك، مېھىر – شەپقەت يولىنى ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا قولدىن بەرمىسۇن.

ئون توققۇزىنچى ئەدەپ، ئۇلاغلارغا يۈكنى بەك كۆپ ئارتمىسۇن ۋە ئۇلارنى ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇقتا قويمىسۇن. مەنزىلگە چۈشكەندە ئۇلاغلارنىڭ ئۈستىدىكى يۈكنى چۈشۈرمىگۈچە باشقا ئىشقا كىرىشمىسۇن.

يىگىرمىنچى ئەدەپ، سەپەردە ئېھتىياجدىن زىيادە نەرسىنى ئالمىسۇن، زۆرۈر نەرسىلەرنى ئېلىش بىلەنلا قانائەت قىلسۇن. ئۇلۇغلار ئېيتىپتۇركى، سەپەردە لازىم بولىدىغان زۆرۈر نەرسىلەرنىڭ بىرى ئەۋرەتنى ياپقىلى بولغۇدەك ھالدىكى كىيىمدۇر. يەنە بىرى، ناماز ئۆتىمەك ئۈچۈن جايناماز، يەنە بىرى، قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ ئېلىشقا لازىم بولىدىغان ئارغامچا ۋە كوزا، يەنە بىرى، كالاچ ۋە مەسە بولۇپ، ئۇنى يول يۈرگەندە كىيسۇن ۋە جايناماز ئۈستىگە مەسە بىلەن بارسۇن. يەنە بىرى، نەيزىلىك ھاسىدۇر. ئۇنىڭ بىلەن ھەرخىل ئاپەتلەرنى ئۆزىدىن يىراق قىلغۇسى، بۇنداق ھاسىدا يەنە باشقا پايدىلارمۇ باردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، سۈننەتنى بەجا كەلتۈرۈشنى كۆزدە تۇتۇپ، ساقال تارغىقى، مىسۋاك (چىش چوتكىسى)، قايچا، يىڭنە، سۈرمىدان قاتارلىقلارنىمۇ ئېلىۋالسا بولىدۇ.

يىگىرمە بىرىنچى ئەدەپ، دىنىسىزلارنىڭ شەھىرىگە قۇرئاننى ئېلىپ بارمىسۇن. چۈنكى، ئۇلار قۇرئانغا بىئەدەپلىك قىلمىسۇن. ئەگەر بىر كىشى دىنسىزلارنىڭ شەھىرىگە مەكتۇپ ئەۋەتمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭغا قۇرئاندىن بىرەر ئايەتنى يازسا ئۇنىڭغا چەكلىمە يوقتۇر. ئەگەر سەپەر ئۈستىدە بىر شەھەردە ئۆلەت (ئاغرىق – سىلاق) ياكى ئۇرۇش – جېدەل پەيدا بولغان بولسا ئۇ شەھەرگە كىرمىسۇن.

ئەگەر بىر شەھەردە تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئۇ يەردە ئۆلەت پەيدا بولغان بولسا، باشقا جايغا قاچمىسۇن، چۈنكى بۇ ھەقتە ئىشەنچلىك ھەدىس بار.

يىگىرمە ئىككىنچى ئەدەپ، سەپەردە ئىشلىتىدىغان ئۇلاغقا قوڭغۇراق تاقىمىسۇن. چۈنكى، ئاربىسدا قوڭغۇراق بار جامائەتكە پەرىشتىلەر ھەمراھ بولمايدۇ.

يىگىرمە ئۈچىنچى ئەدەپ، سەپەرگە ئىتنى بىللە ئېلىپ چىقمىسۇن ۋە يەنە يىلپىز ۋە قاپلاننىڭ تېرىسىنىمۇ بىللە ئېلىپ يۈرمىسۇن. ئىشەنچلىك ھەدىسلەردە شۇنداق بايان قىلىنىدۇكى، ئىتنى ھەمراھ قىلىۋالغان ۋە قاپلان تېرىسىنى بىللە ئېلىپ يۈرگەن جامائەتكە پەرىشتە ۋە مالائىكىلەر ھەمراھ بولمايدۇ. بۇ پەرىشتىلەر رەھمەت پەرىشتىلىرى بولۇپ، بۇلار مۇھاپىزەت پەرىشتىلىرى ۋە كىرامەل ـ كاتىبىندۇر. بۇ پەرىشتىلەر ھەمراھ بولغان كىشىلەرگە ھېچنەرسە توسالغۇ بولالمايدۇ.

يىگىرمە تۆتىنچى ئەدەپ، سەپەردىن قايتقاندا ئېگىز جايغا چىقسا ياكى يانتۇ جايلاردىن پەسكە قاراپ چۈشسە ئۈچ قېتىم تەكبىر ئېيتسۇن. ئۇنىڭدىن كېيىن: «يېگانە ئاللادىن باشقا ئىلاھ يوق، ئاللانىڭ شېرىكىمۇ يوق. پۈتۈن دۇنيا ئىلاھىنىڭ مۈلكىدۇر ۋە جىمى ھەمدۇسانا ئاللاغا خاستۇر. ئاللا ھەممە شەيئىدىن ئۈستۈندۇر. ھەممىمىز پەرۋەردىگارىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز، پەرۋەردىگارىمىزغا تۇۋا قىلىمىز، سەجدە قىلىمىز. ھەمدۇسانا ئوقۇيمىز. ئاللا ۋەدىسىگە سادىقتۇر، بەندىلىرىگە مەدەتكاردۇر. دۈشمەنلەرنى ئۆزى يالغۇز ۋەيران قىلغۇچىدۇر، يەڭگۈچىدۇر» دېسۇن.

يىگىرمە بەشىنچى ئەدەپ، كۆزى ئۆز شەھىرىگە چۈشكەندە ئۇنىڭ قارىسى يىراقتىن كۆرۈنگەندە: «ئى ئاللا، ئۇ شەھەرنى بىزنىڭ تۇرىدىغان ئورنىمىز قىلغىن، بىزگە ياخشىلىقنى نېسىپ قىلغىن» دېسۇن. يەنە بىر رىۋايەتتە: «بۇ يەردە ئورۇنلاشتۇرغىن» دېسۇن دېيىلگەن.

يىگىرمە ئالتىنچى ئەدەپ، سەپەردىن قايتقاندا ئائىلە، بالا ـ چاقىلىرى ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ ئالدىغا تۇيۇقسىز كىرمىسۇن. چۈنكى، بۇ مەكرۇدۇر. بەلكى شەھەرگە يېقىن كەلگەندە ئۇلارغا خەۋەر ئەۋەتسۇن. يەنە ئۆيگە چۈش ۋە ئەسىر ۋاقىتلىرىدا كىرسۇن. چۈنكى، بۇ مۇستەھەپتۇر، كېچىسى كىرىش مەكرۇدۇر.

يىگىرمە يەتتىنچى ئەدەپ، ئۆز شەھىرىگە كىرگەندىن كېيىن ئاۋۋال مەسچىتكە چۈشۈپ ئىككى رەكئەت ناماز ئۆتەپ بولۇپ ئاندىن ئۆيىگە كىرسۇن.

يىگىرمە سەككىزىنچى ئەدەپ، سەپەردىن ئايالى، بالا ـ چاقىلىرى ، يېقىن تۇغقانلىرى ۋە ئاغىنىلىرىگە سوۋغات ئېلىپ كەلسۇن. تۇرالغۇسىغا جايلاشقاندىن كېيىن كۆرۈشكىلى كىرگەنلەرگە تاماق بەرسۇن.

يىگىرمە توققۇزىنچى ئەدەپ، سەپەر قىلغۇچىنىڭ شەھەردە تۇرۇۋاتقان يېقىن كىشىلىرى سەپەر قىلغۇچى ئۇلارنىڭ ئالدىغا كىرىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ئالدىغا چىققىنى ياخشى. چۈنكى، بۇ مۇستەھەپتۇر. ئۇلار سەپەر قىلغۇچى بىلەن كۆرۈشكەندە دۇئايى خەير قىلىپ: «جىمى ھەمدۇ ـ سانا سېنى ئۈستۈن قىلغان ئاللاغا خاستۇر ۋە جىمى ھەمدۇ ـ سانا سەن بىلەن كۆرۈشتۈرگەن ئاللاغا خاستۇر» دېسۇن. سەپەر قىلغۇچى ئەگەر ھەجدىن قايتقان بولسا: «ئاللا سېنىڭ ھەججىڭنى قوبۇل قىلغاي ۋە سېنىڭ گۇناھىڭنى مەغپىرەت قىلغاي. قىلغان چىقىمىڭنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بەرگەي» دېسۇن. ئەگەر ئۇرۇشتىن قايتقان بولسا: «جىمى ھەمدۇ ـ سانالار ساڭا ياردەم بەرگەن ۋە سېنى غالىب قىلغان ۋە قەدىرلىگەن ئاللاغا خاستۇر» دېسۇن.

# تۆتىنچى پەسىل، ناتونۇش مۇساپىرنىڭ تۇرغۇن كىشىلەر ئالدىدىكى ۋە تۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ناتونۇش مۇساپىر ئالدىدىكى ئەدەپلىرىنىڭ بايانى

بۇنىڭدا ئون بىر ئەدەپ بار. ئۇنىڭ تۆتى مۇساپىرنىڭ تۇرغۇن (ئولتۇراق) كىشىلەرگە قىلىدىغان ئەدەپلىرىدۇر.

بىرىنچى ئەدەپ، مۇساپىر تۇرغۇن كىشىنىڭ ئالدىغا كىرسە ئەدەپ ۋە ھۆرمەت سالىمى بىلەن كىرسۇن ۋە تۆۋەنرەك جايدا ئولتۇرسۇن. ئەگەر تۇرغۇن كىشى ئۇنى ئىززەت - ئىكرام قىلىپ يۇقىرىغا ئۆتكۈزسە، قايسى جايغا تەكلىپ قىلسا، تارتىنماي شۇ جايدا ئولتۇرسۇن.

ئىككىنچى ئەدەپ، تۇرغۇن كىشىنىڭ شەرىئەتكە خىلاپ ئىشى بولمىسا، ئارتۇقچە تەكەللۇپ ۋە ئېتىراز قىلمىسۇن، تۇرغۇن كىشىنى خىزمەتكە بۇيرۇمىسۇن. كۆڭلى نەپسى خالىغان نەرسىلەر بىلەن بولۇپ كەتمىسۇن. تۇرغۇن كىشىنى دۇنيا ئىشلىرى ۋە باشقا نەرسىلەر ئۈچۈن مەجبۇرلاپ، پادىشاھلارنىڭ ۋە مەنسەپدارلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارمىسۇن.

ئۈچىنچى ئەدەپ، ئەگەر تۇرغۇن كىشى ئۇنىڭغا بىر ئىشنى بۇيرۇسا چىن كۆڭلىدىن رازىلىق ۋە مايىللىق بىلەن قوبۇل قىلسۇن.

تۆتىنچى ئەدەپ، تۇرغۇن كىشىگە ئۆزىنىڭ پەزىلىتى ۋە كامالىتىنى ئىزھار قىلمىسۇن ۋە سەپەر ئىچىدە ئۆتكەن ئەھۋالىنى ھېكايە قىلمىسۇن.

ئەمدى تۇرغۇن كىشىنىڭ مۇساپىرغا قىلىدىغان ئەدەپلىرى يەتتىدۇر.

بىرىنچى ئەدەپ، مۇساپىر ئۇچرىسا، مەيلى سوپىلارچە كىيىنگەن بولسۇن ياكى ئۇنداق بولمىسۇن، ئۇنىڭغا لايىق ئىززەت - ئىكرام قىلسۇن. چۈنكى، كۆپلىگەن ئەۋلىيالار ۋە ياخشى كىشىلەر كۆرۈنۈشتە ئادەتتىكى كىشىلەردەك كىيىنىدۇ ۋە ئۆزلىرىنى ناتونۇش كۆرسىتىدۇ. ئەمما، كۆڭلىدە دوستلۇق يولىنى تۇتىدۇ ۋە ئۆز ئىشلىرىغا بەك پۇختا بولىدۇ.

ئىككىنچى ئەدەپ، تۇرغۇن كىشى مۇساپىرغا يولۇقسا «قەيەردىن كەلدىڭىز، قەيەرگە بارىسىز ۋە ئېتىڭىز نېمە» دېگەندەك سوئاللارنى سورىمىسۇن.

ئۈچىنچى ئەدەپ، پاراسەت بىلەن كۆزىتىپ، مۇساپىرنىڭ كۆڭلىنىڭ سۆھبەتكە مايىللىقى ياكى يالغۇزلۇققا مايىللىقىنى بىلگەندىن كېيىن، شۇنىڭغا قاراپ ئىش تۇتسۇن. ئەگەر مۇساپىر سۆھبەت قىلىش ئارزۇسىدا بولسا، ئۇنىڭ بىلەن تەكەللۇپسىز سۆھبەتلەشسۇن. ئەگەر مۇساپىرنىڭ كۆڭلى يالغۇزلۇقنى خالايدىغان بولسا، ئۇنىڭغا لايىق خىلۋەت جاي ھازىرلىسۇن ۋە ئۇنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، تاھارەتخانىنى كۆرسىتىپ قويسۇن.

تۆتىنچى ئەدەپ، ئەگەر مۇساپىرنىڭ كۆڭلى ھاممامغا تارتسا، ھاممامغا ئېلىپ بارسۇن، كىيىمى كىر بولسا يۇدۇرسۇن. ئەگەر قۇدرىتى يەتسە يېڭى كىيىم بەرسۇن. بۇ ئىشلاردا كەمچىلىك سادىر قىلمىسۇن.

بەشىنچى ئەدەپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن مۇساپىرنىڭ ئەزىزلەر ياكى مازار زىيارەتلىرىگە مەيلى بار - يوقلۇقىنى سورىسۇن، ئەگەر مەيلى بولسا ئەزىزلىرىنىڭ ئالدىغا، مازارلارغا ئېلىپ بارسۇن، ئەگەر كۆڭلى بولمىسا زورلىمىسۇن.

ئالتىنچى ئەدەپ، مۇساپىر مۇۋاپىق ھالەتتىكى تەلەپ - ئارزۇلىرىنى ئېيتسا قول باغلاپ بەجا كەلتۈرسۇن.

يەتتىنچى ئەدەپ، سۆھبەتتىن پايدىلىنىش ئۈچۈن، مۇساپىر نەچچە كۈن تۇرماقچى بولسا تۇرغۇن كىشى ئىجازەت بەرسۇن. بۇنىڭدىكى شەرت شۇكى، مۇساپىر دەۋاگەر ياكى يالغانچى بولماستىن ھەقىقىي

تالىپ بولسا.

شۇنىڭ بىلەن بۇ كىتاب مەرھەمەت ئىگىسى بولغان ئاللانىڭ ياردىمى بىلەن تامامىغا يەتتى. ئەۋۋەلدىمۇ ۋە ئاخىرىدىمۇ، زاھىرىدىمۇ ۋە باتىنىدىمۇ جىمى ھەمدۇ ـ سانالار ئاللاغا خاستۇر. ئاللانىڭ رەھمەت ۋە سالاملىرى پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە، ساھابىلىرىگە، ھەممىسىگە بولسۇن.

# كىتاب خاتىمىسى، نەسىھەت: ھايۋانىي روھ ۋە نەپسىنىڭ ئىنسانىي روھقا بەجا كەلتۈرىدىغان ئەدەپلىرىنىڭ بايانى

ئەي دەرۋىش، بىلگىن ۋە خەۋەردار بولغىنكى، بۇ يەردە ئىنسانىي روھ غېرىب ۋە مۇساپىردۇر. ئەمما نەپس، بەدەن ۋە ھايۋانىي روھ بولسا بۇ يەردە تۇرغۇن ھالەتتە ئورۇنلاشقان. خۇددى مەۋلانا ئارىف رۇمى (تەڭرىتائالا ئۇنىڭ روھلىرىنى پاك قىلغاي، ئۇنىڭغا پەيز ۋە خۇشاللىق بەخش ئەتكەي) ئۆزىنىڭ پاك ۋە يۈكسەك نەزمىلىرى ئىچىدىكى بىر قەسىدىدە بۇ ھەقتە ئېيتىپ ئۆتكىنىدەك، قىتئە:

ئىنسانىي روھ غېرىب ھەم مۇساپىردۇر يەر يۈزىدە،<br>
ئۇنىڭ ئەسلىي ۋەتىنىدۇر يۈكسەك ئالەم — نۇرلۇق ئەرش.<br>
ھايۋانىي روھ، گۆش بەدەننىڭ ئەسلىي يۇرتى زېمىندۇر،<br>
ئۇلار ئەسلىي تۇپراق ئىدى، ۋەتىنىدۇر قارا پەرش.

يەنى، ئىنسانىي روھ يۈكسەكلىك ئالەمى بولغان نۇرلۇق ئەرشتىن كەلگەن بولۇپ، ئەڭ يۈكسەكلىك دۇنياسى ئۇنىڭ ئەسلىي ۋەتىنىدۇر. بۇ پەرش يەنى زېمىن بولسا بەدەن، نەپس ۋە ھايۋانىي روھنىڭ ئەسلىي ماكانىدۇر. چۈنكى، بەدەن، نەپس ۋە ھايۋانىي روھلار تۇپراقتىن يارىتىلغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئەسلىي ۋەتىنىدە ئورۇنلاشقان. ئىنسانىي روھ بولسا بۇ يەردە مۇساپىردۇر. پاك ۋە بۈيۈك تەڭرىتائالا ئۆزىنىڭ كامالەتكە يەتكەن قۇدرىتى بىلەن ئىنسانىي روھتىن ئىبارەت بۇ ئالىي ۋە ئەزىز مۇساپىرنى بەدەن، نەپس ۋە ھايۋانىي روھتىن ئىبارەت بۇ پەس ئورۇندىكى مۇجاۋىر (تۇرغۇن) لار بىلەن ئالاقە قىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرنەچچە ۋاقىت دوستلۇق ۋە يېقىنلىق پەيدا قىلغان. بۇنىڭدىن مەقسەت، ئۇلار بىرلىشىپ ئەھدۇ ـ پەيمان، تائەت ـ ئىبادەت، مېھنەت ۋە رىيازەتتە مۇستەھكەم، تەۋرەنمەس بولسۇن، ياخشى خۇسۇسىيەتلەر ۋە قابىلىيەتلەرگە ئىگە بولسۇن، دېگەندىن ئىبارەت. چۈنكى، ئىنسانىي روھنىڭ بەدەنسىز ھالدا كامالەت ھاسىل قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، شۇنداقلا بەدەننىڭمۇ ئىنسانىي روھ بولمىسا قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ.

دېمەك، ئىنسانىي روھ بەدەندە ئۆزىنىڭ ئەسلىي ۋەتىنىدىن ئايرىلغان مۇساپىردۇر. بەدەن بولسا مۇجاۋىر، ئۆزىنىڭ ئەسلىي ۋەتىنى ئىچىدە تۇرغۇن ۋە مۇقىم ھالەتتىدۇر. ئىنسانىي روھ ئۆزىنىڭ ئەسلىي ۋەتىنىدىن يىراقتا تۇرۇۋاتقان مۇساپىر ۋە بىچارە بولغانلىقتىن، ئۇنىڭغا رەھىم ـ شەپقەت قىلىش كېرەك. ئاللا ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇركى، بۇ ۋەدە ئەڭ قەدىمىي ۋە ئەزەلىي ۋەدە بولۇپ، پاك ۋە بەرھەق تەڭرىتائالا جانلىرىمىزغا بەدەنگە كىرىشتىن ئىلگىرى خىتاب قىلىپ: «مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟» دېگەنىدى. بارلىق جانلار بۇ خىتابنى ئىشىتىپ: «ئەي تەڭرىم، سەن بارچىمىزنىڭ ياراتقان پەرۋەردىگارىمىزسەن، يەككە ـ يېگانە ياراتقۇچىسەن ۋە بەرھەق مەبۇدىمىزسەن. بىزنىڭ سەندىن ئۆزگە مەبۇدىمىز يوق. بۇيرۇغان تائەت ـ ئىبادەتلىرىڭگە بويسۇنۇپ ھەممىسىنى قوبۇل

قىلدۇق. بىز سېنىڭ جامالىڭنى كۆرۈشكە تەشنامىز» دېدى.

بىراق، پاك ۋە يۈكسەك تەڭرى شۇنىڭدىن كېيىن ۋەدىلىرىگە ۋاپا قىلسۇن ۋە ئاخىرىدا جامالىنى كۆرۈشكە مۇشەررەپ بولسۇن دېگەن مەقسەتتە ئىنسانىي روھقا بەدەننى ئۇلپەت قىلىپ بەردى. بۇ دىدارى ئىلاھى (تەڭرى جامالىنى كۆرۈش) مەرىپەتسىز ھاسىل بولمايدۇ. ئىلاھىي مەرىپەت ھاسىل قىلماي تۇرۇپ، تەڭرىنىڭ ئاجايىب سۇنئىي قۇدرەتلىرىنى كۆرۈپ يەتكىلى بولمايدۇ. بۇ ھېس، ئىدراكسىز ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەتسىز جىسمانىي روھ بولسا ھايۋانىي روھ دەپ ئاتىلىدۇ. ھايۋانىي روھ بەدەنسىز مەۋجۇت بولمايدۇ. تائەت ـ ئىبادەتمۇ بەدەنسىز ھاسىل بولمايدۇ ھەم ۋۇجۇدقا كەلمەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئىنسانىي روھ يۈكسەكلىك ئالەمدىن پەستىكى ئالەمگە سەپەر قىلىپ چۈشۈپ، بەدەن بىلەن ئالاقە باغلىغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن دوستلۇق ـ مۇھەببەت ئورناتقان. بۇنىڭدىكى مەقسەت، بىرنەچچە ۋاقىت بىر ـ بىرلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، تائەت ـ ئىبادەت قىلىپ، جاپا ۋە رىيازەت چېكىپ ئىلاھىي مەرىپەت ھاسىل قىلىپ، ئاخىرەتتە تەڭرى دىدارىغا ئېرىشىشتىن ئىبارەت.

يەنە شۇنى بىلمەك كېرەككى، ئىنسانىي روھ بۇيرۇق ئالەمدىندۇر. دېمەك، نەپس ۋە ھايۋانىي روھ بولسا يارىتىلىش ئالەمدىندۇر. يارىتىلىش ئالەمى يەردىن تاكى ئەرشكىچە بولغان ئالەم بولۇپ، بۇنى ئالەمىي شاھادەت (كۆرۈنۈپ تۇرغان ئالەم) دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇيرۇق ئالەمىنىڭ مەرتىۋىسى ئۇلاردىن يۇقىرىدۇر. چۈنكى، ئۇ «بول» دېگەن بىر بۇيرۇق بىلەنلا پەيدا بولغان بولۇپ، ئۇ ماددىسىز، مۇددەتسىز ۋە ماكانسىز بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. ئۇ ئالەمىي غەيىب (غايىب ئالەم) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

يارىتىلىش ئالەمى ماددىسىز بولمايدۇ. شۇنى بىلگىنكى، ھايۋانىي روھ يارىتىلىش ئالەمدىندۇر. چۈنكى، تائام يېگەندىن كېيىن لەزىز ئىس پەيدا بولىدۇ. تەڭرىتائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۇ ئىس پۈتۈن بەدەنگە تومۇرلار يولى بىلەن، يەنى كۆزگە، قۇلاققا، قولغا، پۇتقا، ئېغىزغا، بۇرۇنغا ۋە بەدەننىڭ باشقا بۆلەكلىرىگە يېيىلىدۇ. ئۇنىڭغا ئىنسانىي روھنىڭ نۇرىدىن پەيز ۋە مەدەت يېتىپ ئۇنى نۇرلاندۇرىدۇ. شۇ نۇر بىلەن كۆز كۆرىدۇ. قۇلاق ئاڭلايدۇ، بۇرۇن پۇرايدۇ، ئېغىز تەم تېتىيدۇ. تىل سۆزلەيدۇ، قول تۇتىدۇ، پۇت يۈرىدۇ ۋە بەدەننىڭ باشقا ئەزالىرىمۇ ھەرىكەتكە كېلىدۇ. قاچانكى، ئۇ لەزىز ئىس قۇرۇسا ئىنسانىي روھتىن ئۇنىڭغا ياردەم، پەيز ۋە نۇر يەتمەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بەدەن ھەرىكەتتىن، ھېس ۋە ئىدراكتىن پۈتۈنلەي توختاپ قالىدۇ. ئىنسانىي روھ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىدۇ. بۇنى «ئۆلۈم» دەپ ئاتايدۇ.

بەدەن بولسا يارىتىلىش ئالەمدىندۇر. چۈنكى، غىزادىن مەنىي ھاسىل بولىدۇ، ئۇ قاينايدۇ. ئۇنىڭ كۆپۈكىدىن نەپس پەيدا بولۇپ، ئاتىنىڭ بەدىنىدىن ئانىنىڭ بەدىنىگە ئۆتۈپ بالىياتقۇسىدا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. تەڭرىتائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتى ۋە ئىرادىسى بىلەن تەن قانچىلىك تەرەققىي قىلسا، نەپسىمۇ شۇنچىلىك تەرەققىي قىلىپ ئۆسىدۇ. نەپس بەدەن ئىچىدە بولۇپ، ئۇنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئۇ يۇمشاقلىق ۋە مۇلايىملىق جەھەتتە جىنغا ئوخشايدۇ. لېكىن، نەپس ئىنتايىن گۈزەل ۋە چىرايلىقتۇر. ھەتتا بەزىلەر شۇنداق دېيىشىدۇكى، ئىنسانىي روھ نەپسىنىڭ گۈزەل ھۆسن ـ جامالىغا مەھلىيا بولۇپ، بۇ قاراڭغۇ بەدەننى دوست تۇتقان ۋە ئۇنىڭغا ئۇلپەت بولغاندۇر.

دېمەك، بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، ھايۋانىي روھ، نەپس ۋە بەدەننىڭ ھەممىسى يېمەكلىكتىن پەيدا بولىدۇ، يېمەكلىك ئۆسۈملۈكلەردىن پەيدا بولىدۇ. ئۆسۈملۈكلەر بولسا يەردىن ئۈنىدۇ. تۇپراق بولسا بۇلارنىڭ ئەسلىي ئانىسىدۇر. ئاخىرىدا يەنە: «ھەممە شەيئى ئۆزىنىڭ ئەسلىگە قايتىدۇ» دېگەن سۆز بويىچە يەر بۇ پەرزەنتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز قويىنىغا ئالىدۇ. لېكىن، ئىنسانىي روھ ساقلىنىپ قالىدۇ. ئۇ تۇپراق قارىنىغا كىرمەيدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئەسلىي تۇپراق ئەمەس، سۇمۇ، ھاۋامۇ ئەمەس. ئوتمۇ ئەمەس، بەلكى پەرىشتىلەر تۈرىدىندۇر. ئۇنىڭ ئوزۇقلۇقىمۇ بۇ بەدەننىڭ ئوزۇقلۇقىغا ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ ئوزۇقى ئەسلەش، پىكىر قىلىش، ئىلاھىي مەرىپەت، پۈتمەس ـ تۈگىمەس ۋە چەك ـ

2009.3 BULAK بۇلاق

www.uyghurkitap.com

چېگراسىز زوق ـ ئىشتىياقتۇر.

شۇڭا، ھەربىر كىشى ئۆز تېنىنىڭ باشلىقى بولغان نەپسىنىڭ بارلىق لەشكەرلىرى ئوچۇق ۋە يوشۇرۇن ھېسلىرى، قول، پۇت ۋە باشقا ئەزالىرى بار بولسىلا، ئۇلارنىڭ بەللىرىگە خىزمەت كەمىرىنى باغلىتىپ ئۆيىگە كىرگەن ئەزىز مېھمان ــ ئىنسانىي روھىنىڭ خىزمىتىگە سېلىپ، ئۇلارغا بۇ مېھماننى ياخشى ئىززەت ـ ئىكرام قىلدۇرسا، ئۇنىڭ خىزمىتى ۋە سۆھبىتىدە ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە كامالەتلەر، ئىبادەتلەر ۋە رىيازەتلەرنى ھاسىل قىلسا، ئىككى دۇنيانىڭ بەختىنى تېپىپ، تەڭرى ۋىسالىغا يېتىشكۈسى. ئەگەر بۇ مېھماننى ھۆرمەت قىلمىسا، ئۇنىڭغا بويسۇنمىسا، بۇ بەدەندىكى لەشكەرلىرىگە بولغان ھۆكۈمرانلىقنى نەپسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويسا، نەپسىنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرى، تەنىنىڭ راھەت ـ پاراغىتىنى قوغلىشىپ، بەش كۈنلۈك ئۆمرىنى بىخۇدلۇق ۋە گۇناھ بىلەن ئۆتكۈزسە، ئىككىلا دۇنيادا خار ـ زارلىققا دۇچار بولۇپ، ئاللانىڭ جامالىدىن مەھرۇم قالغۇسى ۋە ئۇ مېھماننىمۇ رەسۋا قىلىپ ئازاب ـ ئوقۇبەتكە قويغۇسى. ئاللا بەندىلىرىنى نەپسىنىڭ يامانلىقىدىن، يامان ئىش ـ ئەمەللەردىن ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي.

ئى ئاللا، مېنى دۇنيانىڭ خارلىقىدىن ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ساقلىغىن ۋە مېنىڭ تۈۋامىنى قوبۇل قىلغىن. چوقۇمكى، سەن قوبۇل قىلغۇچى مېھرىبان زات !

ئاللاتائالا ئۆزىنىڭ بەندىلىرىنىڭ ياخشىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىگە، ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە رەھمەت قىلغاي. ئى شەپقەتلىكلەرنىڭ شەپقەتلىكراقى بولغان رەھىمدىل ئاللا، سېنىڭ شەپقەت ۋە رەھمىتىڭ بىلەن بۇ كىتاب تامام بولدى.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى قاراقاش ناھىيىسى تۆۋەت يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە)

## ئالدىنقى سانغا تۈزىتىش

| بەت | قۇر | بېسىلغىنى | توغرىسى |
|---|---|---|---|
| 83 | يۇقىرىدىن 6 ـ قۇر | دۆڭ مەسچىت | دۆڭمەسچىت |
| 83 | تۆۋەندىن 6 ـ قۇر | ئابدۇرېشىپ | ئابدۇرېشت |
| 85 | يۇقىرىدىن 6 ـ قۇر | قوشقان قوشقان | قوشقان |
| 85 | يۇقىرىدىن 9 ـ قۇر | ئىگە | قىممەتكە ئىگە |
| 89 | تۆۋەندىن 5 ـ قۇر | بىلىملەرنىمۇ | بىلىملەردىنمۇ |
| 93 | يۇقىرىدىن 17 ـ قۇر | 1963 ـ يىلى | 1936 ـ يىلى |
| 93 | تۆۋەندىن 3 ـ قۇر | خەق | خەلق |
| 93 | تۆۋەندىن 15 ـ قۇر | رەسمىيەت | ۋەسىيەت |
| 104 | تۆۋەندىن 9 ـ قۇر | بۇرۇنگىلى | بۇرۇن گىلى |
| 104 | تۆۋەندىن 13 ـ قۇر | قىرىقكۈنلۈك | قىرىق كۈنلۈك |
| 106 | 2 ـ ستون يۇقىرىدىن 11 ـ، 12 ـ قۇر | ئۆلۈش | ئۇلۇش |

موللا فەنائىي

# خەمسەتۇل ـ ھكايات[1]

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھۆرلىقا سىيت

يەتتىم ئۆيگە ھەم ئىشكىنى قاقتىم،
جانىمە خىجلەت ئوتىنى ياقتىم.
نازەنىن كەلدى، ئىشكىنى ئاچتى،
ھالىمە سوردى ئولكى، مۇڭداشتى.
كۆردۈم ئانى بولۇپ خىجالەتدە،
مۇتەبەسسۇم بولۇپ شەكەرخەندە.
ئاياغىن ئۆپتۇمۇ قويۇپ باشىم،
ئۈزرە كۆپ ئايتىپ، ئاقىزىپ ياشىم.
ئايدىم: ئەي نازەنىنى رەئنايى،
بارچە رەئنا ئىچىدە دانايى.
چۈن خەتاكارمەن، ئەتا سەندىن،
ئەجز مەن زاردىن، ۋەفا سەندىن.
يەتكۈرۈپ بارە كەيفى بىھۇشلۇق،
خاتىرىمغە يېتىپ فەرامۇشلۇق.
ئۆتسە مەن بەندەدىن ئومۇرى خىلاف،
كەرەمىڭدىن داغى ئۇمىدى مەئاف.
ئايدى ئول ھۇرى خۇشلىقا جانان:
ئەي مۇسافىر، غەرىبۇ سەرگەردان.
كېچەلەپ مۇنچە ئىزتىراپ نېدۇر،
خەيرباد ئەتمەيىن شىتاب نېدۇر؟
كەلسە مېھمان ئۆز ئىقتىزاسى بىلە،
يانغاي ھەم مىزبان رىزاسى بىلە.
بىلەمەن كۆپ مۇھەببەتىڭنى ماڭا،
ئەيلەگەن ئانچە خىزمەتىڭنى ماڭا.
باردىڭ ئاندا مېنىڭ رىزايىم ئىلە،
خاھىشۇ ئىختىيارۇ رايىم ئىلە.
ئالدى كۆڭلۈمنى كۆپ لەتافەتدىن،
چىقارىپ يۈز تۈمەن خىجالەتدىن.
سوردى چۈن ئۆتكەن ئىشلادىن ئەھۋال:
قىلدى ئاندا نە ئىش نە ئىشنى ھال.
بولۇپ ئېردى نەزەرغە ھەرنە ئەيان،
قىلدىم ئالدىدا بىر ـ بىر ئانى بەيان.
ئايدىكىم: سەن بىلۈرمۇسەن ئانى،
قەرز بولمىشكىم مەردلەر نانى.
ئاڭلادىم ئۇشبۇ سۆزنى جاناندىن،
باشىمە سالدىمۇ تۇبەن غەمدىن.
گەر ساڭا يوق تەلافىغە قۇدرەت،
نەچچە كۈن ياتماق ئاندا نې ھاجەت؟
ئۆزۈم ئۆزۈمگە قىلدىم ئانچە ئىتاب،
بولماسا لايىقۇ ئاڭا ئەسباب؛
سوردۇم: ئەي ھۇرى خۇشلىقا ئەفرۇز،
تەئنە بىرلە كىنايەدۇرمۇ بۇ سۆز؟
ھەر گۇناھىكى ئۆتسە مەندىن ھەم،
خۇشتۇرۇر ئۆتمەك ئانى سەندىن ھەم.
ئايدى ئول غۇنچە لەب: مەئازەللاھ،
بولغاي ئۇشبۇ كىنايەدىن ئىكراھ.

[1] بېشى ئالدىنقى ساندا

دېمەكىم، تەئنەۋۇ كىنايە، ئىتاب،
ھەر سۆزۈم ئاڭلا بەلكى سىدقۇ سەۋاب
ساڭا ئول ھەرنە قىلمىش ئېھسانى،
سەنمۇ ھەم قىلغاسەن ئاڭا ئانى.
بولمە چۇن زىرى دەست مىننەتتغە،
قالماغايسەن ئانىڭ خىجالەتىغە.
مەن دېدىمكىم: غەرىبۇ ئەفتادە،
قايسى بىر يوقنى ئەيلەي ئامادە.
ئۆيدە نې نەقدۇ مالۇ نې ئەسباب،
چار دىۋار، سەقەف، ئەرز ئىلە باب.
چۇن تەبەسسۇم قىلىپ دېدىكى سەنەم:
قوي ئىشىگنى خۇداغە، سەن يېمە غەم.
بارغىلۇ تېز قىلغاسەن تەكلىف،
ئۆيگە كەلتۇرگەي ئول قەدەم تەشرىف.
قىلمە غەم ئۇشبۇ بارەدىن زىنھار،
مۇندا جابدۇقنى مەن قىلاي تەييار.
ئاڭلاغىز دەردى ھالى، دەرۋىشان،
قالدىم ھەيرەت يەرىدە بىئىمكان.
بولدۇم ھەر چەند فىكر ئىلە مەئمۇل،
تاپمادىم پىستە لەب سۆزىگە يول.
دېدى ئەھدىڭغە قىلماغۇڭ تەخلىف،
شەرت بەردىكى قىلماساڭ تەكلىف.
چىقتىم ئۆيدىن ئەجەب مەلال بىلە،
يولدا يۈز مىڭ غەمۇ خەيال بىلە.
مەقتەئى راھ ئىچرە ئىشقى فۇنۇن،
ئەيلەدىم بەس ئۆزۈمگە مەشقى جۇنۇن.
تاكى يەتتىم مۇرادى قەسرىغە،
قەسركىم نەۋجەۋانى ئەسرىغە.
يەتتى كۆڭلۈمگە بۇكى خامى خەيال،
تەكلىپ ئەتسەم ئانى سەمەرخان ھال.
ۋەقتىكىم ئول يىگىت مېنى كۆردى،
قول تۇتۇشۇپ كۆرۈشتى، ئولتۇردى.
يانىدا يەر بېرىپ، بولۇپ خۇشھال،
كۆپ تەۋازۇئ قىلىپ، سوراپ ئەھۋال.
چۇن ئىشارەت قىلىپ غۇلامىغە،
بۇيرۇدى شەربەت غۇلامزادىغە.

كەلتۇرۇپ ئول غۇلام شەربەتى چىن،
قەدەھى ئېردى سەرفۇشى زەررىن.
تەخسەئى سىمىن ئۈزرە تۇتتى شەراب،
مەن گۇمان ئەيلەدىمكىم ئانى يەخئاب.
ئالىپ ئانى تەمام قىلدىم نۇش،
شەربەتىكىم لەتىفۇ بۇيى خۇش.
كۆپ فەرەھ يەتكۇرۇپ كۆتەردى مەلال،
ئەيلەدىم شەربەتىدىن ئانچە سۇئال.
دېدى: دەفئى سۇدائۇ ئەترى دىماغ،
نۇشىدىن يەتكۇرۇپ بەدەنغە فەراغ.
ئەرقى بىدەمۇشك ئىلە ئەنبەر،
قەندى لىمۇن، گۇلاب ئىلە شەككەر.
سەندەل ئىلە بېرىپ ئاڭا تەرتىب،
فەرەھى دىل ئۇچۇن تاپىپ تەركىب.
نەچچە نەۋبەت قەدەھنى قىلدىم نۇش،
جاق بولدى دىماغىم ئالىپ ھۇش.
مەستلىك ئالەمىدە بىتەئدىل،
قوپتىمۇ تەكلىف ئۇچۇن ئاچىپ تىل:
ئەي بەرادەر، كەمىنە دىلدارىڭ،
ئارزۇمەندە كۆپ تەلەب كارىڭ.
ساڭا لايىق ئىمارەتىم يوقدۇر،
لېك سەندىن ئۇمىدۋارلىقدۇر.
قىلسەلەر كۇلبەنى مۇنەۋۋەرلىغ،
غايەتىدۇركى بەندە پەرۋەرلىغ.
ئۈزرە ئايىتماي قوپتىلار فىلھال،
دېدى: يوقتۇر ماڭا مۇزايەقە ھال.
بىلگەمەن جانىمە غەنىمەتدۇر،
روھ شەخسىغە بەلكى مىننەتدۇر.
ئازىم ئولدۇق مەقام تەرەفكى قەسىر،
ۋەقت ئول يەرگە يەتتىكىم تا ئەسىر.
شەربەتىنى ئىچىپ بولۇپ مەستىمەن،
ئۆلكى قىلغان خەيالىم ئۆتنتۆلۈپمەن.
تەكلىپ ئەتمىشمەن ئانى مۇستەھكەم،
تۇتۇپ ئالدى بىلمەدىن ئول مەھكەم.
مەن ھەم ئول بويىنغە قولۇمنى سالىپ،
بارۇر ئېردىمكى ھەر تەرەف يىقىلىپ.

مەستلىكتە كېلىپمىز ئۆيگە يېتىپ،
بىسەرەمجاملىقىم كۆڭۈلگە يېتىپ؛
ئۇشبۇ دەم ھوشۇمە كېلىپ باقسام،
كەچ قىلىپ بىر تەرەفكە مەن قاچسام.
كۆڭلۈم ئىچرە بۇ فىكرنى قىلدىم،
ئۆزنى مەستلىككە تاشلادىم، ياتتىم.
مەستلىك تاكى ئۆچتى باشىمدىن،
ئاجراماس بولدى بەل ئاداشىمدىن.
سالدى كۆڭلۈمگە غەم ھوجۇمى شىتاب،
قول ئاياغىمغە توشتى لەرزەئى تاب.
ئۆي غەمىدىن غەم ئەيلەدى ھەر يان.
ئول يىگىت مېنى قىلدى كەيف گۇمان،
مەندە بۇ فىكر: كەچكە قالغايمەن،
بىر تەرەفكە ئۆزۈمنى ئالغايمەن.
يەتتۇك ئول يەرگەكىم، قاچار يولى يوق،
كوچەئىكىم ئانىڭ ئاياغى توسۇق.
مەستلىككە مەن تاشلادىم ئۆزنى،
چۈن يىقىلدىم يۇمۇپ ئىكى كۆزنى.
ئول يىگىت ئايتادۇر: ئايا دىلدار،
ئاچ كۆزۈڭنى، تاپىپ خۇد، ئول ھوشيار.
مەست يۈرمەك تالادا لايىق ئەمەس،
يولدا ياتماق داغى مۇۋافىق ئەمەس.
چۈن كۆتەرگىل باشىڭنى، قوپ كېتەلى،
كېچە بولماسدا جايغە يېتەلى.
مېنى يەردىن يۆلەپ قوپاردى زار،
كۆز ئاچىپ، باش كۆتەردىمۇ ناچار.
كەلدۇك ئېرسە كۆرۈندى ئەيۋانى،
توقتا ئالمادىم ھېچ دەپ ئانى.
باقسام ئول ھەۋلىنىڭ ئىچى - تاشى،
ئابى جارۇب قىلىپدۇر فەرراشى.
تۇرادۇر خەلقلەر قاتارۇ قاتار،
قائىدە - قانۇن ئىلە خىزمەتكار.
بەئزەسى ئۇمەرا، ۋەزىرلەردەك،
يۈرەدۇر توپباشى ياساۋۇلدەك.
بەئزى فەرراشلار سىياقىدا،
بەئزى سەققالىك سىياقىدا.
مۇنى كۆرگەچ مەنۇ تورۇپ قالدىم،
ئۇشبۇ دەم باشىم ئايلانىپ قالدىم.
ئايدىمۇ: ۋاي ئەمەس كىلىپدۇرمەن،
يولنى بىلمەي، غەلەت قىلىپدۇرمەن.
يۈگۈرۈپ كەلدىلەر غۇلامۇ نەدىم،
تۇردىلار بىزلەرگە قىلىپ تەئزىم.
ئۆپتى ئىلكىم بولاركى خادىمدەك،
كۆپ رىئايەت قىلىپ مۇلازىمدەك.
ئىچكەرى قىلدىمۇ قەدەم جارىي،
يول ئاچىپ يۈردى ئەيرەشىپ بارىي.
ئۆتتۇك ئەۋۋەلقى بابدىن بىز تېز،
تۇرادۇر ئاندا ئىككى ماھ كەنىز.
كىيىپ ئىگنىگە ياخشى خىلئەتلەر،
بېرىپ ئۆزىگە ئانچە زىينەتلەر.
بىرىنىڭ ئىلكىدە سۇراھى جام،
ئىچىدە شەككەرىن مەيى گۈلفام.
يەنە بىرىنىڭ قولىدا سىنى زەر،
نوقلەھايى نەباتۇ شەھدۇ شەكەر.
تۈتتى مەي جىلۋە بىرلە دىلبەرى خۇش،
ئول يىگىت ئالىپ ئانى ئەيلەدى نۇش.
داخىل ئولدۇق ئىكىنچى ئەيۋانغە،
چۈنكى باغى بېھىشتى رىزۋانغە.
ھەر تەرەف شەمئ بىرلە مەشئەللەر،
قەندىلۇ فانۇس ئىلە مەنقەللەر.
يارۇتۇپ ئېردى سۇبھ نۇرىدەك،
بەلكى ئول تۈننى ساف كۈندۈزدەك.
سافۇ مەملۇجەد ئول ئەنھارىي،
بولۇر ئاندىن سۈزۈك سۇلار جارىي
ھەر شەجەرنىڭ تۈبىدە مىينا گۈل،
گۈل تۈبىدە سۇراھى گۈل رەڭ مۇل.
لەئل گۈن جامۇ لالەئى گۈلشەن،
شەمئ ھەر بىر ئەقەبىدە رەۋشەن.
زەرۇ سىيمىن قەفەس ئارا مۇرغان،
گۈل ئۆزە شاخلاردا خۇش ئەلھان.
مىينەۋۇ تۇتى، بۇلبۇلۇ قۇمرىي،
فاختەۋۇ تەزەرۋۇ كەبكى دەرىي.

بۈيى خۇش نۇرى بىلە شەمئى چىراغ،
مەستلىك تەيرلەر ئەتىرى دىماغ.
جۇفتۇ جۇفت ئىلە جىنسۇ جىنسى تۈيۇر،
لەھنىدىن سالمىش ئېردى غۇلغۇلە شور.
ھەربىرى سەۋتى خۇش ئەدا قىلادۇر،
شەۋقى ئەلھان ئىلە نەۋا قىلادۇر.
فەرەھى جان ئېردى راھەتى دىل،
بولدۇق ئاندىن سارايغە داخىل.
كۆردۇم ئول جايىكىم مۇلۇكانە،
زىلچەلەر سالمىش ئاندا شاھانە.
لەئلى مىينا سۇراھۇ مەي گۈلفام،
چىنى فەغفۇر ئىلە بولۇرىن جام.
تەخسەسى نۇقرە بىلە تىللادىن،
لەئلۇ ياقۇت ئىلە مۇجەللادىن.
شەمئىدان زەررىن ئىچرە كافۇرىي،
سىيمەدىن بىيە سوزى فەغفۇرىي.
ماھ تەلئەت كەنىزەكىيلەر ھەم،
خىزمەت ئىچرە غۇلامۇ چاكەر ھەم.
مۇتربانى مۇغەننىيانى قەبۇل،
تۇتۇپ ئىلكىدە ماھ نازى قەبۇل.
بىر تەرەف ساقىيانى ھافىزلەر،
گۈل جەمال، خۇش كەلام مەھۋەشلەر.
دەۋرى مەجلىسدەكىم تۇرۇپدۇر جا،
ئەيش ئەسبابى بارچە جا بەرجا.
پىشى خىزمەتدە نەچچە شوخى جەۋان،
ھەممە زەررىن كەمەرى ئالىي شان.
چۇستۇ چالاك غۇلامىيلار جاندەك،
سەف تۇزۇپدۇر نەزەردە مىژگاندەك.
ئول يىگىت كۆردى بۇ ئىمارەتى تاق،
ھەر تەرەف مەنزەرى ئەيانى رەۋاق.
بولدۇق ئول بەزم ئىچرە بىز داخىل،
مەجلىسى تۇمتەراقىيغە ۋاسىل.
مەن قىلىپمەن ئوشول جەۋانغە نەزەر،
ئىمتەھان ئەيلەدىمكى ۋەزئى دىگەر.
مۇنى كۆرگەچ بولۇپ خىجالەتىدىن،
ئۆزىنىڭ ئەيلەگەن زىيافەتىدىن.

يايىدىلار زەربەفتى دەستۇرخان،
مەھازەركىم كەتۇردى ئالتۇن خان.
نەچچە تۇرلۇك تەئام كەلتۇردى،
چۈن غۇلام ئەپكىلىپ ماڭا بەردى.
مەن ئالىپ قويدىمۇ غىزايى لەتىف،
قىلدىم ئول دەم جەۋاننى تەكلىف.
چۈنكى ئولتۇرغۇزۇپ بۇ مېھماننى،
كۆرمەگەچ ئۆيدە ئول ئەزىز جاننى.
قوپتۇم ئورنۇمدىن مەن ئانى ئىستەپ،
تاپىپ ئانى مەن بىر كۆرەيىن دەپ.
چىقىپ ئۆيدىنكى ھەر تەرەف جويان،
بىخەبەر ئۆزدىن، ئىستەپ ئانى رەۋان.
ئوتتۇز ئۈچ كارخانەئى شاھى،
كۆرۈبان بولدۇم ئاندىن ئاگاھى.
ئۆتتۇم ئول كارخانەدىن مەن ھەم،
خىزمەت ئىچرە يۈرۈر باكاۋۇل ھەم.
كۆردۇم ئەلۋان نىئمەتى بىسيار،
نەچچە تۇرلۇك تەئام قىلىپ تەييار.
بارچە ئەسبابى كارخانە بەجا،
ھەربىر ئۆز مەۋقەئىدە جا بەرجا.
تاپمادىم ئول نىگاردىن خەبەرى،
سەرۋى قەد، گۈلئۇزاردىن ئەسەرى.
مەتبەخ ئىچرە ئۆي ئېردى كۈنجىدا،
بورچىلار فۇشۇرۇپ كەباب ئاندا.
بەررەئى ئاھۇۋار گوشتى ھەم،
نەچچە تۇرلۇك كەباب قىلمىش ھەم.
كۆردۇم ئول نازەنىن كۆزىدە نىقاب،
فۇشۇرۇپ ئولتۇرۇر قولىدا كەباب.
كۆرگەچ ئاندا ئانى قالىپ ھەيران،
كىردى جىسمىم ئارا ھەنۇز ياڭى جان.
خاكى پايىغە بەس يۈزۈم سۈردۇم،
كەيفۇ ئەسرارى ھالەتىن سوردۇم.
كۆز ئۇچى بىلە بىر ئىشارەت ئېتىپ،
نىم نىگاھىدا جاننى غارەت ئېتىپ.
ئايدى ئول سەرۋى بوستانى ئىرەم:
ئەي غەرىبى ئەرەب، ئەسىرى ئەجەم.

مىزبان رەسمى: بائەدەب تۇرماق،
مېھماننىڭ قاشىدا ئولتۇرماق.
ئەيب مېھماننى تاشلىماق تەنھا،
ئەيب ئېرۇر بۇ ئىشتۇ، سەللەمنا.
بارغىل، ئولتۇر قاشىدا مېھماننىڭ،
كۆڭلىن ئال ھەر نېچۇكدۇرۇر ئانىڭ.
قىلمە غەم، بولغىلۇ سەنۇ دىلجەم،
بىئىبا قىل خەلقغە ئېھسان ھەم.
خىزمەت ئېچرە ھەممە سىپنىڭدۇرلار،
بۇيراساڭ خىزمەتىڭنى قىلغايلار.
ھەرنەئىدۇركىم رەسمى شاھانە،
كەلتۇر ئانى بەجا ھەرىفانە.
خاھىشىڭ ھەرنەدۇركى، قىل ئانى ھەم،
قىلما تەقسىر ئەيلەمەكدە كەرەم.
ھۆكم قىلساڭ بۇلارغە سەن مەخدۇم،
بەندە فەرمان ئۇلار ساڭا مەھكۇم.
سەنكى سورغىل ئانىڭكى مەتلۇبىن،
تەكلىف ئەتكىل ئانىڭكى مەھبۇبىن.
بىر ئىشى قىلغىل ئانى كەلتۇرگىل،
مەئشۇقىن ئاشىقىغە يەتكۇرگىل.
تاكى قىلغان زىيافەتىڭ كۆرسۇن،
ئەر ـ خاتۇن مەردلىكىڭنى ھەم بىلسۇن.
چۇنكى مەئشۇقەسىز مەي ئەتمەك نوش،
قان ئېرۇر، بەلكى زەھر كامىدا جۇش.
ئاڭلاغاچ مەن بۇ سۆزنى، ئەي ياران،
جەمئ بولدى بۇ خاتىرى ۋەيران.
كىردىم ئول مەجلىس ئېچرەكىم، خۇشھال،
ئولتۇرۇپ ئاندا مەنكى فارىغى بال.
ئايتۇر ئېردىم كۆڭۈلدە ھەر سائەت،
تارتتىمۇ نەچچە كۈن بەسى مېھنەت.
گەرچە مەن ئانچە رەنجنى چەكتىم،
شوكرى لىللاھ، بۇ گەنجنى تاپتىم.
تا پەرىشان ئەمەس كۆڭۈل كامى،
تاپماغاي ھېچ ئىش سەرئەنجامى.
مەجلىس ئاراستە قىلىپ خەندان،
بولدۇق ئەيشۇ نىشاتىغە مەيلان.

ساقىيلار بادە بەھرىدە چۇن بەت،
جامى مەي رەڭگىدە لىباسى شەمەت.
نەغمەئى سازۇ مۇترىب ئاھاڭگى،
بولدى يۈز تۇرلۇك ئۇتغە ھەمرەڭگى.
بارچە ئەھلى تەرەب سەمەندەرۋەش،
بەزمى ئىشرەت قىزىدى چۇن ئاتەش.
ساقىي مەيدىن قىزاردى چۇن گۇل ـ گۇل،
قۇلقۇلى شىشە، نالەئى بۇلبۇل.
ئول جەۋانغە ئايدىمكى سۆھبەتدە:
مۇخلىسىڭ بۇ كەمىنە خىزمەتدە.
بەندە خانەلەرى بۇ جايى مەكان،
كەلسەلەر لايىق ئېردىلەر خۇبان.
تا قەدەم كەلتۇرۇر ئىنايەتدىن،
خالىي بولغاي كۆڭۈل كۇدۇرەتدىن.
بولدى بۇ مەئنى ئول جەۋانغە جەزم،
ئول يىگىت بىر غۇلامنى ئەيلەدى ئەزم.
ئالىپ ئانى رەۋانە كەلتۇردى،
تۇرفەتۇل ـ ئەين ئىچىدە يەتكۇردى.
ئەيش ئىلە ئىشرەت ئەيلەدۇك ھاسىل،
غەيرىنىڭ يادىدىن بولۇپ غافىل.
تاكى ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ئول سۆھبەت،
ئەيلەر ئېردۇككى ئەيش ئىلە ئىشرەت.
شۈكرى لىللاھ، ۋەقتى كامىيدۇر،
دەۋلەتى جامى جەم مۇدامىيدۇر.
تاپتى مەئشۇق لەئلى مەي بىلە جام،
ماڭا مىن بەئدى غۇسسە بولدى ھەرام.
بولدى تۇرتۇنچى كېچەسى بىلگىل،
كەيف ئېتىپدۇركى، مەستى لايەئقىل.
مەي مېنى مەست ئەيلەدى بىخۇد،
ئۆرلەتىبان دىماغلاردىن دۇد.
ۋەقتىكىم تاپتىم ھۇش، يارۇپ تۇن،
ئىككى نەيزە بويى چىقىپدۇر كۈن.
قوپدۇم ئورنۇمدىن ئىزتىراب بىلە،
سالدىم ھەر يان نەزەر شىتاب بىلە.
لەيسە فىد ـ دارەين غەيرۇھۇد ـ دىيار،
كۆرمەدىم ھېچ نەرسەدىن ئاسار.

چۈن سەراسىمە بولدۇمۇ ھەيران،
يۈگۈرۈر ئېردىم ھەر تەرەف جويان.
ئۇل ھەمە خەلقۇ زىينەتۇ ئەسباب،
يوق ھەم ئۇل شوخى دىلبەرى ناياب.
كۆردۈم ئىللا كەلىمى ئىچىدە،
چۈنكى تۈرى رۆتاق كۈنجىدە.
ئاچىپ ئانىكى باقسام، ئەي ياران،
باشى تەندىن جۇدا ئىككى مېھمان.
مەئشۇقى بىرلە ئاشىقى كۈشتە،
ياتادۇر خاكى خۇنغە ئاغۇشتە.
كۆرۈپ ئۇل ھالنى بولۇپ بىھۇش،
يىقىلىپمەن، قىلىپ فىغانۇ خۇرۇش.
كەلدىم ھۇشۇمغە بولدۇمۇ ھەيران،
نە قىلۇر نى بىلۇرنە يوق ئىمكان.
يۈرۈر ئېردىم چېكىپ فىغان ئىلە ئاھ،
ئۇچرادى بىر مۇلازىمى ناگاھ.
تانۇدۇم ئۇل كىمەرسەنى، تۇردۇم،
تۇتتۇم ئانى، نىگارنى سوردۇم.
دېدىم: ئەي بىۋەفانىڭ ئەييارى،
قايدا ئۇل ساھىرىيۇ مەككارى.
دېدى ئۇل: قىلمە ناسەزا ئاندىن،
لايىق ئېرمەسكى شىكۋە جاناندىن.
مەشغۇل ئۇل ھەم خەيالۇ فىكرىڭغە،
تىلى ئانىڭ ھەمىشە زىكرىڭغە.
سوردۇم ئانىڭدىن: قايدادۇر جانان؟
ماڭا ئايغىلكىم، مۇزدۇڭ ئۇلغاي جان.
دېدى: يۈرگىل ماڭا بولۇپ ھەمراھ،
يۈردۈم ئارقاسىدىن چېكىبان ئاھ.
يەتتۇك ئۇل يەرگە ئەرسەئىكى ۋەسىئ،
بىر ھەددىدە ئانىڭ ھىسارى رەفىئ.
ئۇل ھىسارىغە ئورناتىپدۇر باب،
شەئنۇ شەۋكەتدە قەلئەئى ناياب.
بولدى ئۇشبۇ قەرىنەدىن مەفھۇم،
پادشاھنىڭ ئىمارەتى مەئلۇم.
قەلئەنىڭ بىر ھەددىدە بىر مەسجىد،
رىفئەتى ئۇل ھىساردىن تەقلىد.

مەسجىد ئىشكىدە نەھرەكىم جارىي،
سايە سالمىشلار ئاندا ئەشجارى.
مېنى قويىدى دەرەخت ئىچىدە غۇلام،
ئۆزى قىلدى ھىسار سارى خىرام.
ئۆتتۈپ ئېردىكى لەھزەئى ناگاھ،
چىقتى خاجە سەرايى دەۋلەتخاھ.
ئايدى: ياتغىل بۇ كۈن بۇ مەسجىددە،
بارغىلۇ باغ ئىشىككە بامدادە.
تۇتتۇم ئۇل كۈن بۇ مەسجىد ئىچرە مەقام،
دىل فەرىشان ياتتىمۇ تا شام.
قوندۇم ئاندا كېچەنى ئۆتكەردىم،
تەئيىن ئولغان باغ ئىشكىگە باردىم.
ئوقۇدۇم شېئرى ئاشىقانە تۇرۇپ،
شۇئلەئى ئاھنى فەلەككە ئۇرۇپ.
دەردى ئىشقىڭغە تاپمادىم ھەمدەم،
غەمى ھەجرىڭغە قايدادۇر مەھرەم.
رازىدۇرمەن كويۇڭدا ئۆلمەككە،
جىسمىم ئاندا چۈرۈپ تۆكۈلمەككە.
ھۇرسەنمۇكى يا پەرىزادى،
يا مەلەكسەنمۇ، ئادەمىيزادى؟
بۇ نە ھۇسنۇ مەلاھەتۇ نى قەد،
بۇ نە لەئلۇ لەتافەتۇ گۈلخەند.
غايىب ئولدۇڭ پەرى كەبى كۆزدىن،
مەجنۇن ئولدۇمكى بىخەبەر ئۆزدىن.
بولسە ئېردى ھەيات ئەگەر مەجنۇن،
ئاڭلاغاي ئېردى دەردىدىن مەزمۇن.
چېھرەئى ۋەسل ئۆزرە بولسە ھىجاب،
فەتھ قىل، يا مۇفەتتىھۇل - ئەبۋاب.
باش كۆتەرمەن ھۇبابى ساغەردىن،
تا خەبەر تاپماغۇنچە دىلبەردىن.
تۇرۇپ ئېردىمكى بۇ تەلەب بىرلە،
يۈز تۈمەن مىھنەتۇ تەئەب بىرلە.
تاكى ئاچتى ئىشىكنى خاجە سەرا،
باشلادى ئىچكەرىگە باغى ئارا.
كۆردۈمۇ باغى مۆئلىك ئەشجار،
ئاندا كۆپ ئاچىلىپ گۈلى بىخار.

جارى باغ ئوتراسىدا نەھرە ئەزىم،
گويىيا گۈلىستانى خۇلدى نەئىم.
باغ ئاراسى ئارىق ياقاسىدا،
ئەبرىشىم زىلچە گۈل ئاراسىدا.
سەير ئېتىپ ھەر تەرەفدە گۈل كۆردۈم،
كېلىپ ئول فەرش ئۈزرە ئولتۇردۇم.
تىيرە تۈندە چىقۇرمۇ دەپ ئول ماھ،
مۇنتەزىر يولىغە چېكىپ يۈز ئاھ.
چىقتى ئول نازەنىن جىلۋە ئىلە ناز،
ھەر خىرامىدا يۈز مىڭ ئىشۋەۋۇ ناز.
كىردى باغ ئىچرە ھۆرى رىزۋانىم،
بىرى مىڭ بولدى ئىشقى تۇغيانىم.
ئىگنىدە خىلئەتى كەسىر خىراج،
باشىدا جەۋھەرى مۇكەممەل تاج.
قۇستۇرۇپ تاج ئۈستىگە جىيغە،
گۆشەدە لەئلى پارەدىن سىيغە.
كەلدى يۈز مىڭ كەرەشمە ناز بىلە،
ئالدى جانىمنى جىلۋە ساز بىلە.
يەتتى قاشىمغە، سوردى ھالىمنى،
بىلدى كۆپ مىھنەتۇ مەلالىمنى.
قىلدى كۆپ لۇتف مىھرىبانلىق ھەم،
سۆزگە كىردى ئول دىلرەباھىم ھەم.
دېدى: ئەي دوستى جان، مۇۋافىق يار،
مېنىڭ ئۈچۈن تولا چېكىپ ئازار.
مۇددەتىدۇر مېنىڭ رىزايىم ئىلە،
خىزمەتى ئەيلەدىڭكى رايىم ئىلە.
دەردى زەخمىمغە سەن ئىلاج قىلدىڭ،
نەقدى ئەمۋال تەمام سەرف قىلدىڭ.
مېنىڭ ئۈچۈنكى ھەرنە سەرمايە
بولدى سەرفۇ تەلاف دەسمايە.
ئۆتسە مەندىنكى ھەر نەچە تەقسىر،
بول بىھىلكىم مەھەل ئەمەس تەئخىر.
گاھ قىلغىل مېنى دۇئا (بىلە) ياد،
تاپغاسەن ئىككى ئالەم ئىچرە مۇراد.
نازەنىن بۇيرادى غۇلامىنى،
يۆتۈلەپ كەلدى تورفىچاقىنى،
يانە كەلتۈردى ئۈچ تۇلۇمدا زەر،
دېدى ئول نازەنىن: جەۋانغە بەر.
قويدى ئالدىمدا ئۈچ تۇلۇم زەرنى،
تارتتى ئالدىمدا ئارغىماق ئاتنى.
ئايدى: بۇ زەرنى زادى رەھ قىلغىل،
ھەرنە بولسە بۇ ئەسفىغە مىنگىل.
رازى بول، خىزمەتىڭ ئەمەس زايىئ،
قىلمە ئەسرار كىمسەگە شايىئ.
چۈن خىرام ئەتتى خۇبلاشىپ جانان،
خەيرى باد ئەيلەگەي بۇ تەن بىلە جان،
كۆردۈمۇ كەتكۈدەك ئىلىكدىن ئىش،
سانچىبان باغرىم ئۈزرە يۈز مىڭ نىش.
تۇتتۇم ئول يار دامەنىن مەھكەم:
بىۋەفالىق قىلۇرمۇ سەن ماڭا ھەم؟
خۇش قىلۇرسەن خىرام ئەيلەپ ناز
بولغاي ئول جانىم يولۇڭغە نىياز.
لېكىن ئۇشبۇ شىكەستەنىڭ دادى،
ئىككى سۆزدۇركى ئەيلە ئىزھارى.
قايرىلىپ تۇردى ئول نىھالى گۈل،
غۇنچە يەڭلىغ تەبەسسۇم ئەيلەدى ئول.
ھەر سۆزۈڭ بولسە ماڭا ئايتغىل ھەم،
قىلما تەئخىر، تېز بولغىل ھەم.
مەن دېدىم ئاڭا: خۇش كەلامى ناز،
ساڭا ھەق ئەيلەگەيكى ئۆمرى دەراز.
بولسە خاتىر شەرىفىڭە خاھىش،
ئەيلە ئەرزىم قەبۇلىغە كۆشىش.
بۇيراغىلكىم مېنى ھەلاك ئەتكەي،
گۆشەئى ئىچرە دەفنى خاك ئەتكەي.
قەتل ئېتەرسەن مېنى ئېرۇر دىلخاھ،
بولماغاي ئاندىن ھېچكىم ئاگاھ.
گەر سۆزۈڭنى ئىشتمەگەن بولسام،
بىئەدەبلىكنى ئەيلەگەن بولسام؛
سەندىن ئولغاي ئەمەلغە ئىسباتى،
ۋەرنەدۇركىم ماڭا مۇكافاتى.
گەر مۇكافات ئەيلەسەڭ ماڭا سەن،
فەرق نېدۇر ئارادە بەس سەنۇ مەن.

گەرچە مەن قىلسام ئاشنالىقنى،
سەن قىلۇرسەنمۇ بىۋەفالىقنى.
ماڭا سەنسىز تىرىكلىك ئولغاي ھەرام،
ئىككى ئىشنىڭ ھوسۇلىدۇر ماڭا كام.
بىرى: بۇ ئاستانە بابىدا،
ساناساڭ بەس غۇلام ھېسابىدا.
بىرىكىم زەرب ئىلە ھەلاك ئەتسەڭ،
سەن ئۆتەركىم يېرىڭدە دەفن ئەتسەڭ.
بولغاي ئول يەر سېنىڭ گوزەرگاھىڭ،
دەفن قىلغىلكى بولغاي ئول راھىڭ.
قويساڭ ئول يەرگە كىم قەدەم ناگاھ،
رۇھۇم ئولغاي بۇ مەئنىدىن ئاگاھ.
مۇتەبەسسىم بولۇپ، دېدى ئول ھۇر:
بېھۇدە قىلمە كۆپ ئۆزۈڭگە جەۋر.
بېھۇدە ئۆزگە ئەيلەمەك ئازار،
ئەقلدىنكىم بۇ ئىش يىراق، ئەي يار.
چۇن يېتەر خاتىرىڭغە ئانچە ۋىسال،
تاپماغاي سۇرەت ئول خەيالى مەھال.
ئايدىم ئول نازەنىن: يانا بىر سۆز،
كۆردى كارى غەرىبنى بۇ كۆز.
بولدى ئول كاركىم غەرىبۇ، ئەجەب،
قىلدى ئول كارنىكى قايسى ھەرىف؟
فائىلىكىم نېچۈك غەرايىبنىڭ،
بائىسى نە ئىدى ئەجايىبنىڭ؟
دېدى ئول نازەنىن: سەن سورماق،
مۇشكىل ئول سۆزنىكىم بەيان قىلماق.
ئەيلەمەك سىرنى دىل ئارا مەستۇر،
شەمئىكىم فانۇس ئىچرە رەۋشەن نۇر.
چۇن بۇ سۆزنى دېدىكى، بولدى رەۋان،
قالمادى مەندە ھۇش ئىلە دەرمان.
خاھلادىم يانە سۆز قىلاي شايەد،
بولدى خاجە كەنىزەكان مانەد.
بولدى غايىب نەزەردىن ئول لەيلى.
مېنى ئاندا چىقاردىلار خەيلى.
دېدىلەر ھەر چەند ئالغىل ئول دىنار،
قىلمادىم مەن قەبۇل ھەم رەھۋار.

نائىلاج ئولدى، بابنى ھەم ئەتتى،
تاشلادى مېنى، بىۋەفا كەتتى.
ياندىم ئاندىن داغى بولۇپ نەۋمىد،
ماڭا بولدى مەقام ئول مەسجىد.
ياتتىم ئول گوشەئىدە كۆز گىريان،
فۇرقەتىدىن بولۇپ باغىر بىريان.
قىلمادىم ئۆزنى كېمسەگە ئىزھار،
كۈندۈزى زارۇ كېچەسى بىدار.
ئۇشبۇ مەزمۇن ئولۇپ تىلىمغە مەقال،
ئايدىم ئول ۋەسفى ھالۇ شەرھى مەلال:
ئەي فەلەك، جانىمە جەفا قىلدىڭ،
مېھرىبان ياردىن جۇدا قىلدىڭ.
ئەي سىپھر، ئايرىدىڭ قۇياشىمدىن،
ماھ رۇخسارۇ باغرى تاشىمدىن.
ساڭا بىدادۇ بىۋەفالىق ئىش،
چۇن ئەزەل قىسمەتىدەكى بەخشىش.
يوق سېنىڭ زاتىڭا ۋەفاۋۇ كەرەم،
بەلكى مۇلكى فەنا ئىچىدە ئەدەم.
نى قۇياشىڭغە مېھر ئوتىدىن نۇر،
نى ۋەفادىن قىلۇر ھىلالى زۇھۇر.
گەرچە ھۆسنۇڭدا كەۋكەب ئەفشانلىغ،
لېكىن ئول جەمئىغە فەرشانلىغ.
شامۇ سۇبھىڭدە يوق سەفا ھەرگىز،
ماھۇ مېھرىڭدە يوق ۋەفا ھەرگىز.
گەردۇن ئېرمەسكى، جىسمى ئۆريانىم،
ئەنجۇم ئېرمەسكى، داغى ھىجرانىم.
ئاقىبەت ئەيلەدىڭ مېنى ھەيران،
بىنەۋاۋۇ غەرىبۇ سەرگەردان.
ئەي پەرىزادى بىۋەفايى ئەزەل،
ساڭا ھېچ يوقتۇر ۋەفاغە مەھەل.
تا دىلىم ئىشقى گەۋھەرىيغە سەدەف،
بولدى ئاخىر بەلا ئوقىغە ھەدەف.
تارتماغان بولسام ئىشتىياقىڭنى،
سالماغاي ئېردىڭ بۇ فىراقىڭنى.
مېنى قىلدىڭ كويۇڭدا بىچارە،
ئەيلەدىڭ ھەجرىڭ ئىلە ئەۋۋارە.

يا رەب، ئۇشبۇ شىكەستە ھەيرانغە،
رەھم قىل غۇربەت ئىچرە قالغانغە.
نەچچە ئەبياتى غەم ئەدا قىلدىم،
دەم بەدەم ئاھ ئىلە نەۋا قىلدىم.
ئۆتتى تا ئالتە ئايغە بۇ مىنۋال،
تاپتى مەھجۇرلۇق ھەزىن ئەھۋال.
تاكى ئۈچتى نەزەردىن ئول دىلدار،
بولدۇم ئاخىر فىراقىدىن بىمار.
بولۇپ ئانداغ زەئىف مەن مەئيۇس،
كىم مېنى كۆرسە، يەر ئىدى ئەفسۇس.
دەر ئىدى: بۇ زەئىفى مەھزۇن دىل،
بۇ كېسەلدىن ساقايماغى مۇشكىل.
سۇبھۇ شام بەلكى نالە تارتىپ ئاھ،
كۈندىنۇ كۈنگە ھالىم ئولدى تەباھ.
تاكى ئۈچ كۈن بولۇپمەنۇ بىخۇد،
ئەقلدىن ھۇش ئەيلەگەچ پەدرۇد.
كەلمىش ئول مەسجىدىگە جەمئىيەت،
چېكەر ئېردى دەرىغ ئىلە ھەسرەت.
دەر ئىدىلەر: ئاتاسى يوقمۇ ئىكىن،
مېھرىبانراق ئاناسى يوقمۇ ئىكىن؟
يا مۇسافىر، يەتىم، غەرىبدۇرمۇ،
ناتەۋانلىقدا سارغارىپدۇرمۇ؟
كۆپ ھۇجۇم ئەيلەر ئېردى قاشىمدا،
ئولتۇرۇپ يىغلار ئېردى باشىمدا.
بىر كۈنى ئول كېچەدە راھى نەماي،
مەسجىد ئىشىكگە كەلدى خاجە سەراي.
كۆردى بۇ جەمئىيەتنى قاشىمدا،
ئول ھەم ئولتۇردى فەسلى باشىمدا.
چۇن بەسىرەت كۆزىنى سالدى ئول،
تانۇدىكىم مېنى بۇ ھال ئىلە ئول.
كۆپ تەئەسسۇف چېكىپ، بولۇپ ناچار،
بارمىش ئول دەم ھەرەمغە يىغلاپ زار.
ئەرز قىلمىشكى شاھى خۇبانغە،
ئاشىقى ھالىن ئايتمىش جانانغە.
ماڭا ئەيلەپ تەرەھھۇم ئول جانان،
قىلمىش ئول خاجەغە يەنە فەرمان.

ئول غەرىبنىڭ قاشىغە بارغىل تېز،
ئۆلسە گەر قىل كەفەن ئاڭا تەجھىز.
ھېچكىم تاپماغاي خەبەر كېچەدە،
كەلتۈرۈپ دەفن قىلغى باغ ئىچىدە.
باغچە ئىچرە فەلانى سەرۋى تۈبى،
بولغاي ئانىڭكى خاس يەرلىك ئۆيى.
قىلغۇم ئانىڭ ۋەسىيەتىغە ئەمەل،
گاھ تاپسام زىيارەتىغە مەھەل.
تاكى بولسە ھەيات مەسجىدىدە،
سەن بارىپ كەلتۈر ئانى تېز ئاندە.
رەنجىگە بىز مۇئالىجە قىلساق،
مېھنەتىدىن مۇخارەجە قىلساق.
شايەد ئانچە دەۋا پەزىر ئولغاي،
سەھتى كامىل چۇ دەستىگىر ئولغاي.
كەلمىش ئول خاجەكىم تۇتۇپ فەرمان،
مېنى ئالىپ ھەرەمغە بولدى رەۋان.
كېچە باغى ھەرەمغە كەلتۈردى،
تەنى مەھزۇننى جانغە يەتكۈردى.
كېلىپ ئولتۇرمىش قاشىمە ئول يار،
مەرھەمەت بىلە كۆرسەتىپ دىلدار.
كەلتۈرۈبان تەبىبى ھازىق ھەم،
ئەمر ئېتىپ ئەرزى ئىختىسامىن ھەم.
كۆردى ئول ھاكىمى ھەزاقەت ئىلە،
باقتى ئىيسا كەبى رىفاقەت ئىلە.
رەفئى تەن زەئىفغە قىلۇرغە ئىلاج،
بەردى تەرتىب ئىلمى ھىكمەتغە رەۋاج.
باقمىش ئۈچ كۈن مېنى بۇ تەرتىب ئىلە،
تامىزىپ ھەلقۇمە بۇ شەربەت بىلە.
شەربەتى تەنگە قۇتى قىلدى جۇش،
بەلكى تۆرتۈنچى كۈن تاپىپمەن ھۇش.
كۆز ئاچىپ باقسام ئول گۈل ئەندامى،
بالىنىم ئۈزرە ئالمىش ئارامى.
ئاقىزىپ گۈل جەمالى ئۈزرە ياش،
زەررەلەركىم ساچار نېچۈككى قۇياش.
شەفقەت ئىلە ئىچۈردى ھەر سائەت
ئاغزىمە ئۆز قولى بىلە شەربەت.

ئاڭلاڭىز بۇ مەسەلنى، دەرۋىشلەر،
دەشتى ھىجران كەشىدە دىلرىشلەر.
دەردى مەئشۇق دەۋايى ئاشىق بىل،
نۇشى فەرھادۇ نىشى شىرىن دىل،
ئاچتىم ئول سەرۋ يۈزىگە دىيدەمنى،
يارۇتۇپ دىيدەئى رەمىيدەمنى.
نەرگىسى ئۇزرە سۈرمە زاھىردۇر،
سۈرمەئى مەھكەلۇل — جەۋاھىردۇر.
بىمەھابا چىقىپ جىگەردىن خۇن،
كۆزلەر ئاقىزدى يۈزۈمە جەيھۇن.
بەئدى ئۆتمىش يىگىرمە كۈن بۇ ھال،
كەلدىم ئۆز ھالىمە شىكەستە مەجال.
تا بۇ مۇددەتغە كېچەۋۇ كۈندۈز،
قىلدى غەمخارلىغ ماڭا دىلسوز.
تۇرفە خۇشبۇيى ئەنبەر ئاسالىغ،
ئەينى دىلجويى ئىشرەت ئەفزالىغ.
بىر كېچە ئايدى: ئول شەكەر گۇفتار،
مەتلەبىڭ نېدۇرۇر، دېگىل، ئەي يار.
دېدىم: ئەي مىھر، زەررەڭ ئولغايمەن،
ھەرنە قىلساڭكى بەندەڭ ئولغايمەن.
ماڭا مەقسەد تا بار ئىمكانىم،
قەدەمىڭغە نىسار ئېتەي جانىم.
خاكى پايىڭنى تۇتىيا قىلسام،
بەسكى ئالدىڭدا جان فىدا قىلسام.
ئول كۈنى يەتتىم خىزمەتىڭ شەرەفى،
گەۋھەرىڭغە دىلىم بولۇپ سەدەفى.
تا كۈنىغە بولۇپمەنۇ مەھرۇم،
بۇلئەجەب ۋاقىئات ئولۇپ مەئلۇم.
ھەرنە كۆردۈم، ئىشتتىمۇ مەن ھەم،
قىلغىل ئانى بەيان ماڭا سەن ھەم.
چۈن بۇ سۆزنى ئىشىتتى ئول رەئنا،
چەكتى جان جىگەرىدىن ئۇتلۇغ ئاھ.
ئايدى: ھەققىڭ ماڭا ئېرۇر بىسيار،
مېنىڭ ئۈچۈن تولا چېكىپ ئازار.
سەرف قىلدىڭ مېنىڭ ئۈچۈن مالىڭ،
ئىشقۇ ھەجرىمدە نې كېچىپ ھالىڭ؟

مەن ھەم ئەمدى رىزايىڭ ئىستەرمەن،
ھەرنەكىم مۇددەئايىڭ ئىستەرمەن.
بىلگىل، ئاگاھ بول ۋە دانا بول،
ئاڭا مەزمۇنۇ نۇكتە گويا بول.
مېنى بىل پادىشاھى شام قىزى،
نامى مەزكۇر شەھى نىزام قىزى.
باغرى پەيۋەندى، كۆڭلى خۇرسەندى،
مەندىن ئۆزگە يوق ئېردى فەرزەندى.
مىھرىبانلىق قىلىپ ئاتام بىسيار،
يۈزۈمە سۈرتەر ئېردىكى رۇخسار.
تا ماڭاكىم بولۇپدۇرۇر ئادەت،
ئەيلەر ئېردىم نىشات ئىلە ئىشرەت.
ئۆتكەرىپ لەھۋى بىرلە ئۆمرى مۇدام،
نۇش ئېتىپ ئەيش بىرلە بادەئى جام
كەلدى ناگاھ ھۇرۇمەت ئەيىامى،
مىسلى زۇلھەججە، قەئدە ئىسلامي.
قىلدىم ئول كۈنلەرىدە تەركى شەراب،
چۈنكى خۇمماردىن بولۇپ بىتاب.
دەردۇ رەنجىم زىياد ئولۇپ ھەربار،
چەكتىم ئانچە خۇماردىن ئازار.
بار ئىدى ماڭا بىر ئاتاغەئى نام،
نۇشى كۆكنار ئەيلەر ئېردى مۇدام.
ئول كۆرۈپ ھالەتىمنى دىگەر گۈن،
فەھم ئەيلەپ خۇماردىن مەزمۇن.
ئەرز قىلدىكى: جۇرئەئى كۆكنار،
قىلغاي ئاندىن مەلىكە دەفئى خۇمار.
ئانىڭ ئەرزى بولۇپ ماڭا مەئقۇل،
تۇتتۇم ئول فەھمىلىغ سۆزىنى قەبۇل.
كەتتى كۆكنار ئۈچۈن، بولۇپ ئاگاھ،
كەلدى داغى بىرەۋ ئاڭا ھەمراھ.
كەچىلىيكىم سەكىز - توقۇز ياشى،
بۇلئەجەب شەكلى بۇيلە گۇل باشى.
ۋەھ، قەبا ژەندەۋۇ كۇلاھى نەمەد،
قاشىمە كىردى ئول شەمايىلى بەد.
كۆرگەچ ئانى، بولۇپ دىلىم بىتاب،
ئەيلەدىم بارەئى خاجەغە ئىتاب.

خاجە ئېيلەپ تەبەسسۇم ئۇل ھالەت،
ئايدى: بولغاي مەلىكە باھۇرمەت.
قىلماق ئەلگە نەزەر ھەقارەتدىن
نىڭ ئەمەس، خەلق ئېرۇركى قۇدرەتدىن.
ھەممەئى بەندەنىڭ شەھەنشاھى،
كى بارۇر يەر ئانىڭكى دەرگاھى.
خاجە تۇتتى قەدەھدە كۆكنارىن،
سىپقارىپمەنكى تەشنە لەب بارىن.
لەھزەئى ئۆتتى كەيف ئېتىپ كۆكنار،
قىزارىپ چىھرە، بولدى دەفئى خۇمار.
سۇھبەت ئولدۇم، كېتىپ سۇدائى مەلال،
تاپتىم ئول كەيف ئىلە بۇ ياخشىلىغ ھال.
ئەز قەزا تاشقارى ئىمارەت ئارا،
كەنىزەكلەر ئارا چىقىپ غەۋغا.
ھەممە ھەزلۇ مۇتايىبە ئىشىدا،
ئورلاشىپ بارچەئى كەچەل باشىدا.
خەندەۋۇ كۇلكۇدىن بولۇپ بىداد،
كەچەل ئېيلەر فىغان ئىلە فەرياد.
ئايدىم: ئول ماجەرا نە غەۋغادۇر،
كەنىزەكلەر ئارا نە سەۋدادۇر؟
خاجە ئايدىكى: ئول كەچەل كۆكنار،
كەنىزەكلەر بىلە مۇتايىبە زار.
كۆكنارخانەدە كېچە ـ كۇندۇز
قىلاشىپ خەلق بىلە مۇتايىبە سۆز.
چىرلادى خاجە ئانى، قىلدى سوئال:
بۇ نە ۋاقىئە ئېرۇر، نە قىلۇ قال؟
كەچەل ئول خاجە سارى سۇردى گام.
سۇخەنى تەلخ ئىلە قىلىپ دۇشنام.
ھاسىل ئول كەچەل ئۇزرە مەسخەرە باز،
سۆز بىلە كۆڭلۇم ئالدى ئول ناساز.
سۆز بىلە ھەممەنى قىلىپ خەندان،
فۇرسەتىكىم تۇرۇپمەنۇ ھەيران.
ئەمر قىلدىمكى كوزەئى كۆكنار،
توشقارىپ بەرسۇن كوزەغە دىنار.
ئاڭا ئايدىمكى: كۇندە كەلگەيسەن،
ماڭا كۆكنارى سەن كەتۇرگەيسەن.

ھەر كۇنى كەلمەكىگە تاپتى قەرار،
كەلتۇرۇپ ئول قەرارىدا كۆكنار.
ۋەقتىكىم ئۆتتى ھۇرۇمەت ئەييامى
ئەھلى مەيخارنىڭ تولۇپ جامى.
يانە قىلدىم شۇرۇئى نۇشى شەراب،
مەي ئوتىدىن سالىپكى بەزمىگە تاب
نەچچە ۋەقت نۇش ئېتىپ مەيى گۇلفام،
يانە كەلدى زۇلھەججەئى ئەييام.
كەلتۇرۇپ يانە كەچەل ھەم كۆكنار،
ئالدى كوزىغە توشقارىپ دىنار.
ئېيلەدىم ئانچە لۇتف بىرلە كەرەم،
بەردىم ھەم زەررىن سىيمىن ئىلە دەرەم.
ئالتە ئاي تاكى ئۆتتى ئۇشبۇ زەمىر،
بولمادىكىم لىباسىغە تەغيىر.
ئالدى ئىنئام كۆپ ھەرامزادە،
كەتمەدى ئەگنىدىن كۇلاھ، جەندە.
بىر كۇن ئايدىمكى: ئەي قەبايى دون،
نېگە ئولماس لىباسىڭ دىگەر گۇن؟
ئېيلەپ ئېردىم ساڭا كەرەم بىسيار،
بەس، نە قىلدىڭ ئۇشۇل دەرەم ـ دىنار؟
كەچەل ئايدىكى: ھەر نە قىلدىڭ ئەتا،
بەردىم ئۇستادىمە، نە مەندە خەتا؟
مەن فەقىرى كەمىنە تىفلى يەتىم،
بەلكى كۆكنارخانە ئىچرە نەدىم.
مېنى ئالمىش ئىجارە ئىشغە بىرەۋ،
مەن ھەم ئول قەيدى خىزمەتىدە گەرەۋ.
ماڭا بەرمىشكى يىلدا مىڭ دىنار،
كەچمىش ئەۋقات ئول سەبەبدىن يار.
يېمەك ـ ئىچمەكنى بەرمىش ھەم ئاندىن،
ھەرنە تاپسام، ئالۇر ئانى مەندىن.
بولمىش ئول مەرد ئەسرۇ دىنادار،
بائىس ئول تىفلى كەچلىئى كۆكنار.
بىلگىل ئول مەردى ئاقساقال ئىدى،
كىم جەۋاھىرفۇرۇش خىسال ئىدى.
ئول كۇنىكىم ئىبەردى سەندىن زەر،
زەربەفتۇ تەبەق ئارا ئەھمەر.

يانە سوردۇم مەن كەچىلى مەئمۇردىن:
خەبەرىڭ بارمۇ كۆكنار ئالۇردىن؟
كەچىل ئايدىكى: ئارى، بىلگەيمەن،
ھەرنە ئەمر ئەيلەسەڭكى قىلغايمەن.
ئاڭا ئەمر ئەيلەدىمكى بىر ئىش قىل،
بارچە ئەسبابىنى مۇھەييا قىل.
مۇندا بىر ئۆي ئۆزۈڭگە تۇتغايسەن،
ئاندا كۆكنار ئىشىنى قىلغايسەن.
تۇتتى ئەمرىمنى ئول بىلىپ دەرھال،
قىلدى ئەسبابنى جابەرجا ئەلھال.
نەچچە دەستە لىباسى فاخىر ئاڭا،
ئىلتىفات ئەيلەدىمكى ئاخىر ئاڭا.
ئولكى بار ئوردا ئىچرە خىزمەتكار،
كەچىل ئولدى ئۇلار ئۇزە سەردار.
تاپىپ ھەر كۇن تەرەققىي ئەھۋالى،
بولدى ئەفزۇن جەمالى ئەشكالى.
چۇنكى شوخۇ نەدىمى تىفلى زەرىف،
ئەيلەدىم ئانى سۆھبەتىمغە ھەرىف.
سۆھبەتىدىن ھەرىفغە خەتتى تەمام،
سۆزىدىن ئەيش ئەلگە زەۋقى كەلام.
بارە - بارە كۆڭۈلگە ئىشق ھاسىل،
بولمىش ئول سۆھبەتىم ئارا داخىل.
كۆرمەكىم زەۋقى كۆزدە قىلدى جا،
دىلنى سۇلتانى ئىشق ئېتىپ مەئۋا.
بىر دەمىي كۆرمەسەم جەمالىنى،
تاپماسام نىئمەتى ۋىسالىنى؛
تۇشكەي ئول دەم دىلىمغە لەرزەۋۇ تاب،
چىھرە سارىغ بولۇپ، كۆزۈم بىخاب.
كۆرمەكىم تىغى رەڭ ئۆچۈرمەكدىن،
كۆيدۇرۇر دىلنى تاب سۇرمەكدىن.
تۇشسە ھەر كىمگە ئىشقدىن پارە،
بولغاي ھەر يەردە زارۇ بىچارە.
كەچتى ئۇچ يىل بۇ ھالىغە مۇددەت،
كېچە - كۈندۈز ئانىڭ بىلە سۆھبەت.
بىر كۇنى ماڭا ئايدى ھەمدەملەر،
مەسلەھەت بىلە دايە مەھرەملەر:

غەير مەردۇم قويار ھەرەمغە گام،
بولغاي ئاندىنكى بائىسى بەدنام.
ئاڭلاغاچ مەن نۇكتەدىن مەزمۇن،
تۇشتى فىكرەتغە بۇ دىلى مەھزۇن.
خىزمەتىكىم ئانى قىلاي راجىئ،
يوقكى خىزمەت يولىغە ھېچ مانىئ.
ئاڭلاتىپ مەن ئاتامغە ئانى بەلىغ،
مەنسەبى بەردىلەر كىرەر ئاغالىغ.
پادىشاھغە بولۇپكى ئول مەھبۇب،
مۇئتەمىدلەر سۇلۇكىدا مەرغۇب،
ئۇچ تۇمەن تەڭگە ئەيلەدىم ئىخراج،
تاپتى مالۇ مەتائ بىرلە رەۋاج.
دۇكانى ئالىي تەۋق ئېتىپ بەرپا،
نە كۆرۈپ كۆز، ئانى قىلىپ بەرجا.
ئول مېنىكىم ھىمايەت ئەيلەر ئىدى،
كۆپ ئەل ئانى رىئايەت ئەيلەر ئىدى.
بارچە ئەسبابى كارخانە بەجام،
ئىبەرىپمەن ئاڭا كەنىزۇ غۇلام.
ئالدىمۇ بىر ئىمارەتى ئالىي،
بۇيرۇدۇم نەقبەئى قازىپ خالىي.
نەقبەكىم ھەۋلىدىن ھەرەمغە يول،
كېچە خالىي ھەرەمگە كەلگەي ئول.
كۆچۈرۈپ ئانى ئاندا كەلتۇردۇك،
لازىمەتلىك نېمەرسەنى بەردۇك.
ئانىڭ ئىشقىدا مۇبتەلا بولدۇم،
ئەزىز ئېردىم، بۇ دەمدە خار بولدۇم.
خاجەۋۇ دايە دۇختەرى بىلە يار،
بولدىلار چۇن بۇ ئىشدا ھەمئەسرار.
تاپماغايلار ۋۇقۇف خادىملار،
ئالماغايلار خەبەر مۇلازىملار.
كېچەلەردە كېلۇر ئىدى خىلۋەت،
كېچە - كۈندۈز قىلۇر ئىدۇك ئىشرەت.
سۇبھى كازىبغە سۆھبەتى خالىي،
ئەيلەدۇك ئەينى ئىشرەتى ئالىي.
بىر كۇنى كۆردۇم ئانى مەن دىلگىر،
بائىسىن سوردۇم ئېرسە ئايدى دەلىر:

كۆردۇمۇ شەھر كەينىدە باغى،
داغلار قويمىش ئاندا يافراغى.
باغىكىم گويىيا بىھىشت نەما،
تۇرفە خۇش تەرھۇ خۇش ھەۋاۋۇ سەفا.
بەيۇ تاپمىش ئىمارەتى مەئمۇر،
ئۈچ تۇمەنگە بەھا تاپىپ مەزكۇر.
بەلكى بىر مىڭ تۈمەنگە ئەرزاندۇر،
شەۋقىدىن كۆڭلۇم ئىچرە لەرزاندۇر.
لېك ئەمەس ئېردى مەندە زەر ھازىر،
ساتغا قىلدىم بۇ ئەرزنى زاھىر.
دەرمەھەل مۇددەئاسىنى بىلدىم،
ئول رىزاسىدا جۇستۇجو قىلدىم.
ئۈچ تۇمەن تەڭگەنى بېرىپ بۇ ھال،
چىھرەسى ئاچىلىپ ئانىڭ ئەلھال.
ئول ئىمارەتنى بارىپ ئالدى ئول،
سەن بارىپ كۆرگەن ئول ئىمارەت شول.
بىر كېچە سەيرى باغنى ئەيلەپ جەزم،
قىلدىم ئول باغ سارىغە مەن ئەزم.
باغىكىم كۆردۇم ئانى رۇھ ئەفزا،
مىسلى جەننەت ئانىڭ نەماۋۇ ھەۋا.
نەچچە كۈن بىرگە بۇ ھاۋالىغ ئىدى،
ئىشتىياق ئىلە دىلرەبالىغ ئىدى.
داغى بىر كۈن يەنە بولۇپ بىھال،
زاھىر ئول چىھرەسىدە دەردۇ مەلال.
سوردۇم ئول بائىسىنى، قىلدى بەيان.
دېدى: بىر كەنىزەكدۇر خۇش ئەلھان.
ماھ رۇخ، زۆھرە جۆببە - جەڭگى نەۋاز،
خۇش سۇخەن، خۇش مەقامۇ، خۇش ئاۋاز.
بەھرەۋەر ئىلمى مۇسىقىيدا كەمال،
ساتغامىش ئول كەنىزنى فىلھال.
لايىق ئۇشبۇ ھەرىمى خىلۋەتىغە،
دەرخور ئولكىم مەلىكە خىزمەتىغە.
گەرچە بولسە مەلىكەدىن فەرمان،
قىلسام ئانى مۇلازىمەتىغە رەۋان.
بىلدىمۇ خاھىش ئەيلەگەي ئانى،
كۆڭلى ئىچرە بۇ شەۋقى تۇغيانى.
بەردىم ئول بەيئىلىغ بەھاسىنى،
ئىستەپ ئانچە ئانىڭ رىزاسىنى.
ئۈيگە كەلتۈردىلەر كەنىزەكنى،
كۆردۈم ئول ھەيئەتى دىدەكنى.
ھەر ھەسسىيەدەكىم ئېرۇر قابىل،
ئەھلى دىللارنى ئەيلەگەي بىدىل.
خىلئەتى بەخشش ئەيلەدىم ئول دەم،
فەيزە تاپتىمكى سۇھبەتىدىن ھەم.
بۇيرۇدۇم ئول كەنىزى خۇش رەفتار،
بولغاي ئانىڭ قاشىدا خىزمەتكار.
ئۆتتى بىر نەچچە كۈنۇ كەلمەدىلەر،
دايەكىم ئانىڭ ئۈچۈن باردىلەر.
ئاڭا دەپدۇر: بولۇپمەنۇ ساقىسىز،
ئاڭلادىم ئۇشبۇ سۆز، بولۇپ چانسىز.
كۆرمەككە قىلىپمەن ئول دەم جەزم،
ۋەقتىكىم يەتتىم ئاندا ئەيلەپ ئەزم.
كۆردۇمۇ ئولتۇرۇر قاشىدا كەنىز،
باشى ئاستى قويۇپ كەنىزەك تىز.
بەھرەۋەر گۇلشەنى جەمالىدىن،
كام ئالىپ لەبلەرى زۇلالىدىن.
بولدى چۈن بۇ قەرىنەدىن مەفھۇم،
ئول ئىكەۋىنىڭ مۇھەببەتى مەئلۇم.
چۈن مېنى كۆردىلەر، بولۇپ تەرىفاي،
ھەربىرى گۇشەئىدە تۇتتى جاي.
بەرمەدىم مەن ئۇلارغا ھېچ ئازار،
بەلكى لۇتفى نەۋاز ئېتىپ ئىزھار.
چۈن ئۇلار ئىچرە بىر - بىرىگە ئىتاب،
رەشك ئوتى بىلە باغرىم ئولدى كەباب.
ھاسىلى ئول ئىكەۋىنىڭ ئەھۋالى،
قالمادىكىم ئەۋۋەلقىدەك ھالى.
دامەنىن يىغدى ئىختىلاتىمدىن
رىشتەئى ئۈزدى ئىرتىباتىمدىن.
قوپتۇم، ئۈز ھالىغە قويۇپ ياندىم،
دەردۇ غەم بىرلە ئۈيۈمە ياندىم.
خاتىرىمدىن فەراغەت ئولدى يىراق،
كېچە - كۈندۈز چېكىپ سەزايى فىراق.

بەئد ئۆتتى نەچچە كېچە - كۈندۈز،
كەلمەدى ئول جەۋانى مېھرى ئەفرۇز.
بىر كۈنىكىم بولۇپ دىلىم بىتاب،
ھەجرى بىلە فىراقىدىن بىخاب.
چىرلاغالى كىشى ئىبەردىم ئاڭا،
ئۆيدە يوق دەپ خەبەر كەتۈردى ماڭا.
ئاتەشى رەشك سىنە داغىمىدىن،
شۇئلەلەر ئۆرلەتىپ دىماغىمىدىن.
ئۆيقۇغە سالدىمۇ ئۆزۈمنى ھەم،
كەتتى ئۆيقۇغە دايە، خاسى ھەرەم.
قوپتۇم ئاھىستە، قويدۇم ئول يان گام،
باردىم ئانىڭ ئۆيىگە بىئارام.
كۆردۈمۇ بىر كەنىزەك ياتىپدۇر،
ئۆيقۇ سارى ئاياغ ئۇزارتىپدۇر.
ئويغاتىپ سوردۇم ئول كەنىزەكدىن:
قايدادۇر، قىل خەبەركى خوجاڭدىن.
بۇ كېچە باغ سارى قىلدى خىرام،
باردى سەيلىگە مەھبۇب ئىلە تەمام.
خاترى خۇشى دىل ئىلە سۇھبەت،
مۇغتەنەم تۇتماق ئەيش ئىلە ئىشرەت.
چۈن ئىشىتتىم بۇ سۆز كەنىزەكدىن،
چىقتى ئاھىم فەلەككە بۇ جاندىن.
ئىشقى تۇغيانىم قىلدى بىتاقەت،
قىلدىم ئول باغقە بارغالى جۈرئەت.
قۇۋۋەتى كەتتى قول - ئاياغىمىدىن،
تىيرە بولدى جەھان قاراغىمىدىن.
ئاندىن ئول باغقە باردىمۇ شول دەم،
باغ ئىشىكىن ئېتىپدۇرۇر مەھكەم.
نائىلاج باغ تامىغە يارماشتىم،
تامداكى شۇخەلەرغە قارماشتىم.
مىلك مۇشەققەت بىلە تۇشۇپ باغقە،
شۇكرى قىلدىم خۇدايى بەرھەققە.
يۈردۈمۇ سەير قىلدىمۇ باغنى،
يار ئىلە چارىدە كۆردۈم ئانى.
ئايغە ئۇن تۆرت ئىدى بۇ كۈنلەردە،
رەۋشەن ئەيلەپ قەمەر جەمالىدە.

بۇ كېچە بولمىش ئول ئىكەۋ بىر تەن،
ئىككىسىگە مەقام بولۇپ گۈلشەن.
بوينىغە قوللارىنى سالىپدۇر،
بۇسە ئەيلەپ، كەنارە ئالىپدۇر.
كۆردۈم ئول ۋاقىئەئى ئۆشبۇ زەمان،
ھىچ ئۆزۈمدە قالمادى دەرمان.
تۇرفە ھەيرەت مەقامىدا تۇردۇم،
سىيرىلىپ، گۈل تۈبىدە ئولتۇردۇم.
قالدى رەفتارىدىن بۇ ئىككى قەدەم،
بەلكى گۇفتارىدىن زەبانىم ھەم.
فارىغ ئولدى ئۇلار مۇئانەقەدىن،
قوپتى ئول دىلبەرى قۇچاقىدىن.
قوپتىلار دىلبەرى بىلە دىلجۇ،
ئولتۇرۇپ بىر - بىرىسىگە ئۇترۇ.
قوللارىغە ئالىپ سۇراھى جام،
تۇتۇشۇپ بادە، قىلدىلار ئاشام.
ماڭا ئېردى كەنىز يۈزى ناگاھ،
ئۆيلە بىئىختىيار چەكتىم ئاھ.
ئەي فەلەك، مېنى مۇنچە خار ئەتتىڭ،
ئانىڭ ئىشقىدا خارۇ زار ئەتتىڭ.
ۋايكىم، كىمسەنىڭ چەراغىدۇر،
مەجلىسى غەيرىنىڭ فەراغىدۇر.
ۋەقتىكىم بەختى مەھ قارا بولدى،
ئاشقىكى بىرەۋگە زار ئولدى.
ۋەقتى ئولكىم مېنى تانۇدى كەنىز،
تاشلادى جامنى قولىدىن تېز،
ئىلكىنى سىلكىپ ئول جەۋانغە ھەمان،
ئەيلەپ ئانچە ئىتابى ناز ئەيان:
ئايدىكىم: بار ئېرۇر ساڭا شەۋھەر،
چېھرەنى تۇرتىبانكىم ساچتى زەھەر،
دېدى: كارى ئەبەس ئېرۇر، ئەي يار،
ماڭا ھەم ئۆزۈڭە قىلىپ ئازار.
چۈن مېنى كۆردى ئول نەدىمى سۇپەر،
بولدى قەھرى ئىتاب ئىلە مۇزتەر.
دېدىكىم: ئەي مەلىكە، نى كارىڭ،
بولغاي ئەمما خۇدا مەدەدكارىڭ.

سەن ماڭا تېۋە ـ ئاتمۇ ساتتىڭمۇ،
يا مېنى سەن ساتىپمۇ ئالدىڭمۇ؟
خانۇمان تەرك ئەيلەدىم زاھىر،
سەن مېنى تەرك قىلمادىڭ ئاخىر.
ئايدىم: ئەي ناجەۋانمەردى ئەسىر،
سۆھبەتىڭدىن نە بولغاي ئەتسەڭ سىير؟
دېدىكىم: تا ئۆزۈمنى ئەتمەي ھەلاك،
ساكىن ئولماس دىلىڭ بۇ ۋەجھىدە پاك.
غىلافىدىن چىقاردى بىر خەنجەر،
خەنجەر ئەرمەسكى مەبلەغى شەمشەر.
خاھلادىكىم، ئۆزگە سالغاي تىغ،
زايىئ ئەتكەي ئۆزىنى ھەيفۇ دەرىغ.
ۋەھم ئېتىپ ئالىغە يۈگۈردۈم چۇست،
يالبارىبان قولىنى تۇتتۇم رۇست.
ئاياغىغە تۇشۇپ، بولۇپ نالان،
سېنىڭ ئالدىڭدا مەن بولاي قۇربان.
دېدىم: ئول تىغنى ماڭا سالغىل،
بۇ تىرىكلىكدىن مېنى قۇتقارغىل.
قەھرىدىن سالدى خەنجەرىنى ھەم،
مەن رىزا بەردىمۇ ئۆلۈمگە ھەم.
ئەقلىدىن ھوش بولدى بىگانە،
بىلمەدىم مەن نە بولدى بەس يانە.
تاكى ئول دەم تاپتى ئەقلىم ھوش،
يەتكەچ ئول دەم قۇلاقغە تۇرفە خۇرۇش.
ساندۇق ئىچرە ئۆزۈمنى كۆردۈم ھەمان،
سەن قاشىمدا تۇرۇرسەنۇ گىريان.
مەئلۇم ئېردىكى باغىنىڭ مەشئەلى،
بىر تامى ئېردى شەھرىنىڭ سىفىلى.
چۇنكى سالمىش مېنىكى ساندۇقغە،
تاشلاپ ئول ساندۇق ئىلە خەندەكغە.
ئۆمرى باقىي ئىكەن ماڭا داغى،
يەر ئۆزە تۇشتى ساندۇق ئول چاغى.
بائىس ئولمىشسەنۇ ھەياتىمغە،
سەيئىلەر كۆركۈزۈپ نىجاتىمغە.
بۇلئەجەب ۋاقىئەدىن ئېردى غەرەز،
مەن ھەم ئالماق ئۇچۇن قانىمغە ئەۋەز.

قەتل قىلدىم ھەر ئىككى بەد خۇنى،
چەشمى جادۇ، بۇرىدە كىيسۇنى.
ئانى ئول پايەدىن بۇ ئەئلاغە
يەتكۈرۈپمەن مەقامى بالاغە.
مۇنى قىلدى ماڭا، ئىشىتتىڭ سەن،
مەن ھەم ئەتتىم ئۇلارغە، كۆردۈڭ سەن.
سوردۇم ئانچە ئەساسەئى ئەسباب،
كۆرسەتىپ، بارىن ئەيلەدىڭ ناياب.
قايدىن ئىلىتىپ ئىدىڭ يارىم كۇندە،
يوق قىلىپسەن بارىن يارىم تۇندە.
دېدى: بارچە ئاتامنىڭ سەركارى،
ئاندىن ئېردى مۇيەسسەر ئول بارى.
دېدىم: ئۆز ئۆيۈڭە نېچۈك باردىڭ،
ئاتا ـ ئاناڭغە نېچۈك ئۇزرە دېدىڭ.
ئايدى: چۇن شاھلارغە قائىدەدۇر،
مەملەكەت ھالىدىن مۇشاھىدەدۇر.
ئالتە ئاي مەسنەدى ھۆكۈمەتدە،
ئالتە ئاي سايىرى ئەزىمەتدە.
يوق ئىدى شەھرى شام ئىچرە پەدەر،
دەۋرى ئەندىش ئېردى ھەم مادەر.
قىلماي ئاۋازە مادەرى يانە،
جۇستۇجۇ ئەيلەر ئېردى خۇفيانە.
كەتتىڭۇ رۇخسەتىم بىلە ئول كۇن،
ئول يىگىتنىڭ ئۆيىگە تەكلىف ئۇچۇن.
باشىمە سەتر ئەيلەدىم چادىر،
ياشۇرۇن باردىم ئۆيۈمە زاھىر.
مېنى كۆرگەچ ئانام بولۇپ خۇشھال،
سوردى چۇن كەيفىياتىدىن ئەھۋال.
دېدىم ئولكىم خۇدايى ھەق زاتى،
زاتىدا يوق غەلەتدىن ئىسباتى.
بولمادىم غەيب ئىختىيار بىلە،
مەگەر ئول ھۆكمى كىردىگار بىلە.
گەرچە مەن غايىب ئولدۇمۇ مەھبۇس،
قىلمادىم، شۇكرى، رەخنەئى نامۇس.
پۇتمەيىن سۆزگە، تۇتمايىن باراۋەر،
قىلمادى ھېچ قەبۇل ئانى مادەر.

uyghurkitap.com

قىزلىقىمنى ئانام كۆرۈپ تەھقىق،
بولدىيۇ خۇشنۇد مادەرى مۇشفىق.
داغى ئەرز ئەيلەدىم ئانامغا كۆڭۈن:
يانە رۇخسەت تىلەرمەنۇ ئۈچ كۈن.
نەچچە تۈرلۈك نېمەرسە لازىم ھەم،
دورغەۋۇ توقباشى، مۇلازىم ھەم.
بەئدى ئۈچ كۈن قاشىڭغە كەلگەيمەن،
ئۆتكەن ئىشلارنى نەقل قىلغايمەن.
غايەتى مېھرىبانىم ئېردى ئانام،
تىلەپ ھەقدىن سەلامەتىمنى مۇدام.
تۇتماي ئۇممىدى كۆرمەكىن يانە،
سەھەت تاپقانغە قىلدى شۇكرانە.
سورماي ھەم بائىسىدىن ئانچە سۇئال،
بەسكى ئەمر ئەيلەدى ئانام فىلھال.
ئوتتۇز ئۈچ كارخانەئى شاھى،
كەلتۈرۈپ ئېردىم ئاندا دىلخاھى.
ئول ئىكى تۈز ھەرامىينى مەن ھەم،
ئۆز قولۇمدا قىساس قىلدىم ھەم.
چۇن ئۇلارغە بۇ نەۋئى ئىش قىلدىم،
قوپتىمۇ كېچە ئۆيۈمە كەلدىم.
خەيلىكىم كارخانەلەرنى بەجا،
قىلدى ئۆز مەۋزىئىدە جا بەرجا.
بەس تەمام قىلدى سۆزلەرنى ھەم،
سوردى: ئەمدى رىزامۇدۇرسەن ھەم.
دېدىمۇ جەمئ بولدى مەھزۇن دىل،
لېكىن ئۇلمە بۇ بەندەدىن غافىل.
دېدى: بىلمەن ئىلاجى نېدۇر ئىش،
ئەيلەسەم كارى سەئيىغە كۇشىش.
ھۆكمى ھەقدۇركى بىر نەچە ئەييام،
سېنىڭ ئىلە ماڭا بولۇر بەدنام.
بۇ شەھەردە تۇرۇپ رىزايىڭنى،
يوق ئىلاج ئىستەمەكدە رايىڭنى.
مۇنتەزىر بولكى، ۋەقت بولغۇسىدۇر،
تا كۆرەلى خۇدا نە قىلغۇسىدۇر.
ئۇشبۇ سۆزدىن بولۇپ بەسى خۇشھال،
ئىشق ھەردەم مېنى قىلۇر ئىدى لال.

بىر كېچە كەلدى گۈلئۇزارىم ماھ،
چۇن مۇسەللەھ بولۇپدۇر ئازىمى راھ.
دېدى: قوپغىلكى، كەتتى ئىش قولدىن،
ۋەقتى بۇدۇركى، قالماغىل يولدىن.
قوپتۇم ئورنۇمدىن ئىزتىراب بىلە،
يۈردۈم ئارقاسىدىن شىتاب بىلە.
كىردى خاس تەۋىلە ئىچرە نىگار،
ئىككى ئاتكىم توقۇغلۇق زەررىنىۋار،
تورفىچاقنى نىگار كەلتۈردى،
ماڭا بەردى، ئۆزى ھەرەم يۈردى.
ئىككى خۇرجۇن ئىچىدە بىسيار مال،
كەلدى ئىككى سەلاھ ئالىپ فىلھال.
چۇن مۇسەللەھ بولۇپ سەۋارە ئىكەۋ،
شەھەردىن چىقتۇق، ئۇچرامادى بىرەۋ.
بەرق رەفتار ئاتلار ئەتتى خىرام،
كېچە ـ كۈندۈز سۈرۈپ بۇ ۋادىغە گام.
بارى بىر ئاي قىلىپ مەسافەتى ئەزم،
بىر كېچە يول غەلەت قىلىپمىز جەزم.
تاڭلاسى چاشتگاھ بولۇپ دەرمان،
بىر بەياباندا يۈردۈكۈ ھەيران.
چۇن پەدىد ئولدى رۇدكىم ناگاھ،
كى ۋەسئى ئەمىقۇ، يوق ئاڭا راھ.
بەھركىم بىكەنارۇ بىپايان،
ئول ئۇبۇردىن ئۆتەرگە يوق ئىمكان.
ھەم ھەۋا گەرم ئول بەياباندە،
بولدى مەركەبلەر ئاندا دەرماندە.
بىر دەرەختىكىم سالى خۇردە ئەزىم،
ئېردى دەريا كەنارەسىدە قەدىم.
لەمھەئى ئول دەرەخت پايەسىدە،
ئالدۇق ئارام بەرگى سايەسىدە.
مەنكى بىدىل قوپۇپ دېدىم: ئەي ماھ،
شايەد ئالسام خەبەر بۇ سۇدىن راھ.
قالدى ئول يەردە چۇن مەلەكەئى شام،
مەن قىلىپ بەھرە يۇققارىغە خىرام.
ئىككى فەرسەڭ يۇقارىغە باردىم،
يانە ئول مەنزىل سارى ياندىم.

كەلدىم ئول يەرگە خۇش دىل فىلھال،
يوقتۇرۇر سايە ئىچرە ھۇر مىسال.
ھەر تەرەفكە يۈگۈردۈمۈ نالان،
ھېچ خەبەر تاپمادىم بولۇپ ھەيران.
دېدىمۇ شايەد ئانى خۇد بارىي،
ئىلتكەي شام سارى ئەييارىي.
تاكى بەردىم لىباسىمە تەغيىر،
باردىمۇ شامنى قىلىپ مەن سەير.
ئىستەبان شام شەھرى ئىچرە ئانى،
تاپمادىمەن مەلىكە شامىمنى.
ئول پەرى پۇرقەتىدە كۆز گىريان،
جۇستۇجۇيىدا دىدە خۇن ئەفشان،
ئاختارىپ ئانچە كىم بىلادۇ ھىسار،
تاپمادىم ئول نىگاردىن ئاسار.
تاپماي ھەم مۇخبىرىنى جانىدىن،
بولدۇم ئەسرۇ مەلال بۇ جاندىن.
ھال بۇ بولدى، ئاڭلاڭىز ياران،
دەردى سوز ئىلە ئەيلەدىم ئەفغان.
زىندەلىك ئول قاشىدا بولغاي يار،
يارسىزكىم ئاڭا تىرىكلىك ئار.
ھاسىل ئول ئەزمى جەزم ئېتىپمەن ھەم،
قىلدىم ئۆلمەك مۇختەسەر مەن ھەم.
تا خۇد ئۆزنى ھەلاك قىلغايمەن،
جەبەلىيدىن ئۆزۈمنى ئاتغايمەن.
يەتتىم، ئەلقىسسە، كوھ غارىغە،
تاشلاغايمەن ئۆزۈمنى غارىغە.
بىر كىمەرسە قىچقىردىلار ناگاھ،
زاھىدى مەرد ئېرۇركى خىلۋەتخاھ.
چەشمەئىكىم لەبىدە ئېردى دەرەخت،
ئولتۇرۇر سايەسىدە ساھىبى بەخت.
تەقۋىيۇ تائەت ئىلە ئۇيلە ۋۇسۇل،
ئول خۇدانىڭ كەلامىغە مەشغۇل.
چۇن مېنى كۆردى، چىرلاپ ئالدىغە،
يەتكۇرۇپ شەرەفى ۋىسالىغە.
مۇجمەلى بۇ ھىكايەدىن، ياران،
قىلدىم ئول پىر خىزمەتىدە بەيان.
بولغان ئىشدىن ئاڭا خەبەر قىلدىم،
قىسسەئى تولىي مۇختەسەر قىلدىم.
بۇيلە ئول مەردى ھالى مۇستەقبەل،
كۆرسەتىبان ماڭا تەفائۇل ھەل،
دېدى ئول جەمى ئەيلەكىم خاتىر،
شايەد ئول غايىبىڭ بولۇر ھازىر.
ھەم سەھەت كۆرگەسەن جەمالىنى،
تاپغاسەن نىئمەتى ۋىسالىنى.
شەھرى قۇستەنتەنىيە سارىغە فەرد،
ئۇچراغاي ئۈچ نەفەر ساھىبى دەرد.
ئول ۋىلايەت شەھىكى غالىبدۇر،
لېكىن ئول ئىشق ئېلىگە تالىبدۇر.
داخىل ئولغايسىلەر شەھەرغە ھەمان،
كۆرگۈسىدۇر سىلەرنى شاھى زەمان.
شاھنىڭ كۆڭلى ئىچرە باردۇ مۇراد،
بولغۇسىدۇر دۇئايىڭىزدا كۇشاد.
شايەد ئولغاي سىلەرغە ھەم مەقسۇد،
شاھ فەرمانىدىن بولۇر مەۋجۇد.
چۇن ئىشىتتىمكى مۇژدەئى دىدار،
ئاڭلابان پىردىن ۋىسالى يار.
شەۋقىدىن بۇ تەرەف خىرام ئەتتىم،
خىزمەتىڭلارغە ھەم بۇ كۇن يەتتىم.
قىلدى دەرۋىش ھىكايەسىنى تەمام،
چەكتى ئۇتلۇغ ئاھ مەجلىس ئىچرە ئام.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتى كومپيۇتېر تېخنىكىسى ۋە قۇرۇلۇش ئىنستىتۇتىدا)

# زۇھۇربەگ شېئىرلىرىدىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: بوغدا ئابدۇللا

## زۇھۇربەگ ۋە نايىخان شېئىرلىرىنىڭ بايقىلىشى

80 ـ يىللارنىڭ بېشىدا بولسا كېرەك، بىر كۈنى پېشقەدەم ئەدىبلەردىن بىرى شېئىرىيەت توغرىسىدا سۆھبەتلىشىۋېتىپ، يادىغا كېلىپ قالغان تۆۋەندىكى ئىككى مىسرا بېيىتنى ماڭا ئوقۇپ بەرگەنلىكى ئېسىمدە تۇرۇپتۇ:

جاھان جان كۆللى زى جانغا، ئەجەل مەيدۇر، پەلەك ساقىي،
ۋە لېكىن قالغۇسىدۇر قىلسا خەيرات، تا ئۆمۈر باقىي.

مەن ئاپتور ھەققىدە سورىۋىدىم، ئىسمىنىڭ زۇھۇربەگ، يۇرتىنىڭ لۈكچۈن ئىكەنلىكىنى دەپ بەردى. شۇنىڭدىن تارتىپ مەندە زۇھۇربەگكە نىسبەتەن قىزىقىش تۇيغۇسى پەيدا بولدى، چۈنكى شائىرنىڭ قەلىمىدىن ئۇنىڭ پۈتۈك تالانتىنى بايقىۋېلىشقا بولاتتى.

بىر مەزگىل ئۆتۈپ بىز فولكلور توپلاش خىزمىتى بىلەن قۇمۇلغا بېرىپ قالدۇق، ئىزدە ـ ئىزدە ئۇ يەردە زۇھۇربەگ توغرىسىدا بىرئاز يىپ ئۇچىغا ئېرىشتۇق. يۇقىرىقى شېئىرىي پارچە، شائىر لۈكچۈندىن قۇمۇل يېڭى مەدرىسە كۆلبېشى پۈتكەن چاغدا مۇبارەكلەپ يازغان 25 كۇپلېتلىق مۇخەممەستىن قالغان پارچە ئىكەن. ئەينى چاغدا قۇمۇلدىكى شېئىرىيەت تەشنالىرى بۇ ئەسەرنى كۆرۈپ، تولىمۇ ھاياجان ۋە خۇشلۇق بىلەن ئۇنى يېڭى مەدرىسىنىڭ پېشايۋانلىرىغا ھۆسن خەت قىلىپ يازدۇرۇپ، شائىرغا بولغان ئالىي ئېھتىرامىنى بىلدۈرگەنىكەن.

قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىز زېرىكمەي سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق بۇ مۇخەممەسنىڭ ئاران ئۈچ مىسراسىنى تاپالىدۇق، قالغان 24 كۇپلېتىدىن دېرەك بولمىدى.

كېيىن تۇرپاندا ئېچىلغان بىر قېتىملىق ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنىدا، مەن لۈكچۈنلۈك مەرھۇم يازغۇچى ھېلىمنىياز قادىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، زۇھۇربەگ توغرىسىدا ئىزدىنىپ كۆرۈش تەكلىپىنى بەردىم. ئۇ بۇنىڭ يولىنى قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

شۇنداق قىلىپ، يىگىرمە نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. 2008 ـ يىلى 11 ـ ئايدا پىچان

ناھىيىسىدىكى لوكچۇن بازىرىنىڭ دېھقانسۇ 5 ـ كەنتىدىن ئەۋەتىلگەن بىر مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋالدىم. تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

*«قەدىرلىك ۋە ھۆرمەتلىك ئۇستازىمىز بوغدا ئەپەندىمگە كۆپتىن ـ كۆپ سالام. قانداق ئەھۋاللىرى، سالامەت تۇردىلىمۇ؟ ئۆزلىرىگە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمەن. يۈز يىلدىن ئارتۇق ياشىغايلا! مەقسەتكە كەلسەم: ئۆزلىرى بەرگەن تېلېفون نومۇرى بىلەن ئادرېسلىرىنى چۈشۈرۈپ قويۇپتىمەن، ئۆزلىرىنىڭ تۇغقانلىرى ئابلىز ماناپنىڭ ئۆيىگە كىرىپ سۈرۈشتۈرسەم، ئۇلارمۇ ئادرېس ھەم تېلېفون نومۇرلىرىنى دەپ بېرەلمىدى. ئامال يوق زوھۇربەگ شېئىرلىرىنى ئەۋەتتىم. ئۆزلىرىگە تېگىدىغان، تەگمەيدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلالمىغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادرېس ئېنىق بولمىغاچقا، ئۇنىڭغا لېنتىسىنى بۇ قېتىم ئەۋەتىپ بېرەلمىدىم، ئۆزلىرىدىن ئېنىق ئۇچۇر كەلسە جەزمەن ئەۋەتىپ بېرىمەن. سالامەت بولغايلا، ھۆرمەت بىلەن تۇرسۇن ناجىت.»*

تۇرسۇن ناجىت ئەپەندى شۇ يىللاردا يازغۇچى ھېلىمنىياز قادىرىدىن بىزنىڭ بۇ ھەقتە ئىزدىنىپ يۈرگەنلىكىمىزدىن خەۋەردار بولۇپ، ھاۋالىسى بويىچە بۇ ئىشقا بەل باغلاپ كىرىشكەنىكەن. تۇرسۇن ناجىت ئەپەندى 1934 ـ يىلى لوكچۇندە تۇغۇلغان، دەسلەپتە شۇ يەردىكى مەكتەپلەردە دەرس ئېلىپ 50 ـ يىللاردا سابىق ئۆلكىلىك 2 ـ دارىلمۇئەللىمىندە ئىلىم تەھسىل قىلغان، 1955 ـ يىلىدىن 1989 ـ يىلىغىچە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە مۇدىر بولۇپ ۋەزىپە ئۆتىگەن. ئۇنىڭ شېئىرىيەتكە بولغان تەبىئىي ئىشتىياقى بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. ئۇ ھارماي ـ تالماي ئىككى يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، خەلق ئىچىدە ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ تارقىلىپ يۈرگەن زوھۇربەگ شېئىرلىرىدىن بىرنەچچە پارچىغا ئىگە بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ شائىر نايىخان توغرىسىدىمۇ قىممەتلىك ماتېرىياللارنى قولغا كەلتۈرگەن. بىز بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ مۆھتەرەم زاتقا تەشەككۈر ۋە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز.

## شائىر زوھۇربەگ مەسئۇدى (زىھىربەگ) توغرىسىدا دەسلەپكى مەلۇمات

زوھۇربەگنىڭ ئاتىسى مەسئۇدبەگ 1892 ـ يىلى پىچان ناھىيىسىدىكى لوكچۇننىڭ ئامانشاھ چىنارباغ كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇ لوكچۇن ۋاڭىنىڭ تاغىسى بولۇپ، زوھۇربەگ ئۇردا ئىچىدە چوڭ بولغان. زىرەك، قابىل، ئەقىللىق زوھۇربەگ كىچىكىدىن تارتىپ ئۆزىدە ئەمگەكچى خەلققە چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىشتەك پەزىلەتنى يېتىشتۈرگەنىدى.

ئۇ ئوقۇش يېشىغا توشقاندا، لوكچۇندىكى خانلىق مەدرىسىدە چاغاتاي دەۋرى ئۇيغۇر تىلىدىن باشقا، پارس تىلى، ئەرەب تىلى، ئىلاھىيەت، ئىلمى نۇجۇم، ئىقلىم (جۇغراپىيە)، تاۋارىخ، ئەدەبىيات، پەرائىز (ماتېماتىكا)، دىداكتىكا قاتارلىق ئىلىملەرنى ئۆگىنىدۇ. ئەينى زاماندا لوكچۇندىكى خانلىق مەدرىسىسى سەمەرقەند، بۇخارا قاتارلىق شەھەرلەردىن ئالىم، ئۆلىمالارنى يۇقىرى تەمىنات بىلەن مۇدەررىسلىككە تەكلىپ قىلغان. زوھۇربەگ شۇ جەرياندا نەۋائىي، ئەھمەد يەسسەۋى، ئابدۇرەھمان

جامىي، ھافىز شىرازىي قاتارلىق كلاسسىكلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقان ۋە شېئىرىيەت ئىلمىدە كامال تېپىش نىشانىغا قاراپ تىرىشقان. زۇھۇربەگنىڭ شۇ چاغدىكى ئوقۇتقۇچىلىرىدىن يەنە ئايازبەگ، تاھىربەگ، نەمەت خەلپەت قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى.

شائىرنىڭ قانچىلىك قولىيازمىلىرىنىڭ بارلىقى تېخى نامەلۇم، بىراق تولىمۇ ئەپسۇسلىنىدىغىنىمىز شۇكى، زۇھۇربەگنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى يېقىنقى زامانلارغىچە يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما كۆپ قىسمى ئاپەتلىك يىللاردا يىغىۋېلىنىپ كۆيدۈرۈۋېتىلگەن.

تۆۋەندە ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلماقچى بولغان ئەسەرلەر پەقەت خەلق ئاغزىدا ساقلىنىپ قالغان ۋارىيانتلىرىدىن ئىبارەت، ئەلۋەتتە بۇنىڭ تولۇق بولماسلىقى تەبىئىي. مۇبادا كېيىنكى كۈنلەردە شائىرنىڭ قولىيازمىلىرى بەختكە يارىشا تېپىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، بەلكى كېيىنكى نەشرلەر تولۇقلىنىپ كېتەر دېگەن ئۈمىدتىمىز.

زۇھۇربەگ شېئىرلىرىنىڭ تولىسى مۇخەممەس، بەزىلىرى غەزەل شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، تارقىلىش جەريانىدا بەزى مىسرالار چۈشۈپ قالغان، بەزى مىسرالار ئالمىشىپ كەتكەندەك ئەھۋاللار كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ، شۇڭا قولىيازما بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىنچىلىكى بولمىغانلىقى ئۈچۈن بېيىتلارنى ئۇلاپ بېرىشكە توغرا كەلدى. ماۋزۇلارنىڭ قانداق بولغانلىقى مەلۇم بولمىغانلىقتىن، ھەرقايسى شېئىرلارنى سان ـ سىفىر ئارقىلىق پەرقلەندۈردۇق. بۇ يىغىپ تېپىلغان ئەسەرلەرگە بىرىنچى قول ماتېرىيال سۈپىتىدە قەلەم تەگكۈزمەي، ئۆز ئەينى بويىچە قانداق بولسا شۇنداق ئېلان قىلدۇق، بۇ كېيىنكى تەتقىقاتلار ئۈچۈن ھەقىقەتەن پايدىلىق. دېمەك، بۇ ئاپتورنىڭ ئۇسلۇبى، تىل ئادىتى، ھازىرجاۋابلىقى، شۇنىڭدەك ھەربىر ئەسەرنىڭ مۇئەييەن دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى قاتارلىقلارنى ساقلاپ قالدۇق، دېگەنلىك بولىدۇ.

## زۇھۇربەگ شېئىرلىرىدىن

### 1

موللا كېلىپتۇ تۇرپاندىن چاپىنى مەللە،
ئىلاھا قۇدرىتىڭدىن بۇ پۇچۇقنىڭ بۇرنىنى يەملە.

**ئىزاھات:** شۇ زاماندا تۇرپاندىن بىر بۇرنى پۇچۇق موللا لۈكچۈنگە كېلىپ، زۇھۇربەگ بىلەن مۇشائىرە قىلماقچى بوپتۇ. بۇ سورۇن ئابدۇل قاشقىرى دېگەن ئادەمنىڭ ئۆيىدە ئۇيۇشتۇرۇلۇپتۇ. بۇ سورۇنغا مۆھەممەت سېيىت ۋاڭ قاتارلىق يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئىشتىراك قىپتۇ.

تۇرپانلىق موللا شېئىرنىڭ باش مىسراسىنى «م» ھەرپى بىلەن باشلاشنى شەرت قىلىپ، تۇن نىسپىغىچە شېئىر ئوقۇپ، زۇھۇربەگنىڭ زېتىغا تېگىپتۇ. نۆۋەت زۇھۇربەگكە كەلگەندە، يۇقىرىقى ئىككى مىسرا شېئىر بىلەن ھېلىقى موللىنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويۇپتۇ. گەپتە چۈشۈپ كەتكەن موللا شۇ كېچىدىلا تۇرپانغا قېچىپ كېتىپتۇ. شۇ خۇشاللىقتا مۆھەممەت سېيىت ۋاڭ ئۆزىنىڭ ئېگەر

توقۇلغان ئېتىنى زوھۇربەگكە ھەدىيە قىلغانىكەن.

2

ناپىسەند كەلمەس بىرۇغە ئابلا ئاكام قاشقىرى،
باغلىرى جەننەتچە باردۇر، تەرىپاتتىن تاشقىرى،
باغلىرىنىڭ مېۋىسى ئالما، ئانار ھەم قاشقىرى،
ياشلىرى يەتمىشتەدۇر، دۆلىتى ئارتۇق قېرى،
ئالدىدا خىزمەت قىلادۇر ھۆر يەڭلىغ گۈلپەرى.

ئىزاھات: شۇ قېتىمقى مېھماندارچىلىقتا ئابدۇل قاشقىرى: «مەنمۇ مۇشۇ سورۇن ئۈچۈن خېلى كۆپ كۆچىدىم، مېنىمۇ بىر كەلىمە نەزمە ئوقۇپ تەرىپلەپ قويىمىدىلا، زوھۇربەگ غوجام» دېگەنىكەن. زوھۇربەگ جاۋابەن يۇقىرىقى شېئىرنى ئوقۇپتۇ.

3

نوجۇپ ئاخۇن خەلپىتىم تائەت ـ ئىبادەت قىلسىلەر،
كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلىماي قۇرئان تىلاۋەت قىلسىلەر،
چاچمايىن ھەرگىز كۆڭۈلنى، قورقماي خاتۇندىن يەنە ھەم،
خەلپىتىم، قىرقىنغىچە ھەرگىز بوشاتماڭ بەلنى ھەم،
بوشتىپ قورساقنى دائىم قويۇپ ئاتماڭ يەلنى ھەم.

ئىزاھات: مۇھەممەت سېيىت ۋاڭنىڭ ئاغىچىسى زوھرە خېنىم ئۆلگەندە، تۇپراق بېشىدا قىرىق كۈن قۇرئان تىلاۋەت قىلدۇرغانىكەن. كېچە ـ كۈندۈز ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن، بىر كۈنى نوجۇپ ئاخۇن خەلپەتنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپ يەل قويۇپ سابتۇ. ئەينى چاغدا زوھۇربەگ بۇ قارىيلارغا مەسئۇل بولغانلىقتىن، يۇقىرىقى ھەجۋىي شېئىرنى يازغانىكەن.

4

شەھرى ئامانشادىن چىقىپتۇ توختى ئاخۇن ئىلمچى،
يوق ئىكەن ھەمدەم سىڭىل ياكى بىر ئېگچى.
ئوردىلاردا تورۇپمۇ ئەجەب ئۆگەنمەپتۇ ئەدەب،
ھېچكىشىنى دورىماي بىزلەرنى دوراپتۇ ئەجەب.

ئىزاھات: زوھۇربەگ تولا چاغلاردا بۇرۇتىنى سىلاپ ئولتۇرىدىكەن. بىر كۈنى مۇھەممەت سېيىت ۋاڭ ئۇنىڭغا:

ــ ھەي زۇھۇربەگ، توختى ئىلمىچى سېنى مازاق قىلىپ بۇرۇت سىلاش ئادىتىڭنى دورايدۇ، سەن بىر نېمە دېگىنە، ــ دەپتۇ. شۇڭا، شائىر بۇ شېئىرنى ۋاڭنىڭ ئالدىدا ئوقۇغانىكەن.

5

چىقتى بوران بىر ئاجايىپ ناھىيە پىچان ئارا،
كۈندۈزى بولدى كېچە يەلدا كېچىدەك قاپقارا.
جۈملىمىز ھەق يادىدا ياتتۇق ئوقۇپ ھەمدۇ ـ سانا،
تىلىدۇق بەرگىل بۇگۈن بىزلەرگە بوراندىن پانا،
سالمىغىل ئاجىز ـ يېتىملەر جانىغا يۈز مىڭ جاپا.

توختىتىپ بوراننى ئەلھال ياغدۇرۇپ رەھمەت سۈيىن،
بىزنى بوراندىن نىجات قىل، بولدى زى جانغا قىيىن.
بارچە كۈنلىرىڭ ئىچىندە مۇنداق كۈنۈڭدۇر بىر تىيىن،
دەم ئاللالماي زەررىچە خەق ئول كۈنى بولدى ئادا.

بەشىنچى ئاينىڭ بەشىدە چارشەنبە كۈنى بولدى تۇمان،
جۈملە خەلق بولدى قىيامەت دەپ، ئۇ كۈنى قىلدى گۇمان.
كۆپچىلىككە بولغۇسى ئەمدى يەنە يۈز مىڭ زىيان.
تۈگىمەس شائىر بۇ بوران دەردىنى قىلسا بايان،
بولمىغان ئەردى جاھاندا ھېچقاچان مۇنداق يادا.

**ئىزاھات:** 1935 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى چارشەنبە، لۈكچۈندە تۇيۇقسىز قارا بوران چىقىپ كېتىپ، كۈندۈزى خۇددى كېچىدەك دەھشەتلىك قاراڭغۇلىشىپ كەتكەن. زۇھۇربەگنىڭ بۇ شېئىرى شۇ ۋەقەدىن خاتىرە.

6

ياقۇپئاخۇن سىز بىلەن چىن دوست ئىدۇق كۆپ قەدىردان،
ئەي بۇرادەر، بۇ مۇھەببەت دوستلۇقى كەتتى قايان،
بۇ سېنىڭ قىلغان ئىشىڭ، كەتمەس ئېسىمدىن ھېچقاچان،
قىلمىغان ئەردىم سېنى ھېچ ۋاقتىدا مۇنداق گۇمان.

ئات تېپىپسەن بىزگە ئەي دوستۇم، پىچاندىن يانغىچە،
قارىسام شۇنداق ئۇسۇل ئەھۋالى يوقتۇر ماڭغىچە،
يولدىشىم ئېيتتى ماڭا مىنگىل بۇ ئاتنى چانغىچە،
ماڭغىنىڭ ياخشى دېدى سەن ھەمراھىمدىن قالغىچە.

چارە يوق مىندىم پىقىر كەلدىم جاپا تارتىپ ئازاپ،
ماڭمىدى، ئارقىدا قالدىم، يولدا شۇنداق ئالدىراپ،

مادا ئىشەكچە يوق ئۇنىڭ رەپتارى، دائىم قاتىراپ،
دۇەتسەم تۇرۇپ ئالار تۈگمەن ئىشىدەك پىرقىراپ.

مەن ئۆزۈم ئات ئۈستىدە بولدى چىرايىم كاۋىدەك،
ئاغرىدى بەل، باشلىرىم يەتمىشكە كىرگەن باۋىدەك،
مەن كېلىپ ئاتتىن چۈشۈپ ماڭدىم ئارانچە داۋىدەك،
باغلىسام ئات تۇرمىدى، ئۈزدى ئۇلاڭنى ياۋىدەك.

ياخشىراق ئات بەرسىڭىز بولماس ئىدى ھېچبىر زىيان،
ئەي بۇرادەر، بىلسىڭىز بىزنى ھۆكۈمەت چىللىغان.
ھۆكۈمەت ئەمرى بىرلە چىقتىم، ئۆزۈمچە چىقمىغان،
دەرھەقىقەت بۇ ئەمەسمۇ بىزنى كۆزگە ئىلمىغان،
بۇ جاھاندا مۇنداق ئات كەلمەس جاھانغا ھېچقاچان،
كۆرۈشەرمىز بىر كۈنى سىز بىرلە بولسا تەندە جان.

**ئىزاھات:** بىر زاماندا زوھۇربەگ بىر يەرگە تەكلىپ بويىچە بارغان، قايتىشىدا زوھۇربەگكە بەرگەن ئات كۆندۈرۈلمىگەن ئات بولۇپ، يولدا ئۇنى بەكمۇ قىينايدۇ. بۇ ئازابقا چىدىمىغان شائىر، ئات بەرگەن ياقۇپ دېگەن ئادەمگە بۇ شېئىرنى يېزىپ ئەۋەتىپ بەرگەنىكەن.

7

ئەيىۇھەنناس، بۇ جاھان ئەمدى تونۇردەك قىزىدى،
سۇدا ئۆردەك ھەم بېلىق، تاغدا سېغىزغان قىزىدى،
يۇرتىمىزنىڭ سەرۋەرى سۇلتان سېيىت چىڭۋاڭ غوجام،
ئىككى كۆل ئوتتۇرىسىدا كارۋەتتە يېتىپ قىزىدى،
شايى ـ ئەتلەس تون بىلەن ھاكىم غوجامۇ قىزىدى.

8

ئەجەب ئاجىز ئىكەنمىز تاپمىدۇق دەردىنىڭ داۋاسىنى،
ئەجەب قاتتىق كېسەل بولدۇق تاپمىدۇق رەنجىنىڭ شىپاسىنى،
ئەزەلدىن تاپمىدى ھېچكىم بۇ دۇنيانىڭ ۋاپاسىنى،
ئىلاھا مۇستەجىپ قىلغىل غېرىبلەرنىڭ دۇئاسىنى،
دۇئا بىلەن رازى قىلماقتىن باشقا ئىلاجىم يوقكەن، بالام.

يىگىتلىك نەۋباھارىدا خازان بولغانغا يىغلايمۇ،
سېنىڭ تەبئىڭ مۇلايىملىق خۇش خۇلقۇڭغا يىغلايمۇ،

ئەجەب ئارمانلىرىڭ بىرلە بىزلەرنى قالدۇرۇپ كەتتىڭ، بالام،
ئۇنتۇلماس دەردكە قالدۇردۇڭ ئاناڭ بىرلە پەدەرىڭنى،
ئەجەب بىز بىخەۋەر بولدۇق سېنىڭ مۇنداق كېتەرىڭنى،
قىيامەت بولمىغۇنچە كۆرەرمىزمۇ جامالىڭنى،
ئاھ ئۇرۇپ كەزسەك ئەگەر تاپساق ئىدۇق، جانىم بالام.

ئىزاھات: شۇ يىللاردا لۈكچۈن يوغانتىمر كارىزىنىڭ ئىگىسى ئوبۇلتېيىپ ھاجىنىڭ 19 ياشلىق ئوغلى ئېغىر كېسەل تارتىپ ئۆلۈپ كەتكەندە، زوھۇربەگ بۇ مەرسىيەنى تۆپراق بېشىدا ئوقۇغانىكەن.

9

پىچان ناھىيە لۈكچۈندە يورمۇلۇڭ دەپ بىناسى بار،
سۆيمدۈر ئابى كەۋسەردەك كېسەللەرگە داۋاسى بار.
يەنە كېپەك ئالتۇندەك قۇملىرى ھەر يان ئۇرۇپ شۇئلە،
سەھەردە سايرىغان بۇلبۇل كەبى جانۇر ساداسى بار.
قەمەر يۈزلۈك پەرىزاتتەك بويى زىبا خوتۇن ـ قىزلار،
كى چۈشمەس قولىدىن تەسۋى ئۇلار شەرمى ـ ھاياسى بار.
ئەجايىب مۆسى كۆپتۇر تۇشۇپ يانتاق شېكەرلەر ھەم
بۇلەرنىڭ «ھالۋاشىر چاي» دەپكى لەززەتلىك غىزاسى بار.
بۇ يورمۇلۇڭ خەلقى مېھماندوستكى مېھمان قىلغۇسى دائىم،
جاپاسى بولمىغاي ھەرگىز كىشىگە كۆپ ۋاپاسى بار.
سوقۇشنىڭ ۋەھىمىدىن قورقۇپ، چېكىپ ۋەھىمى ھەر كىم،
ھىمايە قىلغالى ھەم جايى پىنھاندا پاناسى بار،
ئەزىز يورمۇلۇڭ مەدھىيىسىنى قىلسام تەمام بولماس،
دىيانەت توغرىسىدا خەلقىنىڭ ھەمدۇ سەناسى بار.
بۇ يورمۇلۇڭ مەدھىيىسىنى ئېيتىپ مۇخەممەس يازدىلەر شاتۇت،
بېرىپ بەربات ··· قېچىپ كەلگەن ئىزاسى بار.

ئىزاھات: ئەسلىدە لۈكچۈن بازىرىنىڭ ئۈستى يېپىق ئىدى، يورمۇلۇڭ — دىغار تەرەپتىكى كارىزلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. بىر زاماندا شۇ تەرەپتىن بىرنەچچە كىشى لۈكچۈن بازىرىغا كېلىپ، ئۆلەڭقوۋۇقتىن كىرىپ، يۆتىدىكى كەشنى سېلىۋېتىپ بازارغا كىرگەن ئىمىش، بۇنى كۆرگەنلەردىن بىرى:

— بۇ دېگەن خەقنىڭ ئارىلىقى(ھويلىسى) ئەمەس، «يۇرمەڭ» (يۇرمەڭ دېمەكچى) دېگەنىكەن. كېيىن بۇ سۆز «يورمۇلۇڭ» غا ئۆزگىرىپ كەتكەن.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)

# چاينامە

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇتەللىپ ئىسمايىل

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن: رۇسىيىنىڭ سانكت پېتېربۇرگ شەھىرى ئاسىيا خەلقلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ قوليازمىلار بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر قولىيازمىلىرى ئىچىدە نامەلۇم ئۇيغۇر شائىرىنىڭ «چاينامە» ناملىق بىر مۇخەممىسى ساقلانماقتا. بۇ مۇخەممەس گەرچە بەدىئىيلىك جەھەتتە بەك يۇقىرى سەۋىيىدە يېزىلغان بولمىسىمۇ، ئەمما كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا چاي ھەققىدە يېزىلغان مەخسۇس تېمىدىكى ئەسەرلەردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەر ئا . م . موغىنوف تۈزگەن «ئۇيغۇر قولىيازمىلىرى» كاتالوگىنىڭ 104 ـ بېتىدە 162 ـ نومۇر بىلەن تىزىملانغان. بۇ ئەسەرنى سانكت پېتېربۇرگدىن ئالدۇرۇلغان كۆپەيتمە نۇسخىسىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلاپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇندۇق.

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

كىم خۇدانى ئىستەسە، بۇ دۇنيادىن كەچمەك كېرەك،
بادەئى ۋەھدەت مەيىن ساقىيسىدىن ئىچمەك كېرەك،
دەم بەدەم كۆزنى يۇمۇپ ھەر بەھرىدىن كەچمەك كېرەك،
ئىشق ئوتى بىرلە كۆيۈپ يانىپ يەنە ئۆچمەك كېرەك،
چاينى ھەر قانچەكى بەرسە ئالىپ ئىچمەك كېرەك.

پادشاھلار مەنزىلىدە تۆھفە بولغان چايدۇر،
ياخشىلار ئاراسىدا ھەدىيىە بولغان چايدۇر،
كىم سوخەن زەنجىرنى بەزمىدە بولغان چايدۇر،
ئاشىقى بىچارەلەر ئالدىدا بولغان چايدۇر،
چاينى، ئەي دوستلار، ھەر سۇبھى دەم ئىچمەك كېرەك.

بارچە نىئمەتلەر ئىچىندە چايدۇر تىلغا لەزىز،
كىم شەھەنشاھلار قاشىدە قەدر تاپقاندىن ئەزىز،
پەردە ئىچرە، ساقىيلار، ئانى بىلىڭ ئەھلى تەمىز،
چاينى قىلماي بەھانە، مەي ئىچەرنى بىلسەڭىز،
چاينى، ئەي دوستلار، ئەرتە سەھەر ئىچمەك كېرەك.

ئابۇ ئاتەش، چاي، چىنى لازىمىدۇرۇر چايجۇش،
كېچەلەردە ئۇيقۇ بولماس، كىمكى بولسە بادە نۇش،
چىقتى مەنسۇر دار ئۇزە قىلغاچ بۇ مەيدىن قەترە نۇش،
بازەدەر ئەتكەن كۇنى كەتتى مېنىڭدىن ئەقل ھۇش،
تۇن كېچە ئەرتە قوپۇپ چاينى ئىچمەك كەرەك.

دەم بەدەم چاي ئىچكەلى كۆڭلۈم تەقازاسى ئەجەب،
بىلدىلەر ئازادەلەر خىزمەت ئۇچۇن بەندەم تەلەب،
چاينى ئىچكەن كىشى باشدىن ئاياغىدۇر ئەدەب،
چاينى قەدرىن بىلمەگەن تۇرسۇن ئىشكدە تەمتۇلەپ،
چاينى قانچەكى بەرسە ئالىپ ئىچمەك كەرەك.

چاي ئالىپ بىدار بول دائىم خۇدانى ئىستەگىل،
مۇشكىل ئولماس تاپقانىڭ ئەۋۋەلدە سەن بار ئىستەگىل،
ئۇمرنى زايىئ قىلۇرسەن، بىۋەفانى ئىستەگىل،
كى تەرىقەت يولىغە كىرسەڭ خۇدانى ئىستەگىل،
چاينى، ئەي دوستلار، بەرسە ئالىپ ئىچمەك كەرەك.

چاينى رەڭگى سارىغدۇر جىلۋەسىگە كۆز يېتەر،
نەشئەسى ھاسىل قىلۇر قەددى ئەلىف مەۋزۇن ئېتەر،
كىم خەيالى ياد قىلسە ئىشق بىرلەدۇر كەنەر،
شۇكرى لىللاھ، تائالىئىم ئەفرۇز ئۇچۇن ئەفرۇز يەر،
چاينى ھەر سۇبھى دەم، ئەي دوستلار، ئىچمەك كەرەك.

چىنى قولىغە ئالىپ ئىستەر گەدالار چاينى،
ئەيب ئەمەستۇر سورەسە، ھەر يەردە كۆرسە باينى،
سىيم زەر نەقدىن بېرىپ ساتىپ ئالۇرلار چاينى،
چاي ئەگەر ساتىلماسە، كۆڭلىدە ئايتۇر ۋاينى،
چاينى، ئەي دوستلار، ۋەقتى سەھەر ئىچمەك كەرەك.

چاينى قايناتقان كىشىكىم بولغاي دىلدارراق،
چاينى خاسىيەتىدىن بولغاي ئول ئاگاھراق،
چىنىسى بولغان نەفس سۇ چايجۇش ھەم بولغاي ئاق،
چاينى ئىچكەن بەندەنى كۆڭلى ئېرۇر بىدارراق،

تۈن كېچە ئەرتە قوپۇپ چاينى سەھەر ئىچمەك كېرەك.

چاي ئىچەرگە ھەر كىشىنى كۆڭلىدە باردۇر ھەۋەس،
سەن گۇمان قىلمە بۇ چاي ھەر كىمگە بولماس دەستى رەس
ئەي كۆڭۈل، بولسە يېقىلۇر بولسە ھەرياندىن مەگەس،
كۆك چاي مەۋجۇت ئەمەستۇر بادىيان ئۇرۇغى بەس،
چاينى ھەرقانچە بەرسەكى ئالىپ ئىچمەك كېرەك.

تاپمادىم ئىستەپ جەھاندا بىر سىڭىنگدەك پايمال،
ئىستەدىم ھەريان بارىپ كۆرسەم سېنى بۇسەم پال،
ئاھۇ ۋاۋەيلا نە كەچتى ئۆمرۈمىزدۇر ماھۇ سال،
ئوت ياقىپ سۇ قايناتىپ ئالدى ماڭا تېز چاي سال،
چاينى، ئەرتە تۇرۇپ ۋەقتى سەھەر ئىچمەك كېرەك.

سۇبھى دەم خۇش كۆرۈنۈر كۆزۈمە چايى چىنى،
ئارزۇ قىلدىم قولىدىن جۇرئە ئىچتىم بىر يولى،
كۆڭلۈمە دىلبەر خەيالى تۇشسە خۇش خوب خەبەرى،
جان چىقار بولسە ئانىڭ يادى بىلە يوقتۇر غەمى؛
چاينى، ئەي دوستلار، ئەرتە تۇرۇپ ئىچمەك كېرەك.

چاي قويۇپ چىنى تۇتارغە دىلبەرى جانان كېرەك،
ئول مەراھە ئەيلەگەن ئەلگە قەتۇرانە كېرەك،
شەمئ ئوتىغە كۆيگەلى بارى پەرۋانە كېرەك،
ئۆزى ھەيران، كۆزى گىريان قىلغالى دىۋانە كېرەك.
چاينى، ئەي دوستلار، سەھەر تۇرۇپ ئىچمەك كېرەك.

ئوت ئىچىندە چايجۇش تەبخ بىرلە ئەيلەسۇن،
بۇق - بۇق ئاۋازى ئانىڭ كۆڭلۈم ئۆيىن جۇش ئەيلەسۇن،
سائەتى فەيز بىرلە ئەھلى كەرەم نۇش ئەيلەسۇن،
جۇر - جۇر ئاۋازى ئانىڭ قويۇنگە جان جۇش ئەيلەسۇن،
چاينى ھەر قانچەكى بەرسە ئالىپ ئىچمەك كېرەك.

چاينى خاسىيەتى ئۇيقۇ كۆزدىن قاچارۇر،
ئاچ يۇرسە تويغۇزۇپ توق يۇرسە ئاچۇرۇر،

چايجۇشنى ئوتغە قويۇپ پەرۋايى قىلماي تاشۇرۇر،
بىلمەگەن ئادەم قولىدە چاي ئۆزىنى بىلدۇرۇر،
چاينى، ئەي دوستلار، سەھەر قويۇپ ئىچمەك كەرەك.

1



2



3



4



(نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە)



# «تەزكىرەتۇش - شۇئەرا»دىن

دەۋلەتشاھ سەمەرقەندىي

نەشرگە تەييارلىغۇچى: يۇسۇپ ئىگەمبەردى

## نىزامىي ئەرۇزىي سەمەرقەندىي①

نىزامىي ئەرۇزىي سەمەرقەندىي دانىشمەن ۋە نازۇك تەبىئەتلىك كىشى. ئۇ ئەمىر مۇئىززىينىڭ شاگىرتلىرىدىن بولۇپ، شېئىر ئىلمىدە ماھىر ئىدى، «ۋىسۇ رامىن»② داستانىنى نەزم قىلغان. بۇ (نامدىكى) داستاننى ئۇلۇغ شەيخ نىزامىي گەنجەۋىي③ «خەمسە»دىن ئاۋۋال يازغان دەيدىغانلارمۇ بار. «چەھار مەقالە» ناملىق كىتاب نىزامىي ئەرۇزىينىڭ نەسرىي ئەسەرلىرىدىندۇر. بۇ كىتاب ئەدەپ، ھېكمەت، شېرىن سۆھبەتلەر ھەمدە پادشاھلارنىڭ مۇراسىملىرىغا ئالاقىدار ئەمەلىي مەسلىھەتلەر، شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا ئىشلار ساھەسىدە غايەت پايدىلىقتۇر. مانا بۇ بېيىت نىزامىي ئەرۇزىي پۈتكەن «ۋىسۇ رامىن» داستانىدىن بولۇپ، ئۇنىڭدىن بۇ داستاننىڭ شېئىرىيىتى مەلۇم بولۇر: (بېيىت)

ئارەشنى ياي ئەنداز دەرلەر، تەرەف يوق،
ئامۇلدىن④ ئاتسا گەر مەرۋىگە يېتەر ئوق.

گەپ شۇنىڭدىكى، ئارەش تەھمۇرەسنىڭ⑤ جىيەنى بولۇپ، مەملىكەتلەرنى (ئۆزئارا) تەقسىم قىلدى ۋە ئامۇل چېگراسىدىن تاكى ئەبىۋەرد⑥ ۋە مەرۋىگىچە ھەم جەيھۇننىڭ نېرىقى قىرغىقىدىن تاكى سەمەرقەند ۋە خۇجەندكىچە بىر سېپىل سالدۇرغان، ئۇنىڭ قالدۇقلىرى ھازىرمۇ بار. مەملىكەتنى

---

* بېشى ئالدىنقى ساندا

تەقسىملەۋاتقان پەيتتە، ئارەش تاغنىڭ ئۈستىدىن بىر ئوق يېتىدىغان يەرنى ئۆتۈپ، ئۇ دەرەخكە تېگىپ، بۇ دەرەخنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭغا ئاتىلغان ئوقنى قارتىپ، بىرىشنى سورىدى. تاغنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلدى، ھەكىملەر ئۇنىڭغا ئاتاپ بىر كاۋاك ئوقنىڭ ئىچىنى سىماب ۋە دورىلار بىلەن تولدۇرۇپ بەردى. كۈن چىققاندا (ئارەش) ئۇنى ئاپتاپقا قارىتىپ ئاتتى. ئاپتاپ ھارارىتى ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ، ئوق ئامۇلدىن مەرۋىگىچە يەتتى، بەزى تارىخ كىتابلىرىدا شۇنداق يېزىلغان، لېكىن بۇ ئەقىلگە سىغمايدۇ. چۈنكى، ھەرقانچە ئۈچقۇر ئوقمۇ تۆت چاقىرىم مۇساپىگە يېتەلەيدۇ، خالاس. بىراق، ئۇلۇغ شەيخ ئازەرىي ... «جەۋاھىرۇل ئەسرار» (سىرلار دۇردانىسى)دە كەلتۈرۈشىچە، شەيخۇلرەئىس ئەبۇ ئەلى سىنا ... بۇنداق ھادىسىنى ئىنكار قىلمىغان ۋە ھېكمەتتىن ئۇزاق ئەمەس، دەپ ئېيتقان ئىمىش. بۇنىڭ شەرھى شۇكى، سەمەرقەنتتە شېرازدا، خارەزىمدە باغدادتا، ھىراتتا گۆجارەت قىشلاقلىرى بولغاندەك، مەرۋىدىن بىر پەرسەخ (6 ـ 7 كىلومېتىرغا تەڭ) يەردە ئامۇل ئاتالمىش بىر قىشلاق بولسا ھەم ئېھتىمال.

## ھەكىم ناسىر خۇسرەۋ⑦

ھەكىم ناسىر خۇسرەۋ ئەسلىي ئىسپاھاندىن. ئۇ توغرىدا تۈرلۈك قاراشلار بار. بەزىلەر، (ئۇ) دانا ۋە مۇۋەھھىد دېسە، بەزىلەر ئاڭا تەنە قىلىپ، دەھرىي ۋە تەناسىخ مەزھىپىگە مەنسۇپ (ئادەم) دېگەن... قانداق بولسۇن، دانىشمەن كىشى بولۇپ ئۆتكەن. «ھۆججەت» تەخەللۇسىنىمۇ قوللانغان. بۇنىڭغا سەۋەب شۇكى، ئالىملار ۋە ھەكىملەر بىلەن بەسلەشكەندە ھۆججەت دەلىلى مۇستەھكەم ئىدى. ئۇ ئاۋۋال ئىسپاھاندىن غىلان ۋە رۇستەمدارغا باردى. ئاشۇ ئۆلكىلەرنىڭ ئالىملىرى بىلەن بەس ـ مۇنازىرە قىلدى. ئۇنىڭغا قەست قىلىنىشتى، (كېيىن) ئۇ خۇراسانغا قاچتى. خۇراسانغا جۆنەش ۋاقتىدا شەيخلەر شەيخى ھەزرەت ئەبۇلھەسەن ھەرراقانىي⑧نىڭ سۆھبىتىگە قاتناشتى. ھەزرىتى شەيخكە كارامەت يۈزىسىدىن ئۇنىڭ ئەھۋالى (بۇرۇنلا) ئايان بولغانىدى، مۇرىتلىرىغا ئېيتتى: «ئەتە پالان رەڭلىك ھۆججىتى (مۇستەھكەم) ئادەم، پالان تەرزدە خانىقا ئىشىكى يېنىغا كېلىدۇ، ئۇنىڭغا ئىززەت ـ ئىكرام قىلىڭلار. ئەگەر ئىمتىھان يۈزىسىدىن، ئىلمى زاھىردىن سورىسا، بىزنىڭ شەيخىمىز دېھقان ۋە ئاددىي ئادەم، دەپ ئېيتىڭلار. (كېيىن) ئۇ كىشىنى مېنىڭ ھۇزۇرۇمغا ئېلىپ كىرىڭلار.» ھەكىم ناسىر خانىقا ئىشىكى يېنىغا كېلىشى بىلەنلا، مۇرىتلار (ئاۋۋال) شەيخنىڭ ئېيتقىنىنى قىلدى. (كېيىن) ئۇنى شەيخ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كىردى. شەيخ ئۇنىڭغا ئىززەت ـ ئىكرام قىلدى. ھەكىم ناسىر دېدى: «ئەي، بۇزرۇكۋار، ئىستەر ئىدىمكى، سۆھبىتىڭنى تاپسام، كېيىن ھال ئەھلى پاناھىدىن جاي ئالسام.» شەيخ تەبەسسۇم قىلدى ۋە دېدى: «ساددا دىل سەن. بىزلەر بىلەن قانداق سۆھبەتلىشەلەيسەن، ئاخىر نەچچە يىل ئۆتتىكى، نۇقسانلىق ئەقىلگە ئەسىرسەن: مەن مەردلەر خىزمىتىگە قەدەم قويغان بىرىنچى كۈنۈمدىن باشلاپ بۇ مەككارە (ناقىس ئەقىل) چېدىرىنىڭ بۇرجىكىنى بەند ئەتكەنىدىم، ئۇنى تالاق قىلدىم.» ھەكىم ناسىر دېدى: «شەيخكە ئەقىل ناقىسلىقى قانداق مەلۇم بولدىكىن، بەلكى ئېيتقانلىرىدەك، ئەقىلنىڭ ئاۋۋىلى تەڭرىدۇر؟» شەيخ دېدى: «ئەي ھەكىم، ئەقىلنىڭ ئاۋۋىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدۇر. بۇ مەيداندا چۆرگىلەپ يۈرمە، نۇقسانلىق ئەقىل — بۇ سېنىڭ ۋە پۇرسىنانىڭ⑨ ئەقلىدۇر. (چۈنكى) ھەر ئىككىڭلار ئوخشاشلا مەغرۇرسىلەر. بۇنىڭغا دەلىل تۈنۈگۈن ئېيتقان قەسىدەڭ — (ئۇندا) گۇمان قىلدىڭكى، «كۈن ـ فەيەكۈن» — نىڭ گۆھىرى — ئەقىلدۇر. غەلەت ئىش قىلدىڭ، (ئەسلىدە) ئاشۇ گۆھەر دەل ئىشقتۇر». (شەيخ) ئاشۇ قەسىدە مەتلىئىنى مۇبارەك تىلىغا ئالدى. ئۇنىڭ مەتلەئى مۇنداق:

يەتتە گۈمبەز تامىنىڭ نەقشى ئېرۇر ئىككى گۆھەر،
كائىناتتا نېمە بولسا بارىدىن يۈكسەك تۇرار.

شەيخنىڭ بۇ كارامىتىنى كۆرۈپ ھەكىم (ناسىر) ھەيران قالدى. چۈنكى، بۇ قەسىدىنى ئۆتكەن كېچە يازغان، ھېلىغىچە ھېچكىم ئاڭلاپ باقمىغانىدى. (شۇ سەۋەبتىن) ھەكىمنىڭ شەيخ خۇسۇسىدىكى ئېتىقاد ۋە ئىخلاسى ئاشتى. بىرمۇنچە ۋاقىت شەيخنىڭ خىزمىتىدە كۈن كەچۈردى. رىيازەت چېكىش ۋە ئىچكى دۇنياسىنى پاكلاش بىلەن مەشغۇل بولدى. كېيىن شەيخ ئاڭا سەپەر ئىجازىتىنى بەردى.
ھەكىم (ناسىر خۇسرەۋ) خۇراسانغا كەلدى ۋە (ئالىملار) مەجلىسلىرىدە كەم كۆرۈلىدىغان ۋە كىشىنى رام قىلىدىغان ئىلىملەردىن سۆز ئاچتى. ئالىملار (بۇ يەردىمۇ) ئۇنى قەستلەشكە باشلىدى. ئاشۇ چاغلاردا قازىكالان ئەبۇ سەھل سەئلۇقىي خۇراساننىڭ ئۇلۇغى ئىدى ۋە نىشاپۇردا تۇراتتى. ھەكىمگە (مۇنداق) دېدى: «سەن دانا ھەم ئۇلۇغ ئادەمسەن، كۆرۈۋاتىمەنكى، خۇراسان ئۆلىماسى ساڭا قەست قىلىپ قويىدى. (ئەمدى بىردىنبىر) چارىسى بۇ دىيارنى تەرك ئەتمەكتۇر.»
ھەكىم نىشاپۇردىن قېچىپ، بەلخ ئەتراپىغا كېلىپ چۈشتى ۋە ئۇ يەردىمۇ يوشۇرۇنۇپ كۈن كەچۈردى. ئاخىر، بەدەخشاننىڭ كۇھىستانىغا باردى. مانا بۇ قەسىدىنى ئۇ خۇراسان ئەھلىنىڭ شىكايىتىدە يازغان:

بۇ نالەم ساڭادۇر، ئاللاھى جەھان،
كۆپ جەفا يەتكۈزدى ئەھلى خۇراسان.

نە قىلدىم، ھەممە زات مەندىن بېزىپتۇر،
ياش ـ قېرى، تۇغقان يات، ئاشنايى ياران.

تەۋەمەن پەيغەمبەر ھۆكمىگە مەگەر،
دوستۇ يار دېمەدىم سېنى ھېچقاچان.

مۇھەممەد پەيغەمبەر ئۈممەتلەر ئارا،
سېنىڭ پەيغامىڭدىن يەتكۈزدى پەرمان.

يوق ئېرسە خۇش ئاۋاز جەبرەئىل مەگەر،
كېلىپ يەتمەس ئېردى رەسۇلغا قۇرئان.

ئىقرارمەن مەھشەردە ھېساب بەرگەيمەن،
كىتابىڭ سالمادى دىلىمگە ئىمان.

بۇ قەسىدە ئۇزۇن، ئۇنىڭدا (ھەكىم) ئۆزىنىڭ ئېتىقادىنى بايان قىلغان.
ناسىر خۇسرەۋنىڭ دىۋانى ئوتتۇز مىڭ بېيىتتىن ئىبارەت؛ ھەممىسى ھېكمەت ۋە نەسىھەتتۇر؛ سۆزلىرى مۇستەھكەم، يەنە نەزمىدە تىزىلغان «سائادەتنامە» ۋە نەسىردە يېزىلغان «كەنزۇل ـ ھەقايىق» (ھەقىقەتلەر خەزىنىسى) كىتابلىرىمۇ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىندۇر.

www.uyghurkitap.com

ئۇ سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي زامانىدا مەيدانغا چىققان ۋە شەيخۇلرەئىس ئەبۇ ئەلى سىنا بىلەن زامانداش ئىدى. ئىككىيلەن ھەمسۆھبەت بولغان، دېيىشىدۇ. لېكىن، بۇ ئاۋام ئوتتۇرىسىدىكى گەپ ـ سۆز، بىرەر تارىخ كىتابىدا (بۇنداق گەپنى) ئۇچراتمىدۇق.

ھەكىم ناسىر خۇسرەۋنىڭ قەبرىسى بەدەخشان قىشلاقلىرىدىن دەرەئى مۇلۇكاندىدۇر. بولۇپمۇ كوھىستان ئادەملىرىنىڭ ھەكىم ناسىر خۇسرەۋگە ئېتىقادى ئارتۇق دەرىجىدە چېك، بەزىلىرى ئۇنى «سۇلتان» دەپ، بەزىلىرى «شاھ» دەپ ئاتايدۇ ...

## ئەمئەق بۇخارىي[10]

ئەمئەق بۇخارىي ئۇلۇغ شائىرلاردىن بولۇپ، سۇلتان سەنجەر[11] زامانىسىدا ياشىغان، ئۇ «يۇسۇف» قىسسىسىنى نەزم قىلغان بولۇپ، بۇ ئەسەرنى ئىككى بەھر بىلەن ئوقۇشقا بولىدۇ. ئۇستاز رەشىدىددىن ۋەتۋات ئۇنىڭ ئىزىدىن ماڭغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى «ھەدايىقۇس ـ سىھر» (سېھىر باغلىرى) ناملىق ئەسىرىدە مىسال سۈپىتىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئوغلى ھەمىد ئىبنى ئەمئەق بولسا ھەكىم سوزەنىي زامانىدا ئۆتكەن ۋە ئۇنى (سوزەنىينى) ھەجۋى قىلغان. مۇنۇ قىتئە ھەمىدنىڭدۇر:

**قىتئە:**

كېچە چۈشتە كۆردۈم ئادەم ئاتىنى،
قولى ھەۋۋا قولىنى تۇتقان ئىدى[12].
سورىدىم: «نەۋرەڭمۇ سوزەنىي سېنىڭ؟»
«ئۈچ تالاق ھەۋۋا، ئەگەر بولسا» دېدى.

ئەمئەق (بۇخارىي) بولۇپمۇ مەرسىيە ئېيتىش جەھەتتە تەڭداشسىز ئىدى. ئەبۇ تاھىر خاتۇنىي «تارىخىي ئالى سەلجۇق» (سالجۇقىيلار خانىدانى تارىخى)[13] ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېگەن: «سۇلتان سەنجەرنىڭ سۇلتان مەھمۇد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى مەلىكشاھ نىكاھىدا بولمىش ماھمۇلىك ئىسىملىك قىزى ۋاپات بولدى. سۇلتان سەنجەر ئۇنىڭ ۋاپاتى تۈپەيلىدىن كۆپ دىلتەڭ ۋە خاپا بولدى. ئەمئەقنى ماھمۇلىك خاتۇنغا مەرسىيە ئېيتسۇن دەپ بۇخارادىن چاقىرتتى، ئەمئەق (بۇ ۋاقىتتا) ياشىنىپ، قۇۋۋىتىدىن كەتكەن، ئاجىز بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈن مەرسىيە ئېيتالماسلىقتا (ئۇنىڭدىن) ئىجازەت ئالدى ۋە مانا بۇ بېيىتنى ئېيتتى، بۇ ۋەقە باھار ئايلىرىدا بولغانىدى. مەرسىيە:

تىندى بوستان سەھنىسىدە ناگاھان گۈل كۈلكىسى،
كەتتى تۇپراق قەرىگە بېكىنىپ جىسمۇ ئىسى.
گەر بۇلۇتتىن جىقلا ھۆل بولدى دەرەخ ياپراقلىرى،
قالدى سۇسىز، ۋادەرىخا، يېڭى بوستان نەرگىسى.

بۇ مەرسىيىنى ئەمئەق ياخشى ئېيتقان ۋە ئۇنىڭ ھەممىسىنى بۇ يەردە مىسال كەلتۈرۈش مۈشكۈل.

دانالاردىن مەۋلانا ئەبۇ سۇلايمان زىكرىيا كوفىي «سۇۋەرۇل ـ ئەقالىم» (ئىقلىملار سۈرىتى)[14] ناملىق كىتابىدا ئېيتىپتۇركى، سۇلتان سەنجەر باغدادنى ئىشغال قىلىپلا سەمەررەنى ئېلىشنى مەقسەت قىلدى. سەمەررەنىڭ مەسجىدى جامەسىنىڭ ئالدىدا بىر غار بولۇپ، شىئەلەر ئېتىقادىچە، ئىمام مەھدىي ئاشۇ جايدىن چىقىشى كېرەك ئىمىش. (شۇ سەۋەبتىن) جۈمە كۈنلىرى بىر ئارغىماق ئاتنى ئۈمىد بىلەن ئاشۇ غار ئاغزىدا تۇتۇپ تورار ئىكەن ... سۇلتان بۇ ھالنى كۆزىتىپ، تەكشۈرۈش قىلىپ، سەۋەبىنى سوراپ بىلدى. بۇ گۈزەل ۋە تەڭدىشى يوق ئات ئۇنىڭغا يېقىپ قالدى. (كېيىن) ئۇنىڭغا مىندى ـ دە : «بۇ ئات مەندە ئامانەت بولۇپ تۇرىدۇ. ھەرقاچان ئىمام چىقسا، ئۆزۈم ئاڭا تاپشۇرىمەن» دېدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ھال ئاقىۋىتى سۇلتانغا ياخشىلىق كەلتۈرمىدى. بۇنداق بىھۆرمەتلىك نازۇك پەملىكى يۈزىسىدىن سۇلتانغا خۇش كۆرۈنسىمۇ، لايىق ئەمەس ئىدى. (يەنە) ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرىدا ئۇ ئۆلىما ۋە زاھىدلارنىڭ مائاشىنى توختىتىپ قويىدى. بۇمۇ (ئاقىۋەتتە) دۆلىتىنىڭ زاۋال تېپىشىغا سەۋەب بولدى. غۇزلار[15] ئاڭا ھۇجۇم قىلدى. (سۇلتان ئەسىرگە چۈشتى) ۋە بىرمۇنچە ۋاقىت قاماقتا ياتتى. ۋىلايەتنىڭ كۆپ قىسمى، خۇراسان مەملىكىتى، ھەر ئىككىلا ئىراق (ئىراقىي ئەرەب ۋە ئىراقىي ئەجەم) بەلكى پۈتكۈل جاھاننىڭ ئاۋات جايلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئاشۇ غوۋغادا خاراب بولدى ... سۇلتان (سەنجەر) ئاخىر تېرمىز قەلئەسىدە غۇزلارنىڭ قولىدىكى تۇتقۇنلۇقتىن خالاس بولدى، (لېكىن) قېرىپ، ئاجىزلىشىپ قالغانىدى. ھىجرىيىنىڭ 551 ـ يىلى رەبىيۇلئەۋۋەل ئېيىنىڭ ئونىنچى(مىلادىيە 1156 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ) كۈنى مەرۋ شەھىرىدە ئاللانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشتى.

## قەتران ئىبنى مەنسۇر تېرمىزىي[16]

قەتران ئىبنى مەنسۇر تېرمىزىي شائىرلارنىڭ ئۇستازلىرى جۈملىسىدىندۇر. ئەسلىي تېرمىزدىن، لېكىن بەلختە ئولتۇراقلاشقان. ئۇنىڭ دىۋانى ئىراقىي ئەجەمدە مەشھۇردۇر. سۇلتان سەنجەر زامانىدا بەلخ ھاكىمى ئەمىر ئەھمەد قوماچقا بېغىشلاپ «قەۋسنامە» كىتابىنى يازغان، رەشىد سەمەرقەندىي، لەۋۋاھىي، رۇھىي، شەمس سىمكەش، ئەدنانىي، پىسەرى خۇمخانە، شۇنىڭدەك بەلخ ھەمدە ماۋەرائۇننەھرنىڭ كۆپچىلىك شائىرلىرى قەترانغا شاگىرت بولغان كىشىلەردۇر.

قەتران ھاياتىنىڭ كېيىنكى يىللىرىدا ئىراقتا بىرىپ ھايات كەچۈردى. (ئۇ) شېئىردا ماھىر بولۇپ، بۇ ئىلىم ھەققىدە كىتابلارنى پۈتكەن. رەشىدىددىن ۋەتۋات شۇنداق ئېيتقانىكى: «مەن ئۆز دەۋرىم شائىرلىرىدىن پەقەت قەترانغىلا تەن ئالىمەن، باشقىنى (بولسا) ئىلىم يۈزىسىدىن ئەمەس، بەلكى كۆڭۈل ئۈچۈن شائىر دەيمەن.»

قەتران ئاجايىپ شەكىللەردىكى مۇرەببە، مۇخەممەس، قوش قاپىيىلىك شېئىرلار ۋە باشقا (ژانىر)لاردا كۆپ قەلەم تەۋرەتكەن. مانا بۇ قوش قاپىيىلىك تەرجىمە ئۇنىڭدۇر:

تۆكتى ئاسمان، دەريادىن تاپقاچ بۇلۇتلار زەر ـ گۆھەر،
تۆكتى بوستان، جەبرىدىن تاپقاچ، گۆھەر، زەر ئۇزرە زەر.
قايدا كىم گۈلزار بولۇر، ئاندىن جاھان گۈلزار بولۇر،
ئۇندا زار تۈن قۇشلارى يىغلار باراۋەر ھەر سەھەر.
بۇ زېمىن شاد بولدى ھەردەم ياغسا يامغۇر، ھەم يەنە،
دوستلار تۇپراقتا كۆزدىن تۆكسە گۆھەر ھەر سەپەر.

سۇنبۇلۇ، نەرگىسۇ، ئەنبەر، ئەترە ھەريان چاچتى يەل،
ياقتى گۇلخان لالىدىن، كۆكتە بۇلۇتلار جىلۋىگەر.

## فەرخارىي

فەرخار — بەدەخشان ۋىلايىتىدە، تايقاننىڭ يۇقىرىسىغا (جايلاشقان) مەنزىلىنىڭ نامى، خۇتتالان ۋىلايىتىدىمۇ فەرخار ناملىق جاي بار. ختتا بىلەن كاشغەر ئارىسىدىمۇ يەنە بىر فەرخار بار. شائىرلار كۆپىنچە ياخشىلىق ۋە سۇپەتلىرىنى تەرىپلەپ ئۆتكەن فەرخار بولسا تۇراندىكى فەرخاردۇر، خۇددى خاجە سەلمان ساۋەجىينىڭ مۇنداق دېگىنىدەك:

فەرخار سەنەمى يەڭلىغ بىر ساھىبى جەمال يوق،
ھەتتا چىن سەنىمىدە بۇنىڭدەك شىۋەيۇ ھال يوق.

بۇ فەرخارىينىڭ قايسى فەرخاردىن ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەس، قانداقلا بولسۇن، ئۇ شائىرلارنىڭ ئۇستازلىرى جۈملىسىدىندۇر ...

## ئىككىنچى تەبقە

بۇ تەبقىدە يىگىرمە نەپەر پەزىلەت ئەھلى ئەسلەپ ئۆتۈلىدۇ.

## ئەزرەقىي[17]

ئەزرەقىي ناھايىتى دانىشمەن كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ھەكىم دەپ ئاتالغان. ئەسلىي مەرۋىدىن بولۇپ، سەلجۇقىي پادىشاھلىرى ئىچىدە ئەڭ قابىلىيەتلىكى ھېسابلىنىدىغان سۇلتان توغانشاھ زامانىدا كۆزگە كۆرۈنگەن، توغانشاھقا بېغىشلاپ بىرمۇنچە كىتابلارنى يازغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، پەند ۋە نەسىھەت، ئەمەلىي ھېكمەتتىن ئىبارەت «سىندباد» ناملىق كىتابى ئۇنىڭ ئەسەرلىرى جۈملىسىدىندۇر. فەخرىيدىن بەناكەتىي ئۆز تارىخىدا ئېيتىشىچە، توغانشاھنىڭ ئەرلىك قۇۋۋىتى زەئىپ بولغان. زامانىسىنىڭ تېۋىپ، ھەكىملىرى كۆپ تىرىشىپ داۋالىغان، لېكىن پايدىسى بولمىغان. ھەكىم ئەزرەقىي «ئەلفىيە ۋە شەلفىيە» دېگەن بىر كىتاب يازغان (قاچانكى)، سۇلتان بۇ كىتاب ۋە ئۇنىڭدىكى تەسۋىرلەرگە قارىسا، ئۇنىڭدا شەھۋەت قۇۋۋىتى پەيدا بولار ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن، ئەزرەقىي يۇقىرى مەرتىۋە ئىگىسى ۋە سۇلتان خاس مەجلىسىنىڭ نەدىمى بولۇپ قالغانىكەن. «چەھار مەقالە» كىتابىنىڭ مۇئەللىپى (نىزامىي ئەرۇزىي سەمەرقەندىي) مۇنداق دېگەن: «كۈنلەرنىڭ بىرىدە سۇلتان توغانشاھ نەرد ئوينار ئىدى ۋە ئۇچ ئالتىلىككە ھەرقانچە تاشلىسىمۇ، ئۇچتە بىرلىككە چۈشۈۋەردى. (ئاخىر) سۇلتاننىڭ جەھلى چىقتى. (ئەنە شۇندا) ئۇستاز (ئەزرەقىي) مانا بۇ رۇبائىينى يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئېيتتى.»

كۆزلەپ ئۇچتە ئالتىنى ئۇچتە بىرنى يىقتى شاھ،

زەربىدىن ئۇچتى سۆڭەكلەر ھەر تەرەپ ئۇرغانچە ئاھ.
ئالتىلىك كۆرەلمىدى گوياكى شاھ ھەشەمىتىن،
قاچتى ئۇ شاھ ھەيۋىتىدىن، تاپتى يەر ئىچرە پاناھ.

سۇلتان شاھ (توغان)نىڭ مۇقەررەر سەلتەنەت قارارگاھى نىشاپۇردا ئىدى. ئۇ بۇ يەردە بىر قەسىر بىنا قىلغان بولۇپ، ئۇنى نىگارىستان دېيىشەتتى، ھازىرقى كۇندە بۇ نىگارىستان نىشاپۇر مەھەللىلىرىنىڭ بىرىدۇر ۋە ئاشۇ قەسىرنى تەلى توغانشاھ دەپمۇ ئاتىشىدۇ.

## ئەۋھەدىددىن ئەنۋەرىي[18]

ئەۋھەدىددىن ئەنۋەرىي سۆزمەنلىكى ۋە پەزىلەت تارقاتقۇچى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى تەرىپلەر ئايدەك روشەن. ئۇ زامان شائىرلىرى ئارىسىدا دانىشمەندۇر. باشقا خىسلەتلەردىمۇ ئاڭا تەڭ كېلىدىغىنى كەم بولغان. ئەسلىي ئەبىۋەرد ۋىلايىتىنىڭ مېھنە يېنىدىكى بۇدەنە قىشلاقىدىن (بولۇپ)، ئۇ قىشلاق دەشتى خاۋەران سەھراسىدادۇر. (شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ) ئەنۋەرىي دەسلەپ «خاۋەرىي» تەخەللۇسىنى قوللانغان. (كېيىنچە) ئۇستازى ئۇنىڭدىن «ئەنۋەرىي» تەخەللۇسىنى قوبۇل قىلىشنى كۆپ سورىغان.

ئەنۋەرىي تۇسىنىڭ مەنسۇرىيە مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقىنىدا، ئۇنىڭغا پالاكەت ۋە موھتاجلىق بەس - بەستە يېپىشتى. كۆڭلۈك خىراجىتىگىمۇ پۇل تاپالماي قالدى. شۇ ئەھۋال ئەسناسىدا (سۇلتان) سەنجەرنىڭ مەۋكەبى (سۇلتاننىڭ مەخسۇس كارۋىنى) رادگان ئەتراپىغا كېلىپ چۈشتى، ئەنۋەرىي مەدرىسە دەرۋازىسى يېنىدا ئولتۇراتتى، بىر تالاي غۇلامى بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھەشەمەتلىك ئاتلىققا كۆزى چۈشتى. ئەنۋەرىي «بۇ كىم ئىكەن؟» دەپ سورىدى. «بۇ ئادەم بىر شائىر» دەپ جاۋاب بەردى. ئەنۋەرىي دېدى: «ئى خۇدا، ئىلىمنىڭ مەرتىۋىسى شۇنداق يۇقىرى ئىكەنۇ، مەن شائىر بولۇپ تۇرۇپ شۇقەدەر نامرات ۋە تۆۋەن مەن، ئۇ ئادەم بۇ تەرىقە ئىززەت ۋە بەختىيارلىقتا ئىكەن، مەن شۇ كۇندىن باشلاپ، شائىرلىققا مەشغۇل بولايكى، بۇ مەرتىۋىلىرىمنىڭ ئەڭ كىچىكىدۇر» ۋە ئاشۇ كېچە سۇلتان سەنجەر نامىغا قەسىدە يازدى. ئۇنىڭ ئاخىرى بۇدۇر:

مەگەركىم قەلبۇ قول — بەھرۇ كان بولغاي،
بىل، ئاشۇ قەلبۇ قول ھۆكۈمران بولغاي.

ئەتىسى سۇلتاننىڭ ھۇزۇرىغا باردى ۋە ئاشۇ قەسىدەنى ئۇنىڭ نەزىرىدىن ئۆتكۈزدى، سۇلتان سۆز قەدرىگە بەكمۇ يېتىدىغان كىشى ئىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشىگە قاراپ بىلدىكى، شېئىر دانىشمەنلەرچە پىششىق ئېيتىلغان. (شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ) ئەنۋەرىينىڭ سۆزلىرىگە كۆپ تەھسىن ئوقۇپ ئۇنىڭدىن سورىدى: «مۇلازىمىتىمگە زوقمەنلىك يۇزىسىدىنمۇ ياكى بىرەر نەرسىنى تەمە قىلىپ كەلدىڭمۇ؟» ئەنۋەرىي تىز چۆكۈپ دېدى:

جاھاندا ئاستانەڭدىن ئۆزگە بىر پاناھىم يوق،
باشىمغا دەرگاھىڭدىن ئۆزگە ھېچ دەرگاھىم يوق.

سۇلتان ئاڭا ئايلىق مائاش، ئوزۇق - تۈلۈك ۋە كىيىم - كېچەك تەيىنلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن

(ئەنۋەرىي) ئالىي دەرگاھقا مۇلازىم بولۇپ تاكى مەرۋىگىچە باردى. شۇ ئارىدا بىرنەچچە قەسىدە يېزىپ (سۇلتاننىڭ) ھۇزۇرىغا يەتكۈزدى، مانا بۇ ئاشۇ قەسىدىلەرنىڭ بىرىنىڭ مەتلەئىدۇر:

ياش يىگىتىدۇركىم بۇ قانداق، بويىتۇ ئالەمگە جامال،
ھەم زامانۇ ھەم زېمىننى ياشنىتىپتۇ ئۇشبۇ ھال.

بۇ قەسىدە خېلى مۇرەككەپ بولۇپ، شەرھلەشكە موھتاجدۇر، (ئەنۋەرىي) ئۇنى ناھايىتى ياخشى ئېيتقان. ئەنۋەرىي ئىلمى نۇجۇمدا ئۆز ئەسرىنىڭ ئىلغارلىرىدىن ئىدى، شۇنداقلا بۇ ئىلىمدە پايدىلىق بىر كىتاب ھەمدە باشقا ئىلىملەردە بىرقانچە ئەسەرلەر يازغانىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، خاۋەرانىدىن تۆت بۈيۈك دانىشمەن چىققان بولۇپ، ئۇلارغا تەڭ كېلىدىغان بەشىنچى كىشى بولمىغان. بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلگىنىدەك:

ئايلىنىپ كەلگۈنچە ئاسمان خاۋەران تۇپرىقىغا،
چىقتى شەرقتىن تۆت قۇياشكىم، يېرىلىپ تۈنىنىڭ قەرى.
بىرسى خاجە بۇ ئەلى شادانىدەك نامدار ۋەزىر،
بىرى ئەسئەد مىھنەدۇر، ئەللامىلەرنىڭ سەرۋەرى.
پاكىزە سوفىي ئەبۇسەئىد تەرىقەت شاھىدۇر،
ھەم خوراسان مۇلكىدە شۆھرەتلىك شائىر ئەنۋەرىي.

توغرۇلبەگ ئىبنى مىكائىل سەلجۇقىينىڭ[19] ۋەزىرى، خاجە ئەبۇ ئەلى شادان خاۋەرانىي دىندار، ئەقىللىق، ئۇچۇق پىكىرلىك ئىش بىلىدىغان كىشى ئىدى. خاجە نىزامۇلمۇلك دەسلەپ ئۇنىڭ مۇلازىمى بولغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ (ھەتتا) خاجە ئەبۇ ئەلىگە قېرىنداش ئىكەن، خاجە ئەبۇ ئەلى قېرىپ، زەئىپلىشىپ قالغاچقا، ۋەزىرلىكتىن ئىستېپا بەرگەنىكەن، خاجە نىزامۇلمۇلكنى ئۆز ئورنىغا ئالىپ ئارسلانخان ئىبنى چاغرىبەگنىڭ ۋەزىرى قىلىپ قالدۇردى. سۇلتان ھەممە ۋاقىت خاجە نىزامۇلمۇلكتىن كەلگەن ياخشى ئىشلارنى كۆرۈپ قانائەت ھاسىل قىلاتتى ۋە خاجە ئەلىنىڭ ھەققىگە ئېزگۈ دۇئالار قىلاتتى.

ئۇستاز ئەسئەد مىھنە ئۆلىما يېتەكچىلىرىدىن بولۇپ، ئۇ سۇلتان مۇھەممەد ئىبنى مەلىكشاھ مەجلىسىدە ئىمام ئەبۇ ھامىد مۇھەممەد (ئىبنى مۇھەممەد) غەززالىي[20] بىلەن مۇنازىرە قىلغان. خوراسان ئالىملىرى ئۇستاز ئەسئەدگە تايىناتتى.

ھېكايەت قىلىنىشىچە، ئەنۋەرىي زامانىدا، سۇلتان سەنجەر ھۆكۈمرانلىقى يىللىرىدا، (كۆنلەرنىڭ بىرىدە) يەتتە سەييارە مىزان بۇرجىدا[21] توپلاندى. ھەكىم ئەنۋەرىي: «شۇ ئايدا كۈچلۈك شامال كۆتۈرۈلۈپ، قەدىمىي بىنالار، دەرەخلەرنىڭ كۆپىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ. شەھەرلەرنى ۋەيران قىلىدۇ» دېدى. خالايىق بۇنىڭدىن قورقۇپ ۋەسۋەسىگە چۈشتى. ئاشۇ پالاكەت يۈز بېرىدىغان ۋاقىتتا يوشۇرۇنۇش ئۈچۈن سەردابەلەر[22]، لەخمىلەر قازدى. شۇنداق قىلىپ، ئەنۋەرىي ئېيتقان كېچىسى كىمدۇ بىرى مۇنار تۆپىسىگە چىقىپ چىراغ ياقتى. لېكىن، شامال چىراغنى ئۆچۈرىدىغان دەرىجىدىمۇ بولمىدى ... ئەتىسى ئەتىگەندە سۇلتان ئەنۋەرىينى چاقىرتىپ ئۇنىڭغا تەنە قىلدى: «نېمىشقا بۇنداق خاتا تەبىرنى ئېيتتىڭ؟!» ئەنۋەرىي ئۆزرە سوراپ: «سەييارىلەرنىڭ (بىر ـ بىرىگە) يېقىنلىشىشى توساتتىن ئەمەس. بەلكى

ئاستا ـ ئاستا يۈز بېرىدۇ.» شۇنداق قىلىپ، ئاشۇ يىلى مەرۋىنىڭ ھەممە ئېكىنلىرىنى نابۇت قىلغۇدەك قاتتىق شامال بولمىدى. قىزىلغان لەخمىلەر بولسا يەنە بىر باھارغىچە ئۆز ئورنىدا قالدى. ئەنۋەرىي خىجالەت بولۇپ (مەرۋىدىن) قېچىپ بەلخكە باردى ۋە بىر مەزگىل بەلختە تۇرۇپ ئىلمى نۇجۇم بىلەن مەشغۇل بولدى. بەلخلىكلەردىن ئۇنىڭغا بىرەر ئازار يەتمىگەن بولسىمۇ، ئەنۋەرىي ئۇلارنى ھەجۋىي قىلدى، بەلخلىكلەر ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىشتى ۋە ئۇنى (تۇتۇپ) بېشىغا قاپ كىيدۈرۈپ، شەھەردىن قوغلىماقچى بولدى. ئەمما زامانىسىنىڭ دانىشمەنلىرىدىن بولغان قازىيەل ـ قۇززات㉒ ھەمىدىددىن ۋەلۋالىجىي ئەنۋەرىيگە ھامىيلىق قىلدى ۋە ئاشۇ بالادىن خالاس قىلدى. ئەنۋەرىي بۇ ھەقتە قەسىدە ئېيتقان ۋە ئۇ قەسىدىنىڭ مەتلئى مۇنداق:

ئەي مۇسۇلمانلار، پىغانكىم، چەرخى دەرۋان جەبرىدىن،
مۇشتەرىي مەكرى، ئاداۋەت ئوقى جانان جەبرىدىن.

ئەۋھەددىدىن ئەنۋەرىي ھىجرىيە 547 (مىلادىيە 1152) ـ يىلى بەلختە ۋاپات بولدى. قەبرىسى سۇلتان ئەھمەد ھەزرەۋىيە مازىرىنىڭ يېنىدا.

## رەشىدىددىن ۋەتۋات㉓

ئۇنىڭ ئىسمى رەشىدىددىن مۇھەممەد ئىبنى ئەبدۇلجەلىل ئەلكاتىب ئەلئۇمەرىيدۇر. نەسەبى مۆمىنلەر ئەمىرى ئۇمەر ئىبنى ئەلخەتتاب (ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي)قا ئۇلىنىدۇ. ئۇلۇغ، دانىشمەن، ئەدىب ۋە ئىلىم ئىگىسى بولۇپ، ئۇنىڭ بۈيۈكلۈكى، دانىشمەنلىكىنى زامانداشلىرىنىڭ ھەممىسى ئېتىراپ قىلغان. ئۇ ئاتسىز ئىبنى قۇتبىددىن مۇھەممەد خارەزمشاھ㉔دەۋرىدە ئالىم ۋە شائىر سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان بولۇپ، ئەسلىي بەلختىن. لېكىن، خارەزم ۋىلايىتىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئۇ ئۆز دەۋرىدە شائىرلار ۋە تىل سەنئەتكارلىرىغا ئۇستاز ئىدى. ئەتراپ ۋە يىراق ـ يېقىندىن كەلگەن شائىرلار ھەممە ۋاقىت ئۇنىڭ ھوزۇرىدا شېئىر ۋە باشقا ئىلىملەرنى ئۆگىنىش بىلەن مەشغۇل ئىدى.

ئۇ شائىرلىقتىن باشقا، يەنە يۇقىرى مەنسەپ ۋە مەرتىۋە ئىگىسى ئىدى. ھازىر جاۋاب، شېرىن سۆزلۈك ئالىم ئىدى. ھەممە ئەتراپتىكى شائىرلار بىلەن بەسلىشەتتى ۋە ئۇلارنىڭ كەمچىلىكلىرىنى تاپاتتى. (شۇنىڭ ئۈچۈن) شائىرلار ئۇنى ياخشى كۆرمەيتتى، كۆپچىنچىسى ئۇنى ھەسەتخور ۋە بېخىل دەپ قىزىق ھەجۋىي قىلاتتى. لېكىن، ئۇنىڭ جىسمى بۇ بوھتانلاردىن خالىيدۇر ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتى خۇسۇسىدا ھېچقانداق گەپ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

رەشىدىددىن (ۋەتۋات) خاكسار، ۋىجىك، تېز جاۋاب ئادەم ئىدى. ۋەتۋات دەپ ئاتىلىشىغا سەۋەب شۇكى، ۋەتۋات مۆجىزىلىك بىر قۇش بولۇپ، فەرىشتەرەك (قارلىغاچ)مۇ دېيىشىدۇ. (شۇنداق) بىر نەقىل بار: كۆنلەرنىڭ بىرىدە خارەزم ئالىملىرى خارەزمشاھ ئاتسىز مەجلىسىدە بەس ـ مۇنازىرە قىلىشىۋاتاتتى. رەشىدىددىن ۋەتۋاتمۇ ئاشۇ مەجلىستە ھازىر بولۇپ، بەس ـ مۇنازىرىدە تىلى ئۆتكۈرلىك قىلماقتا ئىدى. خارەزمشاھ شۇ قەدەر ۋىجىك بەدەنلىك بىر ئادەمنىڭ ھەددى ـ ھېسابسىز ۋە چەكسىز بەس ـ مۇنازىرە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى، رەشىدىددىن ۋەتۋاتنىڭ ئالدىغا بىر دەۋەت قويۇلغانىدى. خارەزمشاھ چاقچاق يۈزىسىدىن: «دەۋەتنى ئېلىپ قويۇڭلارچۇ، كۆرەيلى قېنى، ئۇنىڭ

ئارقىسىدا تۇرۇپ گەپ قىلىۋاتقان كىم ئىكەن؟» دېدى. شاھنىڭ پەسەنتىگە ئېلىنغانلىقىنى بىلگەن رەشىدىددىن (ۋەتۋات) دەۋەتنى ئېلىپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە: «ئادەم تېنى بىلەن ئەمەس، بەلكى دىلى ۋە تىلى بىلەن ئىنساندۇر» دېدى. ئۇنىڭ سەزگۈرلۈكى، پەزىلىتى ۋە سۆزمەنلىكى خارەزمشاھقا ئايان بولدى. ئۇنىڭغا ئىززەت ۋە ئېھتىرام كۆرسەتتى ھەم كۆپ ئىنئاملاردىن بەھرىمەن قىلدى. ئۇنىڭ خارەزمشاھنى مەدھىيىلەپ ئېيتقان پاكىز قەسىدىلىرى بار...

رەشىدىددىن ۋەتۋاتنىڭ دىۋانى تەخمىنەن ئون بەش مىڭ بېيتتىن ئىبارەت، كۆپىنچىسى مەسنۇئ، مۇرەسسەئ ۋە قوش قاپىيىلىك، بەزى بېيىتلىرى تەرسىئ ۋە تەجنىسدۇر. ئۇ: «مەندىن ئاۋۋال بىر كىشى، ياكى ئەرەب ياكى فارس تىلىدا ھەممىسى مۇرەسسەئلەردىن تەركىب تاپقان قەسىدە پۈتمىگەن» دەپ دەۋا قىلاتتى. (دەرھەقىقەت) ئۇ يەتمىش بېيىتلىق يېقىن بىر قەسىدە يازغان بولۇپ، ھەممىسى مۇرەسسەئدۇر...

رەشىدىددىن ۋەتۋات ئۇزاق ئۆمۈر كۆردى. ئۇ ھەتتا خارەزمشاھ ئاتسىزنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، سۇلتانشاھ ئىبنى ئەل ئارسلان ئىبنى ئاتسىز[26] دەۋرىدىمۇ ھايات ئىكەن. سۇلتانشاھتا رەشىدىددىن (ۋەتۋات) سۆھبىتىگە ئېرىشىش ئارزۇسى پەيدا بوپتۇ. (لېكىن خىزمەتچىلىرى) ئۇنىڭ قېرىپ قۇۋۋىتىدىن كېتىپ مۈكچىيىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. (شۇنداق بولسىمۇ خارەزمشاھ): «ئۇنى ئەلۋەتتە مېنىڭ ھۇزۇرۇمغا يەتكۈزۈڭلار» دەپ بۇيرۇپتۇ. رەشىدىددىن ۋەتۋاتنى مەپىگە ئولتۇرغۇزۇپ خارەزمشاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەپتۇ. ئۇنىڭ كۆزى سۇلتانشاھقا چۈشۈشى ھامان، ئۆز ھالىغا مۇناسىپ مانا بۇ رۇبائىينى ئېيتىپتۇ:

بوۋاڭ زۇلۇمنى زامان يۈزىدىن يۇيۇپ ئۆتتى،
ئادىل ئاتاڭ ئادالەت ئېتىنى قوغلاپ ئۆتتى.
مۇبارەك ئېگىنىڭگە سەلتەنەت تونى پۈتتى،
ھەرنە قادىرسەن كۆرسەت، ئەي، نۆۋەت كۈنى يەتتى.

خارەزمشاھ ئاتسىز ئىبنى قۇتبىددىن مۇھەممەد ئىبنى نۇشتېگىن قاراچە ساقى سۇلتان مەلىكشاھ سەلجۇقىينىڭ غۇلامزادىسى ئىدى. سۇلتان مەلىكشاھ زامانىدا خارەزم بايلىقى سۇلتان تەشتىخانىسىنىڭ[27] خىراجىتىگە كېتەتتى. نۇشتېگىن بولسا تەشتىدارلار مېھتەرى ئىدى. سۇلتان ئۇنى خارەزمگە ھاكىم قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇ تەقۋادار ئادەم ئىدى. ئوغلى قۇتبىددىن مۇھەممەد خارەزمشاھ مەرتىۋىسىگە ئېرىشتى. ئۇ (خارەزمشاھ) ئالىملارنى بەكمۇ ھۆرمەت قىلاتتى. ئاتسىز ئۇنىڭ ئوغلىدۇر. ئۇ خارەزمدە ئولتۇراقلىشىپ قالدى ۋە سۇلتان سەنجەر ئالدىدا يۇقىرى مەرتىۋە ۋە يېقىنلىققا ئېرىشتى. ئۇ ھەر يىلى بىر قېتىم مەرۋگە بېرىپ، سۇلتان مۇلازىمىتىدە بولۇپ قايتاتتى، غەرەزلىك كىشىلەر ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىشتى ۋە سۇلتاننى ئۇنىڭدىن گۇمانسىراتتى. (شۇ سەۋەبتىن) ئاتسىز مەرۋدىن قاچتى ۋە خارەزمدە سۇلتانغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى. ئۇ تولۇق غەلىبە قازاندى ۋە دائىم مۇسۇلمان بولمىغان تاتارلارغا قارشى يۈرۈش قىلىپ، كۆپ ئولجا ئالاتتى. (ئەھۋال) شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، لەشكەر سۇلتان سەنجەردىن قېچىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا قوشۇلۇشقا باشلىدى. سۇلتان مەجبۇر بولۇپ، ئاتسىزنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن خارەزمگە قوشۇن تارتتى. ئەنۋەرىي ئاشۇ يۈرۈشتە سۇلتان (سەنجەر) گە مۇلازىم ئىدى. ھەزارەسپ ئەتراپىغا يېتىپ، قەلئەنى قورشىۋالغاندىن كېيىن، ئەنۋەرىي مانا بۇ رۇبائىينى يازدى ۋە

(ئۇنى) نەيزىگە باغلاپ قەلئەگە ئاتتى:

ئەي شاھ، بار مۇلكى جاھان ـ مەۋجۇدات سېنىڭكى،
ۋە ئىستىقبالى جاھان كائىنات سېنىڭكى.
ھۇجۇم قىلغىن سەن بۇ كۈن ھەزارەسپنى ئال،
ئەتىگە خارەزمۇ يۈز مىڭ ئات سېنىڭكى.

(ئاشۇ چاغدا) رەشىدىددىن ۋەتۋات قەلئەدە، ئاتسىزنىڭ قېشىدا ئىدى. ئەنۋەرىيگە جاۋاب تەرزىدە مانا بۇ بېيىتنى يازدى ۋە ئۇنى (ئوقۇقا باغلاپ) سۇلتان لەشكەرلىرىگە قارىتىپ ئاتتى:

بولساڭمۇ گەر رۇستەم كەبى، ئەي شاھ، پەھلىۋان،
ھەزارەسپدىن بىر ئېشەك ھەم ئالمىقىڭ گۇمان.

سۇلتان (سەنجەر) ۋەتۋاتدىن دەرغەزەپ بولۇپ: «ئەگەر ۋەتۋات قولۇمغا چۈشسە، (ئۇنى) يەتتە پارچە قىلىمەن» دەپ قەسەم قىلدى. رەشىدىددىن ۋەتۋاتنىڭ (ئىلگىرى) ئېيتقان مانا بۇ قەسىدىسىمۇ سۇلتاننىڭ ئېسىدە ئىدى:

مەملىكەت تەختىگە كەلدى ئاتسىز ـــ غەزەپكار نەيزەۋاز،
تاپتى سەلجۇق دۆلەتىيۇ خانەدانى ئىنقىراز.

(شۇ سەۋەبتىن) سۇلتاننىڭ كۆڭلىدە كونا ئاداۋەتمۇ بار ئىدى، قامال مۇددىتى سوزۇلۇپ كەتكەچكە، ئاتسىزنىڭ قارشىلىق كۆرسەتكۇدەك ئىمكانى قالماي كېچىدە قەلئەنى تاشلاپ قاچتى. ھەزارەسپ قەلئەسى سۇلتان تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى[28]، ۋەتۋات يوشۇرۇندى. جارچىلار ۋە تەپتىش ۋاستىسى بىلەن ئۇنى تېپىپ، سۇلتاننىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈدى، سۇلتان ئۇنى يەتتە پارچە قىلىشنى بۇيرۇدى. ۋەتۋات، سۇلتان دىۋانىنىڭ مۇنشىيسى[29]، نەدىملىك مەنسىپىگە يېتىشكەن مۇنتەھەبىددىن بەدىئ كاتىپقا مەكتۇبچە ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن ئارىغا چۈشۈپ، (سۇلتاندىن) گۇناھىنى تىلەپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. مۇنتەھەبىددىن سۇلتانغا ئەرز ئېيتتى: «ۋەتۋات بىر كىچىك قۇش، ئۇنى يەتتە پارچە قىلىپ بولماس، ئەي جاھان سۇلتانى، بۇيرۇغىنكى، ئۇنى ئىككى پارە قىلسۇن.» سۇلتان كۈلۈپ كەتتى. سۇلتان بۇ قىزىق گەپ تۈپەيلىدىن ۋەتۋاتنىڭ قېنىدىن كېچىپ: «كېتىۋەرسۇن، ئۇنى ئىككى پارە قىلىپمۇ ئۆلتۈرمايلى، (چۈنكى) ئۇنىڭ بۇنىڭغىمۇ قۇۋۋىتى يوقتۇر» دېدى.

(شۇنىڭدىن كېيىن) ۋەتۋات تېرمىزغا كېتىپ قالدى ۋە سۇلتان سەنجەر غۇزلار قولىغا ئەسىر چۈشۈپ[30]، ئاتسىز (بولسا) بۇ تەرەپلەرگە لەشكەر تارتىپ، تامام خۇراسان ئۇنىڭ قولىغا ئۆتكەنگە قەدەر بىرمۇنچە ۋاقىت تېرمىزدا ئىستىقامەت قىلدى، (شۇنىڭدىن كېيىن) رەشىدىددىن ۋەتۋات ئاتسىز ھۇزۇرىغا يۈردى ۋە ھەبۇشاندا ئۇنىڭ لەشكەرگاھىغا يېتىپ كەلدى، ئۇ بىرمۇنچە ۋاقىت ئاتسىزنىڭ ھۇزۇرىدا بولدى. تاسادىپەن ھىجرىيە 551(مىلادىيە 1156) ـ يىلى ئاتسىز ھەبۇشاننىڭ دەرەئىخۇررەم دېگەن يېرىدە ۋاپات بولدى...

رەشىدىددىن (ۋەتۋات) نىڭ ۋاپاتى ھىجرىيە 578(مىلادىيە 1182) ـ يىلى خارەزمدە يۈز بەردى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ توقسان يەتتە يىل ئۆمۈر كۆرگەن. ئۇنىڭ قەبرىسى خارەزمنىڭ جۇرجانىيە[31] شەھىرىدەدۇر.

ئۇنىڭ ئىلمى مەئانىي ۋە ئىلمى بايان بويىچە ياخشى ئەسەرلىرى بار. «ھەدايىقۇس ـ سىھر» ۋەتۋات ئەسەرلىرىدىن بىرى بولۇپ، شېئىر سەنئىتىدە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىلىدىغان كىتاب يېزىلمىغان ... يەنە شېئىر ئىلمى، ئىستىپا ۋە ئىنشا ئىلمىگە ئائىت بىرمۇنچە كىتابلىرىمۇ بار.

## ئەدىب سابىر تېرمىزىي[32]

ئەدىب سابىر تېرمىزىي ماھىر، دانىشمەن، پەزىلەتلىك ۋە يېتۈك شائىر بولۇپ، ئۇ سۇلتان سەنجەر زامانىدا تېرمىزدىن مەرۋىگە كېلىپ قالغان. ئەسلىي بۇخارالىق، لېكىن خۇراساندا ئۆسكەن ۋە كۈن كەچۈرگەن. رەشىدىددىن ۋەتۋات بىلەن زامانداش، ھەر ئىككىلىسى بىر ـ بىرىنى قىزىق ھەجۋىي قىلىشقان. ئەمما، ئاشۇ ھەجۋىيلىرىنى بۇ كىتابقا كىرگۈزسەك ھۆرمەتسىزلىك بولار. خاقانىي (ئەدىب سابىر ئىزىدىن ماڭغان، رەشىدىددىن ۋەتۋات بولسا ئەدىب سابىرنى ئىنكار قىلغان. ئەنۋەرىي (ئەدىب سابىرنىڭ شائىرلىقىغا قول قوياتتى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ شېرىن سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ سۆزلىرى پاكىز، راۋان ۋە سېھىرلىك ئىدى. ئەدىب سابىر ئۆز زامانىسىدىكى شائىرلارنىڭ ئەڭ ئالدى ئىدى.

ئەدىب سابىرنىڭ تەربىيىچىسى ئۇلۇغ ئەللامە ئەبۇ جەئفەر ئەلى ئىبنى ھۇسەين پېشۋائى مۇساۋىي بولۇپ، ئىنتايىن ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى «رەئىسى خۇراسان» (خۇراساننىڭ باشلىقى) دەپ ئاتايتتى. سۇلتان سەنجەر ئۇنىڭ بىلەن ئاغا ـ ئىنى بولۇشقانىدى. سەييىدنىڭ ماكانى نىشاپۇردا بولۇپ، ئۇنىڭ خۇراساندا ھەشەمەتلىك ئىمارەتلىرى، يەر ـ سۇلىرى ۋە مال ـ مۈلۈكلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى ...

(ئەدىب) سابىر سۇلتان سەنجەر ۋە ئۇنىڭ دۆلەت كاتىپلىرىنىڭ ئالدىدا ئەزىز ۋە ھۆرمەتلىك ئىدى. خارەزمشاھ ئاتسىز سۇلتانغا قارشى خارەزمدە ئىسيان كۆتۈرگەندىن كېيىن، سۇلتان ئەدىب سابىرنى ئاتسىزنى ئىزچىل كۆزىتىپ يۈرۈش ۋە ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر يەتكۈزۈپ تۇرۇش ئۈچۈن مەخپىي تۈردە خارەزمگە ئەۋەتتى. ئاتسىز بولسا بىر پىدائىينى (مەرۋىگە) ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا جۈمە كۈنىدە سۇلتانغا پىچاق ئۇرۇپ ھالاك قىلىشنى بۇيرۇدى. (ئەدىب) سابىر تېرمىزىي ئۇ كىشىنى تېپىپ جازالىسۇن ئۈچۈن، ئۇنىڭ تەقى ـ تۇرقى ۋە چىراي ـ قىياپىتىنى قەغەزگە ئېنىق قىلىپ سىزىپ ئەۋەتتى. ئەدىب (سابىر) خارەزمدە ئىدى. ئاتسىز ئۇنىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەر تاپتى ۋە ئەدىب (سابىر) نى تۇتۇپ، پۇت ـ قولىنى باغلاپ جەيھۇن دەرياسىغا تاشلاپ چۆكتۈرۈپ ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. بۇ ۋەقە ھىجرىيە 546(مىلادىيە 1151) ـ يىلى يۈز بەرگەنىدى.

## ھەكىم سوزەنىي سەمەرقەندىي[33]

ھەكىم سوزەنىي ئەسلىي سەمەرقەندتىن ئىدى، خۇش پېئىل ۋە خۇشچاقچاق ئادەم ئىدى. ياشلىقىدا ئىلىم تەھسىل قىلدى، تەبىئىتى ھەزىلگە مايىل ئىدى. (ئۇ ئوقۇۋاتقان مەدرىسە) ئۆلىمالىرى بىرلىشىپ سوزەنىينى ھەجۋىي قىلىشقا ئۇنىڭ بىلەن ھۇجرىداش بىر يىگىتنى كۆندۈرۈشتى. ئۇ سوزەنىينى قىزىق ھەجۋىي قىلغان، سوزەنىيمۇ ئۇنىڭغا جاۋاب ئېيتقانىدى. ئۇ ھەجۋىيلەرنى بۇ كىتابقا كەلتۈرسەك مۇۋاپىق بولماس. ئەمما، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ قەلبىنى توۋا ـ تەزەررۇئ قىلىش كەيپىياتى ئىگىلىگەنىدى ۋە ھەجگە بارغانىدى. ئۇ تەۋھىد، نەسىھەت، مەرىپەتنى تەرغىب قىلغۇچى ۋە تائەت ـ ئىبادەت قىلىشقا چاقىرغۇچى ئاجايىپ قەسىدىلەرنى يازغانىدى ...

لامىئىي بۇخارىي، جەننەتىي ۋە نەسەفىي، شەمس ھالە ۋە شەترەنجىي قاتارلىقلار سوزەنىينىڭ شاگىرتلىرىدىندۇر...

ھەكىم سوزەنىي ھىجرىيە 569( مىلادىيە 1174) - يىلى سەمەرقەندتە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ قەبرىسى چاكەردىزادە مەقبەرىسىدە، ئالەمنىڭ ئىمامى ئەبۇ مەنسۇر ماتۇرىدىي[34] ۋە شەھابىددىن ئەبۇ ھەفسى ئۇمەر نەسەفىي[35] مازىرى يېنىدا.

## فەلەكىي شىرۋانىي[36]

فەلەكىي شىرۋانىي ئىنتايىن شېرىن سۆز ئادەم بولۇپ، ئەفزەلىددىن خاقانىينىڭ زامانداشلىرىدىندۇر، بەزىلەر ئۇنى خاقانىينىڭ ئۇستازى دېيىشىدۇ، بۇ توغرا ئەمەس. دانىشمەن شەيخ ئازەرىي «جەۋاھىرۇل - ئەسرار»دا خاقانىي ۋە فەلەكىينى، ھەر ئىككىلىسى ئەبۇل ئەئلا گەنجەنىڭ شاگىرتلىرى دەپ ئېيتقان. ھەمدۇللاھ مۇستەۋفىي (قەزۋىنىي) بولسا خاقانىينى فەلەكىي (شىرۋانىي) نىڭ شاگىرتى دەيدۇ.

قانداقلا بولسۇن (فەلەكىي شىرۋانىينىڭ) زور ئىستېتىداتى بار ئىدى ... خاجە ئىسمەتۇللاھ بۇخارىي بۇ قەسىدىگە (فەلەكىينىڭ شىرۋانشاھقا ئاتاپ يازغان قەسىدىسىگە) جاۋاب ئېيتقان ... فەلەكىي دىۋانىنى پاك - دىيانەتلىك پادىشاھ ئۇلۇغبەگ كۆرەگان ھۇزۇرىغا ئېلىپ كىرگەن. (ئۇ) دىۋاننى ئوقۇپ چىقىپ، ئۇنى ياقتۇرغان، لېكىن ئۇنىڭدا «بەققال» دېگەن ئاجايىپ بىر تەخەللۇسى بار ئىكەن، بۇ تەخەللۇسنى «ياخشى ئەمەس» دېگەن.

## ھەكىم رۇھانىي سەمەرقەندىي[37]

ھەكىم رۇھانىي سەمەرقەندىي سۆزلىرى يېقىملىق كىشى بولۇپ، رەشىدىددىن ۋەتۋاتنىڭ شاگىرتىدۇر. رەشىدىي (رەشىدىددىن ۋەتۋات) سەيفىددىن ئىسفەرەڭگىينىڭمۇ ئۇستازى بولغانىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، رەشىدىي مەۋلانا سەيفىددىن (ئىسفەرەڭگىينىڭ) يېقىنلىرىدىن بولغان. بۇ گەپلەرنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىغا رىۋايەت قىلغۇچىلار ئۆزى ئىگە. (ھەكىم) رۇھانىينىڭ مانا بۇ قىتئەسى كەدخۇدا[38] لىق ھەجۋىيسى ھەمدە قەرزدارلىق ھەققىدەدۇر:

قىلمىغاي ئەخلاقلىق ئەر ئالەمدە ئىككى ئىشقا مەيل،
كەتمىسۇن ئاندىن دېسە جان ۋە سالامەتلىككە دىز.
بولسىمۇ قەيسەر قىزى، بەرمىگەي خوتۇنغا مەيل،
ئالمىغاي تاكى قىيامەتكىچە لەۋز بىلەنمۇ قەرز.

## جەۋھەرىي زەرگەر[39]

جەۋھەرىي زەرگەر سۆزلىرى يېقىملىق، دوستانە ئادەم بولۇپ، ئەدىب سابىرنىڭ شاگىرتى ئەسىرىددىن ئەخسىكەتىيگە زامانداش. ئۇ ئەسلىي بۇخارادىن، لېكىن سەيياھ سۈپىتىدە ئىراققا بېرىپ، ئىسفاھاندا تۇرۇپ قالغان. ئۇ ناھايىتى باي ۋە دۆلەتمەن بولغانلىقىدىن، ھەمىشە شائىرلارنى سېلاپ (مۇكاپاتلاپ) ئۇلارغا كىيىم - كېچەك بېرىپ تۇراتتى ...

جەۋھەرىينىڭ سۇلتان سۇلايمانشاھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى مەلىكشاھقا ئېيتقان پاكىز

قەسىدەلىرى بار، «ئەمىر ئەھمەد ۋە مەھسىتى»[40] داستانىنى جەۋھەرىي نەزمىلەشتۈرۈپ يازغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ داستاننى (ئەسلىدە) بۈيۈك شەيخ نىزامىي يازغانىكەن. بۇنى ئاللانىڭ ئۆزى بىلىدۇ ...

## ئەسىرىددىن ئەخسىكەتىي[41]

ئەسىرىددىن ئەخسىكەتىي دانىشمەن ۋە بىلىملىك كىشى ئىدى، سۆزمەنلىكتە يۇقىرى مەرتىۋىگە يەتكەنىدى. ئۇ خاقانىينىڭ زامانداشلىرىدىن بولۇپ، ئەسلىي تۈركىستانلىق. پەرغانە قىشلاقلىرىدىن بولغان ئەخسىكەتلىكتۇر[42]. ئەمما، ئىراقىي ئەجەم ۋە ئەزەربەيجان شەھەرلىرىدە ئۇلتۇراقلىشىپ قالغانىدى. خەلخال[43] ۋە مەۋسۇل[44] ھاكىمى ئۇنى ھۇزۇرىغا تەكلىپ قىلدى ۋە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى ئاشۇ دىياردا ئۆتكۈزدى. ئاتا بەگ ئەلدىگىز[45] ئەسىرىددىن سۆھبىتىگە خۇشتار ئىدى. لېكىن، (ئۇنىڭغا) ئۇچرىشىش ۋە سۆھبەت مۇيەسسەر بولمىدى. ئەخسىكەتىي باردى ـ كەلدى ۋە دۇنياۋى ئىشلاردىن ۋاز كېچىشكە بەكمۇ مايىل ئىدى، ئەنۋەرىيگە جاۋابەن بىر قەسىدە يازدى ... ۋە نەپسىنى قانائەتكە بويسۇندۇرۇش، دۇنيانى تەرك ئېتىش توغرىسىدا بىرنەچچە بېيىتنى قەسىدە ئاخىرىغا ئىلاۋە قىلدى:

سەن مۇرىدۇ نەفس ساڭا پىشۋامۇ، ئەي كۆركەم ئەقىل،
چۈنكى توغرۇل، گاھى توغان ئىشىكىدە سەن مۇدام؟
تەمەگەرلىك پەيلىنى قوغلا خىيالىڭدىن، ئەسىر،
ئەيلە پاك خۇلقۇڭنى مەدھ ئېيتماق بالاسىدىن تامام.

بىلىم ئەلگىرى ئەسىرىددىنىنىڭ شائىرلىقىغا تەن بېرىشكەنىدى. بەزىلەر ئۇنىڭ سۆزلىرى ئەنۋەرىي ھەم خاقانىي سۆزلىرىدىن پەزىلەتلىكرەك ئىكەنلىكىنى ئېيتىشقان. باشقىلار (بولسا) بۇ پىكىرنى قوبۇل قىلمىغان. ئىنساپ بىلەن ئېيتقاندا، مەزكۇر ئۈچلا دانىشمەنىنىڭ (ئۆزىگە خاس) بىر يوسۇنى باركى، بۇ باشقىلاردا ئۇچرىمايدۇ. شۇ جۈملىدىن ئەسىرىددىن سۆزنى دانىشمەنلەرچە، ئەنۋەرىي زوق بىلەن ئېيتاتتى. خاقانىي (بولسا) سۆزنى بېزەكلەر بىلەن زىننەتلەشتە ھەممىدىن بەك ئۇستا ئىدى. دېمەك، ئۇلارنىڭ ئۈچىلىسى مەنىلەر دەرياسىنىڭ غەۋۋاسلىرى ئىدى ۋە ھەربىرى ئاشۇ دەريادىن كۆچىنىڭ يېتىشىچە دۇر ـ جاۋاھىرات ئېلىپ چىققانىدى.

## سەيفىددىن ئىسفەرەڭگىي[46]

ئىسفەرەڭ[47] ماۋەرائۇننەھردىكى يەر نامى. مەۋلانا سەيفىددىن ئىسفەرەڭگىي تالىبى ئىلىم ۋە سالاھىيەتلىك ئادەم ئىدى، سۆزمەنلىكتە يۇقىرى دەرىجىگە يەتكەنىدى. ئۇنىڭ دىۋانى مەشھۇردۇر. ئالىملار ۋە پەزىلەت ئىگىلىرى ئۇنىڭ دىۋانىنى ئۇلۇغبەگ مەجلىسىدە ئوقۇيتتى، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئەسىرىددىن ئەخسىكەتىي سۆزلىرىدىن ئارتۇق كۆرەتتى. لېكىن، بۇنداق دېيىش، ئۇنى ئارتۇقچە چوڭ كۆرسىتىش ۋە دەلىلسىز دەۋا بولار.

مەۋلانا سەيفىددىن (ئىسفەرەڭگىي) خارەزمشاھ ئەل ئارسلان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ باشلىرىدا بۇخارادىن خارەزمگە باردى. ئەل ئارسلان ئۇنىڭغا ئىززەت ـ ئىكرام كۆرسەتتى ھەمدە خاقانىينىڭ بىر قەسىدىسىگە جاۋاب ئېيتىشنى بۇيرۇدى. خاقانىي قەسىدىسىنىڭ مەتلىئى مۇنداق:

ئاھىم جاھاننى بەند ئېتەر تاڭ پەيتى مىسلى تۈتۈن،
شەپەق كۆزۈمگە قان قۇيار ھەر سەپەر كەلگەندە تۈن.

مەۋلانا سەيفىددىن بۇ قەسىدىگە جاۋابنى بەھر ۋە رادىپتا مۇۋاپىق قىلىپ ئېيتتى، ئەمما قاپىيىنى بىرئاز بۇزدى. (قەسىدىنى) شاھنىڭ (خاس) مەجلىسىدە ئوقۇدى. پەزىلەت ئىگىلىرى ئۇنى ئىشىتىپ، ئۇنى ياقتۇردى. ئاشۇ قەسىدىنىڭ ئاخىرى مۇنداق:

سىرلىرىم ھەۋدەجىدىن كۆتەرسە تۈن نىقابىنى،
دىل بىلەن ئويغاق كۆزۈم ئالغاي سەھەرنىڭ خابىنى.

مەۋلانا سەيفىددىن ئۆزرە سوراپ: بۇ قاپىيىنى نازۇك تەبىئەتلىك زاتلارغا پارا دەپ ھېسابلىدىم، دېدى. كېيىن ئاشۇ قەسىدىگە (خاقانىي قەسىدىسىگە) بەھر، رادىپ ۋە قەسىدىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ (يەنە بىر) جاۋاب ئېيتتى. مانا بۇ ئىككى بېيت ئاشۇ ئىككى قەسىدىدىن:

بولدى تاقەت ئىكسىرىدىن بۇ تېنىم تىللاغا تەڭ،
قىلدى ئالەم گەنجىنى يەل خۇددى خاكى پاغا تەڭ.
بەخت نەسىب ئەتتى، فەقىر كۈلاھىدىن تا ئۆلگۈچە،
ماڭلىيىم ئايدەك يورۇق، باشىم مېنىڭ ساماغا تەڭ.

بۇ قەسىدىدە نازۇكلۇق ۋە گۈزەللىك كۆپ. مەۋلانا سەيفىددىن (ئىسفەرەڭگىي) شائىرلارنىڭ قەسىدىلىرىگە كۆپلەپ شەرھ ۋە جاۋابلار ئېيتقان.

مەۋلانا سەيفىددىننىڭ دىۋانى ئون ئىككى مىڭ بېيتتىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ ھەممىسى يېقىملىق ۋە ئۆزگىچىدۇر. ئۇ سۆزمەنلىكتە بەدرىددىن شاشىيغا⑭ ئەگەشكەن. ئەئلائىي ئەتتار نامى بىلەن مەشھۇر بولغان بەچچەئى ئەتتار بۇخارىي، ئەدنانىي ھەمدە مەلىك شانەتەراش مەۋلانا سەيفىددىننىڭ شاگىرتلىرىدىندۇر. ئەمما، ئاتسىزدىن كېيىن ئەل ئارسلان خارەزم تەختىگە ئولتۇردى ۋە خۇراساننى ئىشغال قىلدى. ھەكىملەر ۋە دانىشمەنلەر پېتەكچىسى سەييىد ئىسمائىل جورجانىي⑮ ئۇنىڭ نامىغا ئاتاپ «كىتابى ئەغرازەت ـ تىببىييە ۋەلمۇباھىسەل ـ ئەئلائىييە» (تېبابەت ۋەزىپىلىرى ۋە ئەلا تەتقىقاتلار) دېگەن ئەسەرنى يازدى. تېب ئىلمىدە «ئەغراز»دىن پايدىلىنىقراق كىتابنى ھېچكىم يازمىغان ۋە ئۇ «زەخىرەئى خارەزمشاھىي» (خارەزمشاھ خەزىنىسى)دىن⑯ تاللاپ ئېلىنغان.

**ئىزاھات:**

① ئەسلىي ئىسمى نەجمىددىن ئەھمەد ئىبنى ئۆمەر ئىبنى ئەلى نىزامىي ئەرۇزىيدۇر. 11 ـ ئەسىردە ياشاپ ئىجادىيەت قىلغان شائىر ھەم ئەدىب. ئۆمەرنىڭ ئاساسىي قىسمىنى بامىيان(ھازىرقى ئافغانىستاندا)دا ئۆتكۈزگەن ۋە غۇر شاھزادىلىرىدىن شەمسىددىن مۇھەممەد (مىلادىيە 1145 ـ يىلىدىن 1163 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان)نىڭ دەبىرى (كاتىپى) بولغان. دەۋلەتشاھ سەمەرقەندىي ئۇنىڭ «ۋىسۇ رامىن» داستانىنى يازغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ بۇ نامدىكى ئەسىرى ھازىرغىچە تېپىلمىدى. «ۋىسۇ رامىن» ناملىق ئەسەرنى فەخرىددىن ئەسەد جورجانىي (11ـ ئەسىردە ياشىغان) نىڭ يازغانلىقى مەلۇم بولماقتا. نىزامىي ئەرۇزىي سەمەرقەندىگە شۆھرەت ئېلىپ كەلگەن ئەسەر مىلادىيە 1156 يىلى ۋە 1157 ـ يىللىرى يېزىلغان «چەھار مەقالە» ناملىق كىتاب. بۇ نەسرىي ئەسەرلەر ئىچىدە مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە يادىكارلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەر مىلادىيە 1899 ـ يىلى ئې . برائون تەرىپىدىن

ئىنگلىز تىلىغا، 1963 - يىلى س . بايېۋسكىي ۋە ز . ۋوروجېكىنا تەرىپىدىن رۇس، ئوردۇ ۋە تۈرك تىللىرىغا
تەرجىمە قىلىنغان. بۇ ئەسەرنىڭ كۆپلىگەن تاش باسما نەشرلىرى (مەسىلەن،1887 -، 1888 - يىللىرىدىكى
نەشرلىرى)، قولىيازما نۇسخىلىرىمۇ بار. «چەھار مەقالە»نىڭ ئىلمىي، تەنقىدىي تېكىستى مىرزا مۇھەممەدخان
قەزۋىنىي ۋە مۇھەممەد مۇئىن تەرىپىدىن 1909 - ۋە 1957 - يىللاردا نەشر قىلىنغان.

② «ۋىسۇ رامىن» — فەخرىددىن ئەسەد گورگانىي قەلىمىگە مەنسۇب، 1042 — 1054 - يىللاردا يېزىلغان
ئېپىك داستان. ئۇندا مەرۋ شاھزادىسى رامىن بىلەن شاھ خوتۇنى ۋىس ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت تەسۋىرلىنىدۇ.
فارس، تاجىك شېئىرىيىتىدە رومانتىزمنىڭ تەرەققىياتىدا، شۇنىڭدەك نىزامىي ۋە باشقا يىرىك شائىرلار ئىجادىيە-
تىگە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن ئەسەر.

③ نىزامىي گەنجەۋى — ئۇلۇغ ئەزەربەيجان كلاسسىك شائىرى (1141 — 1209)؛ ئۇ 1173 — 1201 - يىللار
ئوتتۇرىسىدا پۈتۈلگەن «خەمسە»سى بىلەن جاھانغا مەشھۇر. ئەسلىي ئىسمى ئىلياس ئىبن يۇسۇفتۇر.

④ كاسپىي دېڭىزىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى قەدىمىي شەھەر.

⑤ تەھمۇرەس — قەدىمكى ئىران پېشدادىيلار سۇلالىسىدىن ئىككىنچى ھۆكۈمدار. فىردەۋسىي «شاھنامە»سىدە
ئېيتىلىشىچە، ئۇ ئىراننى ئوتتۇز يىل ئىدارە قىلغان.

⑥ ئەبىۋەرد — ھازىرقى ئاشخابادتىن 12 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبتا. ئاشخاباد بىلەن كەئەكە ئوتتۇرىسىدى-
كى دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىر شەھىرى.

⑦ ئەسلىي ئىسمى ئەبۇ مۇئىنىددىن ئەلقۇبادىيانىي ئەلمەرۋەزىي (مىلادىيە 1004 - يىلىدىن 1088 - يىلىغى-
چە). پارس - تاجىك شېئىرىيىتىدىكى كلاسسىك شائىر ۋە پەيلاسوپ ئالىم. «ساياھەتنامە»، «روشنايىنامە»، «سائادەت-
نامە»، «زادۇل - مۇسافىرىن» قاتارلىق ئەخلاقىي ئەسەرلىرى بىلەن مەشھۇر. ئۇن ئىككى مىڭ بېيىتتىن ئىبارەت
قەسىدە، غەزەل، قىتئە ۋە رۇبائىيلاردىن تۈزۈلگەن دىۋانى تېپىلغان.

⑧ شەيخ ئەبۇلھەسەن ھەررەقانىي — مۇتەسەۋۋۇپ شەيخ ۋە ئالىم، مىلادىيە 1034 - يىلى ۋاپات بولغان.

⑨ پورسىنا — ئىبنى سىنا.

⑩ ئەبۇ نەجىب شەھابىددىن ئەمئەق بۇخارىي — قاراخانىيلاردىن خىزىرخان (مىلادىيە 1079 - يىلىدىن 1080 -
يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) سارىيىدا مەلىكۇش - شۇئەرا (شائىرلار شاھى) بولغان ئۇ 11 - ئەسىرنىڭ 40 — 50
يىللىرى ئارىسىدا تۇغۇلغان، زىراقۇلىخان ھىدايەتنىڭ مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، مىلادىيە 1147(ھىجرىيە 542)- يىلى
تەگى كاشىينىڭ ئېيتىشىچە بولسا مىلادىيە 1158(ھىجرىيە 553) - يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ پارس، تاجىك كلاسسىك
ئەدەبىياتى تارىخىدا باھار گۈزەللىكى، ئاشىق ۋە مەشۇق لاتاپىتى، مۇھەببەت ۋە ئۇنىڭ شەپقەتسىزلىكى، تەقدىرنىڭ
ۋاپاسىزلىقىنى ئەكس ئەتتۈرگەن قەسىدىلىرى بىلەن مەشھۇر. ئەمئەق قەسىدىلىرىدە ئىلتىزام ئۇسلۇبىدىن كەڭ
پايدىلىنىلغان. ئۇمۇ كۆپلىگەن ساراي شائىرلىرىغا ئوخشاش، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا قاراخانىيلارنىڭ سارىيىدىن كې-
تىپ، ئاخىرقى ھاياتىنى خىلۋەتتە ئۆتكۈزگەن.

⑪ سۇلتان سەنجەر — سەلجۇقىيلار سۇلالىسىدىن سەككىزىنچى ھۆكۈمدار.

⑫ ئادەم ئاتا ۋە ھەۋۋا ئانا نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

⑬ «تارىخى ئالى سەلجۇق» — ئەبۇ تاھىر خاتۇنىينىڭ تارىخىي ئەسىرى. ئۇنىڭدا سەلجۇقىيلار دەۋرى (مىلادى-
يە 1038 — 1194 - يىلىغىچە) دىكى ئىراق ۋە ئىراننىڭ سىياسىي ھاياتى بايان قىلىنغان. ئەسەر بىزنىڭ دەۋرى-
مىزگىچە يېتىپ كەلمىگەن. ئىبنى بىبى (مىلادىيە 1272 - يىلى ۋاپات بولغان) ھەم شۇ نامدا بىر كىتاب يازغان،
لېكىن ئۇنىڭمۇ نۇسخىسى بىزگىچە يېتىپ كەلمىگەن، بۇ كىتابنىڭ نامەلۇم مۇھەررىر تەرىپىدىن قىسقارتىلغان
ھەمدە كىچىك ئاسىيا سەلجۇقلىرىغا بېغىشلانغان قىسمى تۈركىيە ۋە گېرمانىيە كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلانماقتا. ئە-
سەرنىڭ قىسقىچە فرانسۇزچە (ك.شېرفېر)، گېرمانچە (ك.دۇد) ھەمدە رۇسچە (ۋ.ترانگا ئۇزېن) تەرجىمىلىرى مەۋ-
جۇت.

⑭«كىتابى سۇۋەرئەل - ئەقالىم» — ئىستەخرىي(10 - ئەسىر)نىڭ شەرق مەملىكەتلىرى جۇغراپىيىسىگە ئا-
ئىت كىتابى.

⑮ غۇزلار — مىلادىيە 1138 - يىلىدىن باشلاپ يەتتىسۇ تەرەپتىن ماۋەرائۇننەھرگە باستۇرۇپ كىرىشكە باش-
لىغان ۋە مىلادىيە 1141 - يىلىدا سەمەرقەند يېنىدا سۇلتان سەنجەرنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان قاراقىتانلاردۇر.

⑯ قەتران سەلجۇقىيلاردىن سۇلتان سەنجەر (مىلادىيە 1118 ـ يىلىدىن 1157 ـ يىلىغىچە) زامانىدا ئۆتكەن يېتۈك شائىر ۋە ئالىم. دىۋانىغا مۇرەببە، مۇخەممەس، ئىككى قاپىيىلىك تەرجىبەند، قەسىدە شەكىللىرىدە يېزىلغان شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن. ئۇ مەشھۇر «گىرشەسپنامە» ناملىق ئەسىرىنى ھىجرىيە 458(مىلادىيە 1065 — 1066) ـ يىلى يېزىپ تۈگەتكەن. «لۇغەتى فۇرس» ناملىق ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى ئەسەد تۇسىي(تەخمىنەن مىلادىيە 1010 ـ يىلى تۇغۇلغان)نىڭ ئېيتىشىچە، فارس تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتىنى تۈزۈشكە دەسلەپ قەتران ھەرىكەت قىلغان. لېكىن، ئۇ ئۆز لۇغىتىگە ھەممىگە مەلۇم، كەڭ ئىستېمالدىكى ئاددىي سۆزلەرنىلا كىرگۈزگەن(ئې، بېرتېلس. «فارس، تاجىك ئەدەبىيات تارىخى». موسكۋا، 1960 ـ يىلى رۇسچە نەشرى). دەۋلەتشاھ سەمەرقەندىي تىلغا ئېلىۋاتقان «قەۋسنامە» شۇ لۇغەت بولسا كېرەك.

⑰ ئەزرەقىي — 12 ـ ئەسىردە ئۆتكەن رۇبائىيچى شائىر، تېۋىپ ۋە ئالىم، ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى ئەبۇلمەھاسىن ئەبۇبەكر زەيىنىددىن ھەكىم ئەزرەقىي (مىلادىيە 1132 ـ يىلى ۋاپات بولغان). ئاتىسى كاتتا كىتابپۇرۇش ئىدى. بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بىر چاغلاردا غەزنەدىن — سۇلتان مەھمۇدنىڭ تەقىپ قىلىشىدىن قاچقان بۈيۈك فىردەۋسىي (مىلادىيە 932 — 1020) مەلۇم ۋاقىتقىچە ئۇنىڭ ئۆيىدە يوشۇرۇنغانىكەن. ئەبۇلفەۋارس كەنارىزىي (10ـ ئەسىر) ۋە زەھىرىي سەمەرقەندىينىڭ (12 ـ ئەسىر) «سىندبادنامە» ناملىق ئەسەرلىرى مەلۇم، دەۋلەتشاھ سەمەرقەندىي ئەزرەقىينىڭمۇ مۇشۇ تېمىدا ئەسەر يازغانلىقىنى ئېيتىدۇ، لېكىن، بۇ ئەسەر ھازىرغىچە مەلۇم بولمىدى. ھەكىم ئەزرەقىي دىۋانىنىڭ ئايرىم نۇسخىلىرى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ۋە ئۇلاردىن ئىككى ـ ئۈچى (تىزىم نومۇرى 160( Ⅳ)، 238 ( Ⅴ ) قاتارلىقلار ھازىر ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا.

⑱ ئەنۋەرىي سۇلتان سەنجەر زامانىدا ئۆتكەن كاتتا قەسىدىچى ئالىم. ئەسلىي ئىسمى ئەۋھەدىددىن مۇھەممەدتۇر. ئۇنىڭ شېئىرلىرى زور بەدىئىي ماھارەت بىلەن يېزىلغان، تىلى خېلى ئېغىر ۋە تېرەن مەنىلىكتۇر. مەسىلەن، ئەبۇلھەسەن فەررەخانىي ئەنۋەرىينىڭ دىۋانىنى شەرھلەش ئۈچۈن تۈرلۈك پەنلەرگە ئائىت 60چە ئىلمىي كىتاب، 20 گە يېقىن دىۋان ۋە دەسلەپكى كلاسسىك شېئىرىيەت بىلىمدانلىرى مەسلىھەتلىرىدىن پايدىلانغان. (ئې. بېرتېلس، «فارس، تاجىك شېئىرىيىتى»، موسكۋا، 1960 ـ يىلى رۇسچە نەشرى) كېيىنچە سۇلتانلار سارىيىدىن چىقىپ كېتىپ، قالغان ئۆمرىنى پېقىرلىق ۋە دەرۋىشلىكتە ئۆتكۈزگەن. ئەنۋەرىي مىلادىيە 1152 ـ يىلى (يەنە باشقا مەلۇماتلارغا قارىغاندا، مىلادىيە 1169 ـ يىلىدىن كېيىن) ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ دىۋان ۋە قوليازمىلىرى ھازىرمۇ مەۋجۇت. شۇلاردىن ئونغا يېقىنى (تىزىم نومۇرلىرى: 1051، 1076، 180، Ⅶ 919 ، Ⅰ/238،1575،1353، 1050 ۋە باشقىلار) ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا.

⑲ توغرۇلبەگ ئىبنى مىكائىل — سەلجۇقىيلار سۇلالىسىدىن بىرىنچى ھۆكۈمدار (1038 — 1063)

⑳ غەززالىي — بۈيۈك مۇتەسەۋۋۇپ، ئىلاھىيەت ئالىمى ئەبۇ ھامىد مۇھەممەد (1058 — 1112). «ئىھيايۇل - ئۇلۇمەد ـ دىن» (ئىلاھىيەت ئىلمىنىڭ گۈللەندۈرۈلۈشى») ناملىق ئەسىرى بىلەن مەشھۇر.

㉑ مىزان بۇرجى — (مىزان — تارازا، ئۆلچەم) كلاسسىك شەرق مۇنەججىملىكىدە ئاسماندىكى ئون ئىككى بۇرجتىن يەتتىنچىسى؛ سېنتەبىر ئېيىغا توغرا كېلىدۇ.

㉒ سەردابە — ئوتتۇرا ئەسىردىكى شەھەر، قەلئەلەرنىڭ قوغدىنىش مۇئەسسەسەلىرى).

㉓ قازىيەل — قازىلار قازىسى؛ قازىكالان؛

㉔ رەشىدىددىن ۋەتۋات — ئوتتۇرا ئاسىيالىق كاتتا شائىر ۋە ئالىم مۇھەممەد ئىبنى ئەبدۇلجەلىل ئەلبەلخىي (مىلادىيە 1088 — 1182)نىڭ يەنە بىر نامىدۇر. ئۇ شېئىرىيەت سەنئىتىنىڭ ماھىر ئۇستىسى، زور بەدىئىي ماھارەت ئىگىسى. ئۇ شېئىرىيەتتە مۇرەسسەئ، تەرسىئ، تەجنىس ۋە باشقا ئۇسۇللارنى قوللىنىشتا زامانىسىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى شائىرى ئىدى. رەشىدىددىن ۋەتۋات شېئىرىيەتكە دائىر «ھەدايىقۇس ـ سىھر» (سېھىر باغلىرى) قاتارلىق بىرمۇنچە ئىلمىي ئەسەرلەرنىمۇ يازغان. «ھەدايىقۇس ـ سىھر» 15 ـ ئەسىرگىچە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ شەرقتە زور شۆھرەت قازانغان بولۇپ، دەۋلەتشاھ سەمەرقەندىي قاتارلىق ئەدەبىياتشۇناسلار ئۈچۈن مۇھىم مەنبە ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. ئالىملار بۇ ئەسەرگە شەرھمۇ يازغان. شەرەفىددىن رامىينىڭ ( 14 ـ ئەسىر) «ھەدايىقەل ـ ھەقايىق» (ھەقە-

قەت باغلىرى) دەپ ئاتالغان شەرھى ئۇلار ئىچىدە ئەڭ مۇھىمدۇر. (بۇ شەرھىنىڭ بىر نۇسخىسى ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا، تىزىم نومۇرى: 9151). رەشىدىددىن ۋەتۋات ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىدا (مىلادىيە 1156 ـ يىلىدىن كېيىن) خارەزمشاھ سارىيىنى تاشلاپ، ئىلىم ۋە پەن بىلەن مەشغۇل بولدى.

㉕ ئاتسىز ئىبنى قۇتبىددىن مۇھەممەد ــ ئانۇشتېگىن سۇلالىسىدىن (مىلادىيە 1077 ــ 1172) بولغان خارەزم ھۆكۈمدارى. (1127 ــ 1156).

㉖ ئەلئارسلان ئىبنى ئاتسىز ــ ئانۇشتېگىن سۇلالىسىگە مەنسۇپ خارەزم ھۆكۈمدارى (1156 ــ 1172).

㉗ تەشتىخانا ــ ئوتتۇرا ئەسىردە شاھلار سارىيىدا ئىدىش ـ تاۋاق ساقلىنىدىغان خانا.

㉘ بۇ ۋەقە، يەنى خارەزمنىڭ سۇلتان سەنجەر قوشۇنى تەرىپىدىن پەتھ قىلىنىشى 1138 ـ يىلى سادىر بولغان.

㉙ مۇنشىي ــ ئوتتۇرا ئەسىرلەردە شاھ ۋە خانلارنىڭ خاس كاتىپى.

㉚ بۇ ۋەقە، يەنى سۇلتان سەنجەرنىڭ غۇزلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىشى 1157 ـ يىلى سادىر بولغان.

㉛ جۇرجانىيە ــ خارەزمنىڭ قەدىمىي پايتەختى. خارابىلىرى «كوھنە ئۈرگەنچ» نامى بىلەن مەشھۇردۇر.

㉜ ئەدىب سابىر تېرمىزى ــ مۇئىززىيغە ئوخشاش ئۇمۇ رۇداكىيغا ئەگەشكەن شائىرلاردىن بىرى بولۇپ، قەسىدە ۋە غەزەل ژانىرىنىڭ ئاتاقلىق نامايەندىلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. شېئىرنى كۆپىنچە مۇقەررەر ۋە ھۆسنى تەئلىل ئۇسلۇبىدا يازغان. ئۇنىڭ ئايرىم شېئىرلىرىدا زامان تىنچسىزلىقىدىن شىكايەت، ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇھىتتىن رەنجىش تۇيغۇلىرى سېزىلىدۇ. دەۋلەتشاھ سەمەرقەندىينىڭ يازغانلىرىدا كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇ 1151 ـ يىلى خارەزمشاھ ئاتسىز (مىلادىيە 1128 ـ يىلىدىن 1156 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) تەرىپىدىن جاسۇس دەپ ئەيىبلىنىپ، ئامۇ دەرياسىغا چۆكتۈرۈپ ئۆلتۈرۈلگەن. باشقا مەلۇماتلارغا قارىغاندا (ئې، بېرتېلس: «فارس، تاجىك ئەدەبىيات تارىخى» 489 ـ بەت) بۇ پاجىئە 1143 ـ ياكى 1145 ـ يىلى سادىر بولغان.

㉝ ھەكىم سوزەنىي سەمەرقەندىينىڭ ئەسلىي ئىسمى شەمسىددىن مۇھەممەد ئىبنى ئەلى سوزەنىي سەمەرقەندىي بولۇپ، بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، سەمەرقەندنىڭ كەرەش قىشلىقىدىن ئىدى، يەنە بەزى مەلۇماتلاردا نەسەفتە تۇغۇلغان دېيىلگەن. ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتى سەمەرقەندتە ئۆتكەن. ھەكىم سوزەنىي سەمەرقەندىينىڭ ئون ـ ئون ئىككى مىڭ مىسرادىن ئىبارەت شېئىرىي دىۋانى ھازىر دۇشەنبە شەھىرىدە ساقلانماقتا. شېئىرلىرىدىن ئايرىم پارچىلار تۈرلۈك توپلاملارغا، جۈملىدىن، «مەجمۇئەل ـ غەرايىب»(ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قولىيازمىسىنىڭ تىزىم نومۇرى: 230)قىمۇ كىرگۈزۈلگەن. ھەكىم سوزەنىي ئاساسەن ھەجۋىي شېئىر يېزىشتا نام چىقارغان. سوزەنىي شېئىرىيىتىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى شۇنىڭدىكى، ئۇنىڭدا تەرجىمىھال خاراكتېرلىك (رۇداكىينىڭ ئەسلىدە كور تۇغۇلغانلىقىغا ئوخشاش) ياكى جۇغراپىيىۋى (مەسىلەن، قاراخانىيلارنىڭ كاتتا شەھەرلىرىدىن بارسخان توغرىسىدا) مەلۇماتلار ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇ شېئىرلىرىدا تۈركچە ۋە سوغدىچە سۆزلەرنىمۇ سەنئەتكارانە ماھارەت بىلەن ئىشلەتكەن.

㉞ ئەبۇ مەنسۇر ماتۇرىدىي ــ مەشھۇر ئىسلامىيەت ئالىمى (944 ـ يىلى ۋاپات بولغان) قەبرىسى سەمەرقەندنىڭ كەردىزە مەھەللىسىدە.

㉟ ئەبۇ ھەفس ئەبۇ ئەنداسرىي ــ قارشىلىق بۈيۈك تارىخچى ئالىم (1142 ـ يىلى ۋاپات بولغان) «كىتابۇل ـ قەندافى تارىخى سەمەرقەند» (سەمەرقەند تارىخىدىن قەنت كىتاب) ناملىق ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى.

㊱ فەلەكىي شىرۋانىينىڭ ئەسلىي ئىسمى ئەبۇ نىزام مۇھەممەد بولۇپ، شىرۋانشاھ سارىيىدا ياشىغان قەسىدە يازغۇچى شائىر (مىلادىيە 1107 ـ يىلىدىن 1146 ـ يىلىغىچە ياشىغان).

㊲ ھەكىم رۇھانىي سەمەرقەندىينىڭ ھاياتىغا ئائىت مەلۇماتلارنى تاپالمىدۇق. دەۋلەتشاھ سەمەرقەندىينىڭ بايانىغا قارىغاندا، ئۇ 12 ـ ئەسىردە ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئىسمىغا «ھەكىم» سۆزىنىڭ قوشۇپ ئېيتىلىشى، تېۋىپ ۋە ئالىم بولغانلىقىغا ئىشارەتتۇر.

㊳ كەدخۇدا ــ قىشلاق، جامائە ئاقساقىلى.

㊴ جەۋھەرىي زەرگەر ــ ھەكىم سوزەنىينىڭ زامانىدىشى، 12 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ، 30 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بۇخارادا تۇغۇلغان، ئۇ دەسلەپ سەلجۇقىيلاردىن سۇلايمانشاھنىڭ، كېيىن ئارسلانشاھ ئىبنى توغرۇل (مىلادە-

يە 1161 ـ يىلىدىن 1176 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان)نىڭ سارىيىدا بولغان. ئۇنىڭ يۇقىرى سەنئەت بىلەن يازغان ئىككى پارچە قەسىدىسى ھەمدە «ئەمىر ئەھمەد ۋە مەھسىتتى» داستانى ھازىر باكۇدا ساقلانماقتا.

㊵ ئەمىر ئەھمەد ۋە مەھسىتتى — خەلق ئاغزاكى ماتېرىياللىرى ئاساسىدا يېزىلغان داستان. ئۇنىڭدا سۇلتان سەنجەر كېنىزىكى ناخشىچى مەھسىتتىنىڭ پاك مۇھەببىتى كۈيلەنگەن.

㊶ ئەسىرىدىن ئەخسىكەتىينىڭ ھاياتىغا ئائىت مەلۇماتلار ناھايىتى كەم ساقلانغان. زامانىسىدىكى كۆپلىگەن شائىر ۋە ئالىملاردەك ئۇنىڭمۇ ئۆز ۋەتىنىدە مۇقىم تۇرالماي ياقا يۇرتلاردا كۆن كەچۈرۈشكە 12 ـ ئەسىردە ماۋەرائۇننەھرنىڭ ئىجتىمائىي ـ سىياسىي ھاياتىدا يۈز بەرگەن تىنچسىزلىق (قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئىچكى فېئودال كۈرەشنىڭ كۈچىيىشى) سەۋەب بولغان. ئەسىرىددىن ئەخسىكەتىي جەۋھەرىي زەرگەردەك كۆپلىگەن شائىرلارغا ئۇستاز ھېسابلانغان. شائىر تەخمىنەن ھىجرىيە 569(مىلادىيە 1174) ـ يىلىدا ۋاپات بولغان.

㊷ ئەخسىكەت — تارىخىي مەنبەلەردە ئەخسى دەپ يورۇتۇلغان. سىر دەرياسىنىڭ ئوڭ ساھىلىدا، ئوتتۇرا ئەسىردىكى شەھەر. تېمۇرىيلەر دەۋرىدە فەرغانە ۋىلايىتى مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان، خارابىلىرى ھازىرقى نەمەنگان ئوبلاستى تۆرەقورغان رايونىدىكى شاھان قىشلىقىدىن تېپىلغان.

㊸ خەلھال — ئىران ئەزەربەيجانىدىكى قەدىمىي شەھەر. ئوتتۇرا ئەسىرلەردە غىلان ۋىلايىتىگە قارىغان.

㊹ مەۋسۇل — مېسوپوتامىيە (ئىراق) نىڭ يۇقىرى قىسمىغا جايلاشقان شەھەر ھەم ۋىلايەت.

㊺ ئاتابېك ئەلدىگىز — مىلادىيە 1137 — 1225 ـ يىللىرى جەنۇبىي ئەزەربەيجان، ئەرزان، ناخچىۋەن، ئىسفاھان ۋە رەينى ئىدارە قىلغان ئەلدىگىزىيلەر دۆلىتى ھۆكۈمدارلىرىدىن ئاتابېك شەمسىددىن ئەلدىگىز (1160 — 1174).

㊻ سەيفىددىن ئىسفەرەڭگىينىڭ ھاياتىغا ئائىت مەلۇماتلار ئاز ساقلانغان. لېكىن، ئۇنىڭ دەۋلەتشاھ ئەسىرىدە تىلغا ئالغان دىۋانى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىر نۇسخىسى ھازىرمۇ ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا (تىزىم نومۇرى: 1434، كىتاب جەمئىي 329 ۋاراق بولۇپ، مىلادىيە 1601 ـ يىلى كۆچۈرۈلگەن) مەزكۇر دىۋان شائىرنىڭ قەسىدە ۋە رۇبائىيلىرىدىن تۈزۈلگەن. سەيفىددىن ئىسفەرەڭگىي مىلادىيە 1261 ـ يىلى بىلەن 1267 ـ يىللىرى ئارىسىدا ۋاپات بولغان.

㊼ ئىسفەرەڭ — فەرغانە ۋادىسىنىڭ قەدىمكى شەھەرلىرىدىن ئىسپەرە ياكى ئىسفەرە دەپ ئاتالغان. ھازىرقى تاجىكىستان لېنىنئاباد ئوبلاستىغا قاراشلىق شەھەر.

㊽ بەدرىددىن شاشىي — 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكى ۋە 14 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا دېھلى سۇلتانى مۇھەممەد تۇغلۇقشاھ (1325 — 1351) سارىيىدا ياشىغان مەشھۇر شائىر. ئۇ كېيىنچە بەدر چاچىي نامى بىلەن مەشھۇر بولغان. بەدرىددىن شاشىي 1345 ـ يىلى ئەتراپىدا ۋاپات بولغان. شاشىي شېئىرلىرى دىۋانى، قەسىدىلىرى توپلىمىنىڭ ئايرىم نۇسخىلىرى ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا (تىزىم نومۇرى 151 ۋە № Ⅱ X/882)

㊾ سەييىد ئىسمائىل جۇرجانىي — مەشھۇر تېبابەت ئالىمى زەينىددىن ئىبراھىم ئىسمائىل ئىبنى ھەسەن ئىبنى ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئەل ھۇسەينىي ئەل جۇرجانىي (مىلادىيە 1136 ـ ياكى 1139 ـ يىلى ۋاپات بولغان).

㊿ «زەخىرەئى خارەزمشاھىي» — تۈرلۈك كېسەللىكلەرنى داۋالاش يوللىرىنى كۆرسەتكۈچى تېبابەتكە دائىر قامۇسىي ئەسەر (12 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يېزىلغان) «كىتابى ئەغراز» بولسا ئۇنىڭ قىسقارتىلمىسىدۇر. مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئايرىم نۇسخىلىرى ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا (تىزىم نومۇرلىرى: 334 №، 2111، Ⅱ/4212 ۋە باشقىلار)

(نەشرگە تەييارلىغۇچى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا)



# ئۇيغۇر كلاسسك ئەدەبىياتىدا «لسانۇت ـ تەير» تېپىدىكى ئەسەرلەر

ئاينۇر ئابلز

«لسانۇت ـ تەير» داستان سۇژىتى قۇشلارنىڭ رەمزىي سەرگۈزەشتىلىرى ئاساسىدا يېزىلغان ئاللېگورىيىلىك پەلسەپۋى داستان بولۇپ، شەرق كلاسسك ئەدەبىياتىدا ئەڭ دەسلەپ ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا (مىلادىيە 980 ــ 1037)نىڭ «رىسالەتۇت ـ تەير» (قۇش رىسالىسى) تېمىسىدىكى ئەسىرى قۇش تىلى ۋاستىسى ئارقىلىق پەلسەپۋى مەسىلىلەر توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەن تۇنجى ئەسەر① ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر ئەسەر شەرق خەلقلىرى بەدىئىي تەپەككۇرى تەرەققىياتىدا چوڭقۇر ئىز قالدۇرۇپ، ئۆزىدىن كېيىنكى مۇشۇ خىلدىكى ئەسەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. ئىبنى سىنادىن كېيىن «ھۇججەتۇل ـ ئىسلام» ئۇنۋانى بىلەن شۆھرەت قازانغان مەشھۇر ئىلاھىيەتشۇناس، پەيلاسوپ ئىمام غەززالىي (1040 ــ 1111) «رىسالەتۇت ـ تەير» نامىدا ئەسەر يېزىپ، ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇپ قاراشلىرىنى ئىبنى سىنا رىسالىسىگە ئوخشاش قۇش تىلى ۋاستىسىدە ۋاستىلىك ئىپادىلەپ، پارس ـ تاجىك مۇتەپەككۇرى شەيخ ئەبۇ تالىپ فەرىدىددىن بىننى ئىبراھىم ئەتتار نىشاپۇرى (تەخمىنەن مىلادىيە 1141 ــ 1229)نىڭ «مەنتىقۇت ـ تەير»ناملىق ئەسىرىنىڭ يېزىلىشىغا تۈرتكىلىك ئىلھام بولغان②.

دېمەك، فەرىدىددىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇت ـ تەير» داستانىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئوتتۇرا شەرق خەلقلىرى ئەدەبىياتىدا كلاسسك نەمۇنە سۈپىتىدە ئۆزىدىن كېيىنكى پارس ـ تاجىك ۋە تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىنىڭ پەلسەپۋى ـ دىداكتىك يۆنىلىشى تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ، شەرق شېئىرىيىتىدە يېڭى ئەنئەنە «قۇش تىلى» بىلەن داستان يېزىش ئەنئەنىسىنى باشلاپ بەردى.

13 ـ، 14 ـ ئەسىرلەردە ياشىغان تۈرك مۇتەسەۋۋۇپ شائىرى گۈلشەھرىينىڭ «مەنتىقۇت ـ تەير» داستانى فەرىدىددىن ئەتتارنىڭ شۇ ناملىق ئەسىرىگە تۈركىي تىلدا يېزىلغان تۇنجى نەزىرە بولۇپ، كىتابىنىڭ خاتىمە قىسمىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ئەسەر شائىر ۋاپاتىدىن سەل ئىلگىرى، يەنى ھىجرىيە 717 (مىلادىيە 1317) ـ يىلىدا يېزىلىپ تاماملانغان③. ئۇشبۇ ئەسەر گۈلشەھرىينى تۈرك ئەدەبىياتىدىكى ماھىر ھېكايەتشۇناس شائىر سۈپىتىدە نامايان قىلدى.

15 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرگەن گىگانت شائىر، مۇتەپەككۇر ئەلىشىر نەۋائىي (مىلادىيە 1441 ــ 1501) پۈتۈن ئىجادىيىتى داۋامىدا ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئىلغار پەلسەپۋى قاراشلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ يەكۈن چىقىرىش سۈپىتىدە يېزىلغان «لىسانۇت ـ تەير» داستانى ئۇيغۇر كلاسسك ئەدەبىياتىنىڭ پارلاق نەمۇنىلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەر مەيدانغا

① شەرەفىددىن شەرەپوۋ: «لىسانۇت ـ تەير، ھەقىقەتى»، 15 ـ بەت، 1998 ـ يىلى تاشكەنت باسمىسى.
② شەرەفىددىن شەرەپوۋ: «لىسانۇت ـ تەير، ھەقىقەتى»، 20 ـ بەت، 1998 ـ يىلى تاشكەنت باسمىسى.
③ شەرەفىددىن شەرەپوۋ: «لىسانۇت ـ تەير، ھەقىقەتى»، 22 ـ بەت، 1998 ـ يىلى تاشكەنت باسمىسى.

كەلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ، خەلقنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا بۇ ئەسەرنى ئۈرنەك قىلغان بىر خىل ئۇسلۇب ۋە ئەدەبىي ئېقىم شەكىللەنگەن.

مەزكۇر ماقالىدە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن «لىسانۇت - تەير» تىپىدىكى ئەسەرلەر ئۈستىدە قىسقىچە تونۇشتۇرۇش ئېلىپ بارىمىز:

## 1. نەۋائىي ۋە «لىسانۇت - تەير»

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك نامايەندىلىرىدىن بولغان شائىر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «لىسانۇت - تەير» داستانى فەرىدىددىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇت - تەير» داستانىغا نەزىرە يېزىش ئارقىلىق، قۇش تىلى ۋاستىسىدە ئۆزىنىڭ دىنىي تەسەۋۋۇپى يۆنىلىشىدىكى كۆپ يىللىق ئىجادىي قاراشلىرىنى مەلۇم سىستېمىغا سېلىش ۋە خاتىمە بېرىش مەقسىتىدە يېزىلغان داستانى بولۇپ، بۇ ئەسەر شائىر هاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، يەنى هىجرىيە 904 - يىلى (مىلادىيە 1498 - 1499 - يىللىرى) يېزىلغان. ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا بېرىلگەن مەلۇماتتىن بىلىمىزكى، نەۋائىي ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇت - تەير» ناملىق ئەسىرىنى بالىلىق (سەككىز - توققۇز ياش) مەزگىلىدىن باشلاپلا زور ئىشتىياق بىلەن ئوقۇشقا كىرىشىپ، ئۇنى پۈتۈنلەي يادلىۋالغان. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇ بۇ ئەسەرنىڭ چوڭقۇر تەسىرىدە ئۇنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە تەكرار - تەكرار مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق، مەيلى مەزمۇن ياكى بەدىئىي ئالاھىدىلىك جەھەتتە بولسۇن، شەيخ فەرىدىددىن ئەتتارنىڭ پارس تىلى بىلەن يېزىلغان «مەنتىقۇت - تەير»ىگە قارىغاندا، بىرمۇنچە ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە بولغان «لىسانۇت - تەير»نى يېزىپ، پارس ئەدەبىياتىدا يېزىشقا بولغىنىدەك، تۈركىي تىلدىمۇ مەجازىي ئۇسۇلدا چوڭقۇر پەلسەپۋى ئەسەر يېزىش مۇمكىنلىكىنى ئەمەلىي جەھەتتىن ئىسپاتلاپ، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىمكانىيەتلىرىنى نامايان قىلدى.

تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرى مۇجەسسەملەنگەن ئەسىرى «لىسانۇت - تەير»دە، نەۋائىي «سۇمۇرغ»، «هۇدهۇد»، «قۇش» قاتارلىق مەجازىي ئوبرازلار ۋاسىتىسى ئارقىلىق قۇشلار تىلى ياردىمى بىلەن ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇپ قارىشىنى، ئىنسان بىلەن ئاللانىڭ مۇناسىۋىتى ۋە بىرلىك مەسىلىسىنى شەرھلەيدۇ. نەۋائىي داستانىدا سۇمۇرغ دەرگاھىغا بارغان 30 قۇشنى فەرىدىددىن ئەتتاردەك سۇمۇرغنىڭ سايىسى دېمەيدۇ. بەلكى «سىلەر ئىزدىگەن سۇمۇرغ ئۆزۈڭلارا!»① دېگەن كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىنسان، دۇنيا ۋە ئالەم قاتارلىق ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت بىلەن، مۇتلەق بارلىق هېسابلانغان ئاللانى بىر - بىرىگە قارشى قويمايدۇ. بەلكى مەۋجۇتلۇقنىڭ هەقىقىي ماهىيىتى هەق (يەنى ئاللا) بولۇپ، باشقا بارلىق شەيئىلەر ئۇنىڭ شەكلەن سايىسى دەپ قارايدۇ. ئەسەردە نەۋائىينىڭ ئىنسان بىلەن ئاللا بىرلىكى هەققىدىكى قاراشلىرى تەسەۋۋۇپتىكى «فەنا» چۈشەنچىسىدە يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈپ، هەق ۋۇجۇدىدىن ئىبارەت بۇ هەقىقىي مەشۇقنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئۈچۈن «فەنا»لا ئىنساننى ئۆزلۈكتىن، ئىنسانىي نەپسى - بالادىن هالقىتىپ، ئەبەدىيلىككە ئېلىپ بارىدۇ، دېگەننى ئالغا سۈرىدۇ.

نەۋائىي داستاننى ئەتتار داستانىنىڭ ئاساسىي لىنىيىسىنى ساقلىغان هالدا، يېڭى ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ماتېرىياللىرى ئاساسىدا يازغان بولۇپ، داستاندىكى كەلتۈرۈلگەن كۆپ ساندىكى

---

① شېرىپىددىن ئۆمەر: «19 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» (3 - قىسىم)، 1910 - بەت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998 - يىل 1 - نەشرى.

ھېكايىلەرنى ئۇ خەلق رىۋايەتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئىجاد قىلغان①. ئاتاقلىق شەرقشۇناس ئالىم يى. ئې. بېرتېلس 1927 ـ يىلى يازغان «نەۋائىي ۋە ئەتتار» دېگەن ماقالىسىدە، بۇ ئىككى ئەسەر ئۈستىدە مەخسۇس سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، «لىسانۇت ـ تەير» نىڭ ئورىگىنال ئەسەر ئىكەنلىكىنى مىساللار بىلەن دەلىللەپ كۆرسەتكەن②.

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئەينى دەۋردە رېئال ھاياتى ئاساسىدا شەكىللەنگەن دۇنيا قارىشى ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ئىپادىلەنگەن «لىسانۇت ـ تەير» داستانىدا ئۇنىڭ پەلسەپە، ئىلاھىيەت، ئىنسان، ئەقىل، بىلىم، ئىرادە، ئەركىنلىك، ئەخلاق، دۆلەت، ئىتتىپاقلىق، گۈزەللىك قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قاراشلىرى مەسەللىك سۈژېت بىلەن يورۇتۇلغان. داستاندا، ئۇچار قۇشلارنىڭ ھۇدھۇد رەھبەرلىكىدە سۇمۇرغ دەرگاھىغا قىلغان سەپىرى، سەپەر ئۈستىدە سەپەرنىڭ جاپالىقلىقى، ئۆزىنىلا ئويلايدىغان بەزى قۇشلارنىڭ سەپەرنى تاماملاشقا بولغان ئىرادىسىنىڭ بوشاپ، سەپەردىن يالتايغانلىقى، بۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ رەھبىرى بولغان ھۆپۈپ ئۇلارنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ، دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ سەپەرنى داۋاملاشتۇرغانلىقى، ئاخىرىدا يۈز تۈمەنمىڭ قۇشلار ئىچىدىن ئوتتۇز نەپەر قۇش مىڭلىغان بالايىئاپەتلەرنى يېڭىپ، ئاخىرقى مەنزىلگە ھېرىپ ـ چارچاپ تەنلىرىدە جاندىن ئەسەر قالمىغان ھالدا يېتىپ كەلگەنلىكىدەك مەزمۇنلار بايان قىلىنغان بولۇپ، ئەسەردە نەۋائىينىڭ تەسەۋۋۇپچىلىق ئىدىيىسى ئىپادىلەنگەندىن سىرت، ھۆپۈپ ۋە قۇشلار ئوتتۇرىسىدىكى سوئال ـ جاۋابلار ئارقىلىق، شائىرنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە بولغان تونۇشى، ئېتىكىلىق ۋە ئېستېتىكىلىق كۆز ـ قاراشلىرى ئوبرازلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

دېمەك، ئەسەردىكى «سۇمۇرغ»، «ھۆپۈپ»، «قۇشلار»، «تەڭرى»، «سوپى»، «ئىنسانىيەت»كە سىمۋول قىلىنىپ، شائىرنىڭ ھاياتى ۋە ئىنسان ھەققىدىكى قاراشلىرى مۇرەككەپ سىمۋوللار، مۇئەييەن نەزەرىيىۋى چۈشەنچىلىرىنى ئىپادىلىگۈچى ئوبراز ۋاسىتىسىدە يۈكسەك دەرىجىدىكى شائىرانە تىل بىلەن ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئەسەر ژانىر خۇسۇسىيىتى جەھەتتىن نەۋائىي ئىجادىيىتىدىلا ئەمەس، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىمۇ يېڭىچە ئىش بولۇپ، ئۇيغۇر داستانچىلىقى تارىخىدىكى يېڭى ژانىر — ئاللېگورىيىلىك (سىمۋولىزملىق) پەلسەپىۋى داستان ژانىرىنىڭ غايىۋى بەدىئىي جەھەتتىن يېتۈك نەمۇنىسى ھېسابلىنىدۇ. ئەسەر مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، نەۋائىينى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭ بۇ ئەسىرىگە نەزىرە تەقلىد قىلىدىغان ئۇيغۇر ئەدىبلىرىمىز يېتىشىپ چىقىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب شەكىللەندۇردى.

## 2. ئىبراھىم ئىبنى يۇسۇف ۋە ئۇنىڭ «مەنتىقۇت ـ تەير» ناملىق ئەسىرى

فەرىدىددىن ئەتتار ۋە نەۋائىيلارنىڭ قۇش تىلى ۋاسىتىسى بىلەن يېزىلغان ئەسەرلىرى تەسىرىدە 18 ـ ئەسىردە خوتەندە ياشاپ ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىر ئىبراھىم ئىبنى يۇسۇف خوتەنى سىمۋولىزملىق ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى قوللىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان شائىرلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئەسەردىكى:

ئەدل بىرلە شەرىئەتى نەبەۋىي،
دىنى ئىسلام خەلايىق ئىچرە قەۋىي.

① شېرىپىدىن ئۆمەر: «19 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» (3 ـ قىسىم)، 1910 ـ بەت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998 ـ يىل 1 ـ نەشرى.
② ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت «فەرىدىددىن ئەتتارنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 2002 ـ يىللىق 1 ـ سان.

لۇتف ئېتىپ قىلدىلار ماڭا بۇ خىتاب،
ئەي ئىبراھىم، يېتىگىل ئۇشبۇ كىتاب.

دېگەن مىسرالاردىن ۋە كۆپلىگەن مۇناجاتلارنىڭ ئاخىرىدىكى «ئىبنى يۇسۇف» دېگەن نامدىن، شائىرنىڭ نام شەرىپىنى «ئىبراھىم ئىبنى يۇسۇف»، شائىرنىڭ:

ئىبنى يۇسۇف ئېردى فەرزەندى خوتەن،
ئۇشبۇ تىلدىن ئۆزگەنى بىلمەگەن.

دېگەن مىسرالىرىدىن يۇرتىنىڭ خوتەن ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولغىنىدەك:

خەتم بولدى سەندە بۇ خورشىدى نۇر،
«مەنتىقۇت ــ تەير»ى مەقاماتى تۇيۇر.

«مەنتىقۇت ــ تەير» ئېردى قۇشلارنىڭ تىلى،
بەس، مۇسۇلمان كېرەك ئانى بىلگەلى.

دېگەن قۇرلاردىن ئەسەرنىڭ نامى «مەنتىقۇت ــ تەير» ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، شائىرنىڭ:

«سالىپ تەئرىخنى جۇستۇجۇ قىلدىم،
خىرەد ئالدىدا گۇفتۇگۇ قىلدىم.

ئەقل تەئرىخىينى ھىساب ئەتتى،
دېدى مىڭ يۈز سەكسەن سەككىزى.

روزى پەنجشەنبەدە قىلىپ بۇ ھىممەتنى،
ۋەقتى چاشت ئېيلەدىم تەمامىنى.»

ئېيتىلغان بايانلىرىدىن ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى توغرىسىدىكى مەلۇماتقا ئېرىشكىلى، يەنى ئەسەرنىڭ ھىجرىيە 1188 ـ يىلى (مىلادىيە 1774 ــ 1775 ـ يىللىرى) يېزىلغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ①.

شائىر ئىبراھىم ئىبنى يۇسۇف خوتەنىينىڭ «مەنتىقۇت ــ تەير» داستانى، ئۇستاز نەۋائىينىڭ شەيخ فەرىدىددىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇت ـ تەير» ئەسىرىدىن ئىلھاملىنىپ يېزىپ چىققان «لىسانۇت ـ تەير» ئەسىرىگە ئوخشاش، شەيخ فەرىدىددىن ئەتتارنىڭ ئەسىرىدىن زوق ئېلىپ تۈركىي تىلدا يېزىپ چىققان ئەسىرى بولۇپ، گەرچە ئۇ فەرىدىددىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇت ـ تەير»نى تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىشنى مەقسەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن شائىر ئەمەلىي ئىش جەريانىدا ئەسەرنى ئۆزىنىڭ ئىجادىي ئەسىرىگە ئايلاندۇرغانىدى. ھۆرمەتجان ئابدۇراھمان فىكرەتنىڭ «فەرىدىددىن ئەتتارنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى» دېگەن ماقالىسىدە، ئەتتارنىڭ ئىبراھىم ئىبنى يۇسۇف خوتەنىيگە بولغان تەسىرى ئۈستىدە توختىلىپ، بۇ ئىككى ئەسەر ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەھلىل ئېلىپ بېرىپ،

① ئابلىمىت ئەھەت قاتارلىقلار تىرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان: «مەنتىقۇت ـ تەير»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.

«مەنتىقۇت ــ تەير»نىڭ شائىرنىڭ ئىجادىي ئەسىرى ئىكەنلىكىنى ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلاپ كۆرسەتتى①. ماقالىدە دېيىلىشىچە، ئىبراھىم ئىبنى يۈسۈف خوتەنىي ئەتتار قەلىمىدىكى «مەنتىقۇت ــ تەير»نىڭ قۇرۇلمىسىغا خېلى زور ئۆزگەرتىشلەرنى كىرگۈزۈپ، بىر قىسىم مەزمۇن ۋە ھېكايەتلەرنى قالدۇرۇپ، ئورنىغا يېڭى مەزمۇن ۋە يېڭى ھېكايەت، مۇناجاتلارنى قوشقانلىقى ھەمدە قوشقان قىسمى، ئەسەر ھەجمىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەك قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغانلىقى... بۇ جەھەتلەردىن ئىبراھىم ئىبنى يۈسۈف خوتەنىينىڭ ئەسىرىنى تامامەن ئىجادىي ئەسەر دېيىشكە بولىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

«مەنتىقۇت ــ تەير» جەمئىي 157 بۆلۈم، 4670 مىسرا بولۇپ، ئاخىرىغا شائىر «لوقمان ھەكىمنىڭ ۋەسىيىتى» دېگەن بىر بابنى ئەرەبچىدىن تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىپ كىرگۈزگەن. ئۇ بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەدەپ ــ ئەخلاققا دائىر بولغان بىر قاتار مەسىلىلەردىكى كۆزقاراشلىرىنى ئىپادىلەپ، كىشىلەرنى ئەدەپ ــ ئەخلاققا ئۈندىگەن.

شائىر ئەسەردە سىمۋوللىزملىق ئوبرازلار ۋاسىتىسى بىلەن كىنايە قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قارىشىنى ئوبرازلىق يوسۇندا ئەكس ئەتتۈرگەن. داستاندا بارچە قۇشلارنىڭ ئۆزلىرىگە ھۆدھۆدنى رەھبەر قىلىپ، سىمۇرغنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى، ئازاب ــ ئوقۇبەتلىك سەپەر سەرگۈزەشتىلىرى تەسىرلىك تەرزدە مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئەسەردە شائىر خۇددى فەرىدىددىن ئەتتار، نەۋائىيغا ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇپ كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاللاغا ئاشىق بولۇش بىلەن ئىنسانغا ئاشىق بولۇشنى بىردەكلىككە ئىگە قىلغان. ئەسەر ۋەقەلىكىنى رېئال ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ئاساسىغا قۇرغان بولۇپ، سىمۋوللىزملىق ئىجادىيەت مېتودىغا تايانغان ھالدا، سىمۋوللىزملىق ئوبرازلارنى كۈچلۈك ھالدا ئىنسان خاراكتېرلىك قىلىپ ياراتقان. مەجازىي پېرسوناژلار شەكلىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ مۇتەسەۋۋۇپلۇق ئىدىيىۋى قارىشىنى كلاسسىزملىق ئەدەبىي ئېقىمنىڭ ئىخلاسمەن ۋارىسى سۈپىتىدە ئەنئەنىۋى تېمىلار ئارقىلىق ئۆز دەۋرىنىڭ ئىدىيىۋى قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ ئۈلگىسىنى ياراتقان.

دېمەك، ئىبراھىم ئىبنى يۈسۈف خوتەنىينىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان بۇ ئەسەر مەيلى ئۆزلەشتۈرۈش، يېڭىدىن ئىش قوشۇپ ئىجادىي ئىشلەش جەھەتتە بولسۇن ياكى بەدىئىيلىك جەھەتتە بولسۇن، نەۋائىينىڭ ئەتتاردىن ئىلھاملىنىپ، ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ تۈركچىسى سۈپىتىدە يازغان «لىسانۇت ــ تەير»دىن خېلىلا يىراق تۇرسىمۇ، لېكىن نەۋائىيدىن ئىككى ئەسىر كېيىن يەنە بىر تۈركىي تىللىق شائىرنىڭ ئەتتارنىڭ ئەسىرىنى تەرجىمە قىلىشتا بولسۇن ياكى ئۆزلەشتۈرمە ئىجاد قىلىش جەھەتتە بولسۇن، بۇ ئىشقا كىرىشىپ، ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا مەيدانغا چىقىشى، 18 ــ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدىكى قىممەتلىك ئەدەبىي يادىكارلىق بولۇش سۈپىتىدە ئەتىۋارلىنىپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى سېپىدىن ئورۇن ئىگىلەيدۇ.

### 3. موللا سىدىق ياركەندىي ۋە ئۇنىڭ «لىسانۇت ــ تەير» ناملىق ئەسىرى

18 ــ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 19 ــ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشاپ ئۆتكەن تالانتلىق ئەدىب موللا سىدىق ياركەندىي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى ئاچقان ئۇستاز نەۋائىينىڭ «خەمسە» داستانىنى نەسرىيلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پروزا ژانىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا چوڭ ھەسسە قوشقان ئەدىبلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئىسمىنىڭ ئاخىرىدىكى تۇغۇلغان جايىنى كۆرسىتىدىغان، يازغۇچى ئەدەبىي تەخەللۇس ئورنىدا ئىشلەتكەن «ياركەندىي» دېگەن جاي نامىدىن ئۇنىڭ يەكەندە ئۆتكەن يازغۇچى

① مۇرەمتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت: «فەرىدىددىن ئەتتارنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 2002 ــ يىللىق 1 ــ سان.

ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن سىرت، يازغۇچىنىڭ تەرجىمىھالىغا ئائىت تارىخىي مەلۇمات يوق.

يازغۇچىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت نەتىجىسى بولغان «نەسرىي خەمسە»گە ئەدىب ئىككى خىل نام قويغان، يەنى ئەسەر ئەلشىر نەۋائىينىڭ «خەمسە»سىنى نەسرىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەنلىكى ئۈچۈن «نەسرىي خەمسە» دېگەن نامنى؛ ئەسەرگە شۇ دەۋردىكى يەكەن ھاكىمبېگى مىرزا مۇھەممەد ھۆسەين بەگنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن كىرىشكەنلىكى ھەمدە مىرزا مۇھەممەد ھۆسەين بەگكە بولغان ھۆرمەت يۈزىسىدىن، ئەسەرگە « نەسرىي مىرزا مۇھەممەد ھۆسەين بەگ» دېگەن نامنى قويغان. ئەدىب ئەسىرىدە « نەسرىي مىرزا مۇھەممەد ھۆسەين بەگ» دېگەن نامنىڭ ئۆزىدىن ئەبجەد ھېسابى چىقىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئەسەر يېزىلغان يىلى ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە ئەسكەرتكەن بولۇپ، بۇنىڭدىن ئەسەرنىڭ ھىجرىيە 1228 ـ يىلى (مىلادىيە 1813 ـ يىللىرى) يېزىلغانلىقىنى① بىلەلەيمىز. ئەسەر 13 ـ، 14 ـ ئەسىرلەردە ياشاپ ئۆتكەن نەسرىددىن رابغوزىينىڭ 1311 ـ يىلى يازغان «قىسەسۇل ئەنبىيا» (پەيغەمبەرلەر قىسسىلىرى) ناملىق ئەسىرىدىن كېيىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن ئەڭ چوڭ رومان بولۇپ، 18 ـ ئەسىر پروزىچىلىقىدىكى ياخشى نەمۇنە ھېسابلىنىدۇ.

موللا سىددىق ياركەندىي «نەسرىي خەمسە»گە نەۋائىي خەمسەسىدىكى «پەرھاد ـ شىرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن»، «سەددى ئىسكەندەرىي» «سەبئەئى سەييار» قاتارلىق داستانلىرىنى نەسرىيلەشتۈرۈپ كىرگۈزگەندىن باشقا، يەنە نەۋائىي «خەمسە»سىدىكى بىرىنچى داستان «ھەيرەتۇل ـ ئەبرار»نىڭ ئورنىغا نەۋائىينىڭ «لىسانۇت ـ تەير» داستانىنى نەسرىيلەشتۈرۈپ كىرگۈزگەن، بۇنىڭدىن «لىسانۇت ـ تەير»نىڭ ئەدىبكە نىسبەتەن مۇھىم تەسىرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، «لىسانۇت ـ تەير» نەۋائىي پەلسەپە سىستېمىسىدىكى مۇھىم ئىدىيە ــ تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسى ئىپادىلەنگەن ۋەكىللىك ئەسەرلىرىدىن بىرى. ئەسەردە ھۆپۈپ ۋە باشقا قۇشلار ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتلەر ۋە مىسال كەلتۈرۈلگەن ھېكايەتلەر ئارقىلىق، سوپىزمنىڭ ئىلاھىيەت كۆزقاراشلىرى ۋە بەزى نازۇك تەرەپلىرى شەرھلەنگەن، دەلىللەنگەن. ئۇنىڭدىكى مول پەلسەپىۋى مەزمۇن، ھېكمەت جەۋھەرلىرىنى ئاۋام خەلققە يەتكۈزۈش، خەلقنى مەنپەئەتلەندۈرۈش، مەنىسىنى يېشىپ چۈشەندۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، بۇخىل ئەھۋالدا تالانتلىق ئەدىب موللا سىددىق ياركەندىي تىل تاللاش ۋە ئىشلىتىش جەھەتتە ئاددىي ـ سادda، چۈشىنىشلىك بولۇشىغا دىققەت قىلىپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە خەلق تىلىغا يېقىنلاشتۇرغان ئاساستا ئەسەرنىڭ نەسرىي نۇسخىسىنى ئىشلەپ، نەۋائىينىڭ «لىسانۇت ـ تەير»دە ئالغا سۈرگەن ئىدىيىسىنىڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىغا تېخىمۇ كەڭ تارقىلىشىدا، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋىيىتىنى بېيىتىشتا بەلگىلىك رول ئوينىغان.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئەلشىر نەۋائىي تۆت دىۋاندىن تەشكىل تاپقان «خەزائىنۇل ـ مەئانى» ناملىق لىرىك كۇللىياتى، بەش بۈيۈك داستانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «خەمسە»سى، «لىسانۇت ـ تەير» ۋە باشقا ئەسەرلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىلا ئەمەس، شەرق خەلقلىرى ئەدەبىيات تارىخىدىمۇ يېڭى سەھىپىلەرنى ئاچتى. نەۋائىي دەۋرىدىن كېيىن نۇرغۇنلىغان ئەدىبلەر نەۋائىينى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭ يولىدىن مېڭىپ كۆپلىگەن نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىشتى. لېكىن، بۇ ئەسەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىسى يەنىلا شېئىرىي ئەسەرلەر بولدى. موللا سىددىق ياركەندىي ئۆز زامانىسىدىكىلەردىن باشقىچە يول تۇتۇپ، نەۋائىي «خەمسە»سىنى چۈشىنىشلىك، راۋان تىل بىلەن ھېكايىلەشتۈرۈپ، نەۋائىي ئەسەرلىرىنى خەلققە يەتكۈزۈش يولىدا جاپالىق مېھنەت قىلىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى گۈلزارلىقىدا يەنە بىر پۇراقلىق گۈل ئېچىلدۇردى.

---

① ئابدۇرېھىم سابىتنىڭ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» (ئىككىنچى كىتاب 1 ـ قىسىم)دا بۇ يىلنامە 1816 ـ يىلى دېيىلگەن.

ئەلۋەتتە، ئەدىبنىڭ «لىسانۇت ــ تەير» داستانىنى نەسرىيلەشتۇرۇپ «نەسرىي خەمسە» گە كىرگۈزۈشى سەۋەبسىز بولغان ئەمەس. 17 ــ، 18 ــ ئەسىرلەر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا خاس يۆنىلىشتە راۋاجلىنىپ بېرىۋاتقان تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىنىڭ سەمەرىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كېلىۋاتقان تەسەۋۋۇپىي ئەسەرلەرنى چۈشىنىش، مۇتالىئە قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇزى تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىن خەۋەردار بولمىقى لازىم ئىدى. بۇ جەھەتتە «لىسانۇت ــ تەير» رولىنىڭ زورلۇقىنى چۈشىنىپ يەتكەن ئەدىب «لىسانۇت ــ تەير»نى ئۇستۇن ماھارەت بىلەن ئىجادىي رەۋىشتە نەسرىي تەرزدە تۈزۈپ چىققان. «لىسانۇت ــ تەير»نى نەسرىيلەشتۇرۇشتە، ئەدىب «لىسانۇت ــ تەير»نىڭ سۆزىتىنى ئاددىي ھالدا تەكرارلاپ قايتا بايان قىلىپ ئولتۇرماستىن، بەلكى «لىسانۇت ــ تەير»نىڭ تىلى، قۇرۇلمىسى ۋە تەپسىلات تەسۋىرلىرىنى نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، شېئىرىي يول بىلەن يېزىلغان مۇرەككەپ تەسەۋۋۇپىي چۈشەنچىلەرنى نەسرىي يولدا خەلق تىلىغا يېقىن سۆزلەر ئارقىلىق بايان قىلىپ، كىشىلىك تۇرمۇش ۋە ئەخلاقىقا بولغان چۈشەنچىلىرى ۋە ئەينى دەۋر ئىجتىمائىي تۈزۈمىگە بولغان قاراشلىرىنى ئىپادىلەپ، ئۆز دەۋر رېئاللىقىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىشكە تىرىشقان. ئىجادىي يوسۇندا يېزىپ چىقىلغان بۇ يىرىك نەسرىي ئەسەر ئۆز دەۋرىدىكى پروزىچىلىقنى تولۇقلىغاندىن باشقا، يەنە كېيىنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

ئومۇمەن، 15 ــ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تەسەۋۋۇپنىڭ كەڭ تارقىلىشىدىكى مۇھىم ئەسەر ــ «لىسانۇت ــ تەير» نەۋائىي ئىدېئولوگىيە سىستېمىسىنىڭ نامايەندىلىك ئىپادىسى بولۇپ، موللا سىددىق ياركەندىي ئەسەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئەسەرنىڭ يېڭى نۇسخىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن نەسرىي «لىسانۇت ــ تەير» چوڭقۇر پەلسەپىۋى مەزمۇنى، تەسىرلىك ھېكايەتلىرى ۋە گۈزەل بەدىئىي ئۇسلۇبى بىلەن خەلقىمىزنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىپ كەلدى. ئەدىب بۇ جەرياندا ئەسەرنى نەسرىي شەكىلدە بايان قىلىشتا يالغۇز تىل سەنئىتى جەھەتتىكى ئىپادىلەش ماھارىتىگە تايىنىپلا قالماي، ئەسەردىكى پەلسەپىۋى ــ ئەخلاقىي قاراشلارنى چۈشىنىش ۋە تەھلىل قىلىشنىڭ ئاساسى بولغان تەسەۋۋۇپىي پەلسەپە قارىشىنى چۈشىنىپ ۋە مۇتالىئە قىلىپ، بەدىئىي ئىستىبدات ئىگىسى ۋە مۇتەپەككۇر ئۇستاز ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئىدىيە خاھىشىدىكى پەلسەپىۋى قارىشى، مەنىۋى دۇنياسى، كىشىلىك ھاياتتىن ئالغان مول تەجرىبە ــ ساۋاقلىرى، شۇنداقلا تولغان سەنئەت ماھارىتىنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئىپادىلەپ، ئۆزىنىڭ ئۇستۇن ماھارىتىنى نامايان قىلغان بولۇپ، ئەسەر ئۇيغۇر پروزا تارىخىدىكى قىممەتلىك ئەدەبىي مىراس ھېسابلىنىدۇ.

## 4. ئەمىر ھۈسەين سەبۇرىي ۋە ئۇنىڭ «مەقالات» ناملىق ئەسىرى

تالانتلىق ئۇيغۇر ئەدىبى ۋە شائىرى ئەمىر ھۈسەين سەبۇرىي 19 ــ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۆزىنىڭ مول ئىجادىي ئەمگەكلىرى بىلەن ئەدەبىيات تارىخىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئالغان تالانتلىق ئەدىبلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ھاياتى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق بولۇپ، ئەدىبنىڭ بىر قىسىم لىرىكىلىرىدىن ئۇنىڭ مىلادىيە 19 ــ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قەشقەردە تۇغۇلغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىجادىيەتلىرىدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، سەبۇرىي ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر پېشۋالىرىدىن بولغان نەۋائىي، سەككاكىي، فۇزۇلىي، خوجا ھاپىز شىرازىي، سەئدىي، ئابدۇرەھمان جامىي، ھۇۋەيدا قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ ۋە ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئۆز دەۋرىنىڭ يېتىلگەن ئىلىم ئەھلىگە ئايلانغان. ھاياتى تولىمۇ غۇربەتچىلىكتە ئۆتۈۋاتقان شائىر تۇرمۇشنىڭ ئېغىر بېسىملىرىغا تىز پۈكمەي، ئىزچىل ئىجادىيەت، ئىلمىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆز قابىلىيىتىنى ھەر تەرەپلىمە نامايەن قىلغان. ئەينى

دەۋر قەشقەر ھۆكۈمدارى زوھورىددىن ھېكىمبەگ سەبۇرىينىڭ ئىستېدات ۋە قابىلىيىتىگە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپ، ئۇنىڭ ئىجادىي ئىشلىرى ئۈچۈن ياردەم ۋە ئىلھام بەرگەن. سەبۇرىي ئەسەرلىرىدىن ھازىرغىچە مەلۇم بولغىنى «بەھرۇل ـ ئەنساب»(نەسەبلەر دېڭىزى)، «نەۋائىينىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى توغرىسىدا»، «دىۋانى سەبۇرىي» ۋە «مەقالات» تىن ئىبارەت.

«مەقالات» (ماقالىلەر) سەبۇرىينىڭ ئەدەبىي مىراسلىرى ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان، ئېينى دەۋر روھىنى ھەر تەرەپلىمە ئەكس ئەتتۇرگەن، يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيە بىلەن يارىتىلغان ئەسىرى بولۇپ، شائىر بۇ ئەسىرىنى مىلادىيە 1843 ـــ 1842 ـ يىللىرى زوھورىددىن ھېكىمبەگنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن يېزىپ چىققان. ئەسەردىكى مەلۇماتلاردىن بىلەلەيمىزكى، زوھورىددىن ھېكىمبەگ سەبۇرىينى ئىلمىي، ئىجادىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئۈندەپ، نەۋائىينىڭ «لىسانۇت ـــ تەير»، «خەمسە» قاتارلىق ئەسەرلىرىگە جاۋابەن: « نەسرىي ئىبارەت تەرزى بىلەن خاس ئاۋامنىڭ ئاممىباب تىلدا راۋان بىر ئەسەر مەيدانغا كەلتۈرۈلسە، خەلقنىڭ چۈشىنىشىگە ئېغىر كەلمەي پايدىلانسا»① دەپ مەسلىھەت بەرگەن. سەبۇرىي زوھورىددىن ھېكىمبەگنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، «مەقالات» ناملىق ئەسىرىنى يېزىشقا كىرىشىدۇ. بۇ ھەقتە ئەدىب ئەسەرنىڭ كىرىش قىسمىدا: «گەرچە بۇ ئۇلۇغ ئىشقا قول سېلىشقا ھەددىم يوق ئىدى، ئەمىرگە بويسۇنۇش زۆرۈرىيىتى تەقەززاسىدىن چارىسىز قەلەم سۈردۈم. يىراقنى كۆرگۈچى ئىلىم ئەھلى ئالدىدا ھەممىدىن تۆۋەن تۇرغۇچى ئەمىر ھۇسەين سەبۇرىي ئەرز قىلىدۇكى، مەشھۇر ھۆكۈمدارنىڭ ھۆكمى بىلەن بۇ ئۇلۇغ خىزمەتكە قول تەگكۈزۈلدى. ھەر بۇلبۇل ئۆزى بىلگەنچە سايرايدۇ ۋە ھەر تۈتى ئۆزى بىلگىنىچە ناۋا تۈزىدۇ. مەن پېقىرغا مەئنى گۈلچېھرىسىدىن ئازغىنا كۆرۈنۈپ ئېردى. ئاشۇ ئىقتىدارىمچە مەئنى كېلىنىگە زىبۇ زىننەت بەرگەيمەن» دەپ يازىدۇ②.

«مەقالات» مۇقەددىمە ۋە ئاخىرقى قىسمىغا قوشۇمچە قىلىنغان «بەھرام گور» داستانى بولۇپ، جەمئىي 20 بابتىن تۈزۈلگەن. ئەسەرنىڭ مۇقەددىمە قىسمىدا ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرق مۇسۇلمان ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرلىرىنىڭ ئەسەر باشلاش ئەنئەنىسى بويىچە، ئالدى بىلەن تەڭرىگە ھەمدۇسانا، پەيغەمبەر ۋە تۆت چاھارىيارغا نەئتلەر ئوقۇلۇپ، مۇتەپەككۇر شائىر نەۋائىيغا بېرىلگەن باھا، ئەسەرنىڭ يېزىلىش سەۋەبى، زوھورىددىن ھېكىمبەگكە بولغان مىننەتدارلىق ۋە ئۆزرىخاھلىقى بايان قىلىنىدۇ. ئاخىرىدا شائىر ئاساسىي مۇددىئا ـ مەقسەتكە كۆچۈپ، ھۆپۈپنىڭ قۇشلار توپلاشقان سورۇندا سۇمۇرغنى توغرا يولباشچى سۈپىتىدە تەرىپلىگەنلىكى، قۇشلار ھۆپۈپنىڭ تەربىيىسى ۋە رىغبەتلەندۈرۈشى ئارقىسىدا ئۇيۇشۇپ، سۇمۇرغ تەرەپكە قاراپ سەپەرگە ئاتلانغانلىقى ۋە ئاخىرىدا مىڭ بىر جاپا ـ مۇشەققەتلەر بەدىلىگە سۇمۇرغنى تاپقانلىقىدەك ۋەقەلەر ئارقىلىق، ئېينى دەۋر ئىجتىمائىي رېئاللىقىدا ساقلانغان پاسسىپ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى قۇشلار ۋاستىسى ياردىمىدە ئوبرازلىق ئىپادىلەپ، كىشىلەرنى ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، ۋاپادار، راستچىل بولۇپ، ئىلىم ـ مەرىپەت ئىگىلىشى لازىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن، كىشىلەرگە ئادالەتلىك، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت غايىۋى كۆزقاراشلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن، سەبۇرىي بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي كۆزقاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۇرگەن.

«مەقالات» مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن نەۋائىينىڭ «لىسانۇت ـ تەير»، «ھەيرەتۇل ـ ئەبرار»، «سەبئەئى سەييار» ئەسەرلىرىگە تايىنىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئەينەن تەكرارلىنىشى بولماستىن، بەلكى نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ سۇژېتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز دەۋر روھىنى كەڭ تۈردە ئىپادىلىگەن

① ئابدۇرېشىت ئىسلامى تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان: «مەقالات»، «بۇلاق» ژۇرنىلى ئومۇمىي 12 ـ سان.
② ئابدۇرېشىت ئىسلامى تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان: «مەقالات»، «بۇلاق» ژۇرنىلى ئومۇمىي 12 ـ سان.

ئورىگىناللىقتا ئىگە يىرىك بەدىئىي ئەسەر. ئەسەر مەزمۇنى نەۋائىينىڭ «لىسانۇت ـ تەير» داستانى باشلانغان جايدىن باشلىنىدۇ. سۇژىت تەرەققىياتى نەۋائىينىڭ «لىسانۇت ـ تەير» ئەسىرىدەك، قۇشلار سەپىرىنى «يەتتە ۋادا» دىن ئۆتكۈزۈپ، نۇرغۇن قۇشتىن ئوتتۇزىنى ئامان قالدۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆزى ئىزدىگەن «سىمۇرغ»قا ئايلاندۇرمايدۇ. بەلكى بۇ رىۋايەت تۇسلۇك سۇژىتنىڭ بىر قىسمىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز دەۋر ئېھتىياجى بولغان ئادەملەرنىڭ ئەخلاقىدىكى ناچار ئىللەتلەرنى تەنقىدلەپ، گۈزەل ئەخلاقىي قاراشلارنى مەدھىيىلەپ، ئىنسان ئەخلاقىي كامالىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. شائىر ئەسىرىدە ھۆپۈپنىڭ كوھقاپقا يېتىپ بېرىش جەريانىدا بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بولغان تەرىقەت يولىنىڭ يەتتە ۋادىسىدىن پەقەت ئۈچىنى (تەلەپ، ئىشق، مەرىپەت) تەسۋىرلەپ، قۇشلارنى بۇ ۋادىغا ئېلىپ كىرمەيدۇ. بۇ جەھەتتىكى سۇژىت ئۇستاز نەۋائىينىڭ «لىسانۇت ـ تەير» داستانى سۇژىتىدىن كەسكىن پەرقلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئېستېتىك غايىسىنى ئۆزىگە خاس ماھارەت بىلەن ئىپادىلەپ، ئەسەرنىڭ ئورىگىناللىقىنى نامايان قىلىدۇ.

شەكىل جەھەتتىن، بىر تەرەپتىن شائىر ئېستېتىك غايىسىنىڭ ۋەزىپىسى بويىچە نەۋائىينىڭ «ھەيرەتۇل ـ ئەبرار» داستانىغا مۇراجىئەت قىلىدۇ. شائىر ئەسىرىدە بۇ ھەقتە توختىلىپ، «ھەيرەتۇل ـ ئەبرار» ھەجمىنىڭ ھەمدۇساناdın كېيىن 20 ماقالىدىن تەشكىل تاپقانلىقى، نەۋائىينىڭ بۇ 20 ماقالە ئارقىلىق ئۆز دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى بايان قىلىنىش ئارقىلىق شائىرنىڭ بۇ 20 ماقالىدىن پايدىلىنىپ، مەقسىتىگە ئاساسەن ئۆز ئېستېتىك غايىسىنى ئىپادىلىگەنلىكىنى ئىشارە قىلىدۇ. شائىرنىڭ بۇ ئەسىرىمۇ 20 ماقالىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، شائىر نەۋائىي ماقالىلىرىنى سۇژىت مەنبەسى قىلىپ تۇرۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ دەۋر روھىنى ئىپادىلەيدىغان ئورىگىنال ئەسەر يارىتىدۇ.

قىسقىسى، ئەمىر ھۈسەين سەبۇرىينىڭ شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ دىداكتىك پەلسەپىۋى داستانچىلىق، ماقالىچىلىك ئەنئەنىسىنى ئىجادىي ئۆزلەشتۈرۈپ يېزىپ چىققان «مەقالات» ناملىق ئەسىرى نەۋائىينىڭ «لىسانۇت ـ تەير» سۇژىتىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغاندىن سىرت، يەنە «ھەيرەتۇل ـ ئەبرار»، «سەبئەئى سەييار» قاتارلىق ئەسەرلىرىگىمۇ مۇراجىئەت قىلىپ، بۇنى ئۆزى ياشىغان جەمئىيەتكە تەتبىقلاپ، ئوبراز يارىتىشتا نەسرىي ھەم شېئىرىي ئۇسۇلدىن تولۇق پايدىلىنىپ، تىل ئىشلىتىش جەھەتتىن ئاممىباب، ئۆتكۈر، راۋان، ئوبرازلىق، ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق، دەۋر ئېقىمىنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، مەزمۇن جەھەتتىنلا ئەمەس، بەدىئىيلىك جەھەتتىنمۇ يۇقىرى سەۋىيىدە يارىتىلغان. دېمەك، «مەقالات» مەزمۇنىنىڭ مول ۋە چوڭقۇرلۇقى بىلەن ئەينى دەۋر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا مول، قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپلا قالماي، بەدىئىي سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدا يۇقىرى بەدىئىي قىممەتكە ئىگە ئەسەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا مۇناسىپ.

خۇلاسىلىگەندە، مەجازىي ئۇسۇل ئارقىلىق جۈملىدىن قۇش تىلى ۋاسىتىسى ئارقىلىق بەدىئىي ئەسەر يېزىش شەرق خەلقلىرى ئەدەبىياتىدا ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئالىم ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا قەلىمىگە مەنسۇپ «رىسالەتۇت ـ تەير» يازما ئەدەبىياتتا قۇش تىلى ۋاسىتىسىدە يېزىلغان تۇنجى پەلسەپىۋى ئەسەر سۈپىتى بىلەن شەرق ئەدەبىياتىدا قۇش تىلى بىلەن ئەسەر يېزىش ئەنئەنىسىنى باشلاپ، ئەتتار، گۈلشەھرىيگە ئوخشاش بىر تۈركۈم شائىرلار بۇ ئەنئەنىنى داۋاملاشتۇرۇپ راۋاجلاندۇرغان بولسا، 15 ـ ئەسىرگە كەلگەندە بۈيۈك سۆز سەنئەتكارلىرىدىن بولغان نەۋائىي يۇقىرىقى شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن بىۋاسىتە (ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇت ـ تەير»ى) ۋە ۋاسىتىلىك (ئەتتار ئەسىرى ئارقىلىق گۈلشەھرىي، غەززالىي، ئىبنى سىنا ئەسەرلىرى) تەسىرىدە «لىسانۇت ـ تەير» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا «قۇش تىلى» ۋاسىتىسىدە ئەسەر يېزىش ئەنئەنىسىنى باشلاپ بەردى.

«لىسانۇت ـ تەير» ئۇيغۇر داستانچىلىقىدىكى يېڭى ژانىر — سىمۋوللۇق پەلسەپىۋى داستان

ژانىرىنىڭ غايىۋى ـ بەدىئىي جەھەتتىن يېتۈك نەمۇنىسى بولۇپ، داستاندىكى قۇش تىلى ئارقىلىق دەۋرنىڭ مۇھىم ئىجتىمائىي ـ پەلسەپىۋى تەرەپلىرىنى ئىپادىلەش، جەمئىيەت ۋە ئىنسان ئەخلاقىدىكى تۈرلۈك ئىللەتلەرنى تەكىتلەش ئەنئەنىلىرى، شۇنىڭدەك ئەخلاقىي خاراكتېردىكى گۈزەل ساتىرىك، يۇمۇرىستىك ھېكايەتلەرنى يارىتىش ئەنئەنىلىرى قاتارلىقلار كېيىنكى دەۋر شائىرلار تەرىپىدىن ئىجابىي قوبۇل قىلىنىدى ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ 18 ـ، 19 ـ ئەسىرلەردىكى ۋەكىللىرىدىن ئىبراھىم ئىبنى يۇسۇف خوتەنىينىڭ «مەنتىقۇت ـ تەير» ناملىق ئەسىرى، موللا سىددىق ياركەندىنىڭ ئىجادىي نەسرىيلەشتۈرۈپ چىققان «لىسانۇت ـ تەير»، ئۆمەر ھۈسەين سەبۇرىينىڭ «مەقالات» قاتارلىق بىر تۈركۈم ئەسەرلەر مەزكۇر داستان تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن ئەسەرلەر بولۇپ، ئەسەرلەردە نەۋائىي داستانىدىكى ھاياتىي ئەنئەنىلەر ئۆز دەۋرىگە ماس رەۋىشتە ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ يېڭى نەمۇنىلىرىدىن بولۇپ قالدى.

پايدىلانمىلار:

1) ئابدۇرېھىم سابىت تۈزگەن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» (ئىككىنچى كىتاب 1 ـ، 2 ـ قىسىم)، 1984 ـ يىلى قەشقەر شەھەرلىك مەدەنىيەت ـ مائارىپ بۆلۈمى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى باستۇرغان.

2) ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن تۈزگەن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987ـيىلى 1 ـ نەشرى.

3) ئابلىمىت ئەھەت قاتارلىقلار تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان: «مەنتىقۇت ـ تەير»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.

4) شېرىپىدىن ئۆمەر: «19 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (3 ـ قىسىم)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.

5) شەرەفىددىن شەرەپوۋ: «لىسانۇت ـ تەير، ھەقىقىتى»، 1998 ـ يىلى، تاشكەنت.

6) ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت: «تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.

7) ئابدۇشۇكۇر تۇردى باشچىلىقىدا تۈزگەن: «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» (2 ـ، 3 ـ قىسىم)، مىللەتلەر نەشرىياتى 2006 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.

8) ئابدۇرشىت ئىسلامى تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان: «مەقالات»، «بۇلاق» ژۇرنىلى ئومۇمىي 12 ـ سان.

9) مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت نەشرگە تەييارلىغان «لىسانۇت ـ تەير»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 93 ـ يىللىق 3 ـ، 4 ـ سان.

10) مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن نەشرگە تەييارلىغان «لىسانۇت ـ تەير»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 94 ـ يىللىق 1 ـ، 2 ـ سان.

11) ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت: «فەرىدىددىن ئەتتارنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى، «بۇلاق» ژۇرنىلى 2002 ـ يىلى 1 ـ سان.

12) ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت: «ئۇيغۇر تەسەۋۋۇپ شېئىرىيىتى ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 2008 ـ يىللىق 3 ـ سان.

13) شەۋكەت ئېلاخۇن: «18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا نەسرىي ۋە ئۆزلەشتۈرمە ئەسەرلەر»، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1998 ـ يىللىق 2 ـ سان.

14) شەۋكەت ئېلاخۇن: «18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە 19 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 1998 ـ يىللىق 1 ـ سان.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)



# «ئۆتۆكەن» ھەققىدە

تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

ھەممىمىزگە مەلۇم، كۆكتۈرك، ئورخۇن ئۇيغۇرخانلىقى دەۋرىدە تىكلەنگەن ئورخۇن ـ يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرى ۋە ئۇلاردىكى يېزىقلار ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولغاندىن كېيىن، بىر مەھەل مەڭگۈ تاش يېزىقلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ ئەينى دەۋردىكى يېزىقى، تىلى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار قىزىپ كەتتى ھەمدە نۇرغۇن ئىلمىي ئەمگەكلەر مەيدانغا كېلىپ، ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ ئەينى دەۋردىكى مەدەنىيىتى ھەر تەرەپتىن يورۇتۇپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بەزى مەسىلىلەرنىمۇ ئېلىپ كەلدى. ئورخۇن ـ يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرىدا تىلغا ئېلىنغان بىر قىسىم يەر ناملىرىنىڭ ئورنى ۋە شۇ ناملارنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق ھازىرغا قەدەر قايىل قىلارلىق يەكۈن ئوتتۇرىغا چىققىنى يوق. بۇنىڭغا تىپىمىزغا مۇناسىۋەتلىك بولغان «ئۆتۆكەن» دېيىلىدىغان يەر نامىنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. بۇ ھەقتە «كۈل تېگىن مەڭگۈ تېشى»دا مۇنداق بايانلار بار: «مەنكى تەڭرىدەك، تەڭرىدىن تۆرەلگەن تۈرك بىلگە خاقان بۇ ۋاقىتتا (تەختتە) ئولتۇردۇم. سۆزۈمنى تولۇق ئاڭلاڭلار: ئالدى بىلەن ئىنىلىرىم ۋە ئوغۇللىرىم، ئاندىن قالسا ئۇرۇقلىرىم ۋە خەلقىم، ئوڭ تەرەپتىكى شاداپىت بەگلەر، سول تەرەپتىكى تارقانلار، بۇيرۇق بەگلەر، ئوتتۇز (تاتار) ... توققۇز ئوغۇز بەگلىرى، خەلقلىرى، سىلەر بۇ سۆزلىرىمنى ياخشى ئىشىتىڭلار، قاتتىق تىڭلاڭلار، ئالدى (شەرق) تەرەپتىن كۈن چىقىشقىچە، ئوڭ (جەنۇب) تەرەپتىن كۈن ئوتتۇرىسىغىچە، ئارقا (غەرب) تەرەپتىن كۈن پېتىشقىچە، سول (شىمال) تەرەپتىن تۈن ئوتتۇرىسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى خەلقلەرنىڭ ھەممىسى ماڭا قارايدۇ. مۇشۇنداق كۆپ خەلقنى مەن ئۇيۇشتۇردۇم. ئەمدى ئۇلارغا يامانلىق يوق، تۈرك خاقانى ئۆتۆكەن تاغدا ئولتۇرۇۋەرسە، ئەلدە مۇڭ ـ قايغۇ بولمايدۇ. ئالدى تەرەپ (شەرق) تىن سەندۇڭ تۈزلەڭلىكىگىچە قوشۇن تارتتىم. دېڭىز (ساھىلى) غا يېتىپ بېرىشقا ئاز قالدىم، ئوڭ (جەنۇب) تىن توققۇز ئەرسەنگىچە قوشۇن تارتتىم، تىبەتكە يېتىپ بېرىشقا ئاز قالدىم. ئارقا تەرەپ (غەرب) تىن يىنچۇ دەرياسىنى كېچىپ ئۆتۈپ، تۆمۈر قاپىقىغىچە قوشۇن تارتتىم، سول (شىمال) دىن بايىرقۇ زېمىنىغىچە قوشۇن تارتتىم، مەن شۇنچىلا كۆپ جايلارغىچە قوشۇن تارتىپ باردىم، (لېكىن) ئۆتۆكەن تېغىدىن ياخشى جاي زادى يوق ئىكەن. ئەلنى ئىدارە قىلىدىغان يەر ئۆتۆكەن تېغى ئىكەن»①.
بىز يۇقىرىدىكى بايانغا قارىساق، ئۇنىڭ ئالدىنقى قىسمى رىتورىك خىتاب ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن، خاقانلىق زېمىنىنىڭ دائىرىسى كۆرسىتىلگەنلىكىنى، ئاخىرىدا شۇنچىۋالا كەڭ زېمىن

دائىرىسىدە پەقەت خاقانلىق ئوردىسى، يەنى مەركەز تەسىس قىلىنىشقا ئەڭ مۇناسىپ كېلىدىغان جاي «ئۆتۈكەن» دەپ كۆرسىتىلگەنلىكىنى كۆرىمىز. ئۇنداقتا «ئۆتۈكەن» دېيىلىدىغان جاي زادى قەيەرنى كۆرسىتىدۇ؟ «ئۆتۈكەن»نىڭ ئېتىمولوگىيىسى نېمە؟ تۆۋەندە بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىلەرنى كۆرۈپ ئۆتەيلى.

سوۋېت ئىتتىپاقىلىق تەتقىقاتچى پوتاپوف «ئۆتۈكەن» ھەققىدە خېلى ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بارغان، ئۇ ئۆزى كۆرۈش ئىمكانىيىتى بولغان مۇشۇ ھەقتىكى ئىلمىي ئەمگەكلەرنى كۆرگەن ھەمدە سايان، ئالتاي رايونىغا كېلىپ، تۇۋالار ئارىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، تۇۋالارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ھەم شۇ ھەقتىكى ئېتنوگرافىك ھادىسىلەرنى كۆزىتىپ، تۇۋالاردىمۇ ئۆتۈكەنگە چوقۇنۇش ھادىسىسىنىڭ بارلىقىنى، تۇۋالارنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدىكى بوك - باراقسان ئورمانلىق بىلەن قاپلانغان تاغنى «ئۆتۈكەن» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى، تۇۋالار، خاككاسلار، ئالتايلىقلار، سورلار ۋە باشقا كۆپلىگەن ھازىرقى زامان ئورۇق - قەبىلىلىرىنىڭ كۆپىنچە ئالتايلىقلار ۋە قەدىمكى ئورخۇنلار بىلەن ئېتنىك مۇناسىۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، «ئۆتۈكەن» نىڭ تۇۋالار رايونىدا ئىكەنلىكىنى، مەشھۇر تۈركولوگ مالوۋنىڭمۇ بۇ ھەقتىكى قارىشىنىڭ ئۆزىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ②.

بىز پوتاپوفنىڭ پىكرىگە قارايدىغان بولساق، ئۇ، «ئۆتۈكەن» نى تۇۋالار بىلەن قىرغىزلار ياشايدىغان جايدا دەيدىغاندەك قىلىدۇ. شۇڭا، پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن دېگەندەك، ئالدى بىلەن تۇۋالار بىلەن قىرغىزلار قەدىمدىن ياشاپ كېلىۋاتقان جايلارنى دۇنيادا تەسىرى بولغان قورال كىتابلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئېنىقلىۋالمىساق بولمايدىغاندەك قىلىدۇ.

تۇۋالار ـــ سىبىرىيىنىڭ جەنۇبىدىكى يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا ياشايدىغان خەلق. قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر بىلەن موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ ئۇزاق ۋاقىت ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىشىدىن شەكىللەنگەن. ئىلگىرى سويوقلار، ئۇرانخايلار دەپمۇ ئاتالغان. رۇسىيە (سوۋېتلەر ئىتتىپاقى) نىڭ تۇۋا ئاپتونوم ئوبلاستىدا ئولتۇراقلاشقان. موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىمۇ 20 مىڭدەك تۇۋالار ياشايدۇ. سايان تاغ تىزمىسى، تاننۇئولا تاغ تىزمىلىرى ئارىلىقىدا پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ③.

يۇقىرىدا بىز تۇۋالارنىڭ يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا ياشايدىغانلىقىنى بىلىۋالدۇق. ئۇنداقتا يېنسەي دەرياسى ھەققىدىكى مەلۇماتنى كۆرۈپ باقايلى:

يېنسەي دەرياسى ـــ ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمىدىكى دەريا؛ تۇۋا ئاپتونوم ئوبلاستى دائىرىسىدە سايان تاغلىرىدىن باشلىنىپ، چوڭ يېنسەي بىلەن كىچىك يېنسەينىڭ قوشۇلۇشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولىدۇ. كراسنويارسكىي ئۆلكىسىدىن ئۆتۈپ، كارا دېڭىزىنىڭ يېنسەي قولتۇقىغا قۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭغا قۇيۇلىدىغان تارماق ئېقىنلار نۇرغۇن؛ ئۇلاردىن ئەڭ چوڭلىرى ئۈچ تارماقلىرى ـــ ئانگارا، ئوتتۇرا تۇنگۇسكا ۋە تۆۋەنكى تۇنگۇسكا بولۇپ، يېنسەي دەرياسى رۇسىيىدىكى ئەڭ چوڭ دەريا④.

يۇقىرىدا يېنسەي دەرياسى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. تۆۋەندە ئورخۇن - يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرىدا نامى تىلغا ئېلىنىدىغان، ئورخۇن دەرياسى بىلەن سېلىنگا دەريالىرى بويىدا خاقانلىق قۇرغان كۆكتۈرك ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقلىرى بىلەن دائىم دۈشمەنلىشىپ تۇرىدىغان يېنسەي قىرغىزلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتنى كۆرۈپ باقايلى:

يېنسەي قىرغىزلىرى ــ قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلق. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن مىلادىيە 17 ـ ئەسىرگىچە مىنۇسىنۇسك ئويمانلىقىدا ئولتۇراقلاشقان. 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كۆپ قىسمى بۇ يەردىن كېتىپ قالغان. قالغانلىرى شۇ يەردىكى ئاھالىلەرگە سىڭىشىپ كەتكەن⑤.

يۇقىرىدا يېنسەي دەرياسى ۋە بۇ دەريا ۋادىسىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان قىرغىزلار ھەم تۇۋالار ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، يېنسەي دەرياسى ۋادىسىنىڭ قەدىمىي ئاھالىسى قىرغىزلار بولۇپ، تۇۋالار كېيىنچە شەكىللەنگەن مىللەت ئىكەن.

بىز كۆكتۈرك خانلىقى ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە تىكلەنگەن، كېيىنكى دەۋر تەتقىقاتچىلىرى تەرىپىدىن ئورخۇن ـ يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرى دەپ ئاتالغان مەڭگۈ تاشلاردىكى قىسمەن يىپ ئۇچلىرىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى كۆكتۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار بىلەن قىرغىزلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرگە قاراپ باقايلى:

بىلمىسىزلىكىڭلاردىن، ئەسكىلىكىڭلاردىن تاغام خاقان دۇنيادىن ئۆتتى. دەسلەپتە قىرغىز خاقانىنى بالبال قىلىپ تىكلىدىم⑥.

كۆل تېگىن يىگىرمە ئالتە ياش ۋاقتىدا قىرغىزلارغا يۈرۈش قىلدۇق. نەيزە بويى قېلىنلىقتىكى قارنى بۆسۈپ، كۆگمەن تېغىدىن ئېشىپ، قىرغىزلارنى ئۇيقۇدا بېسىۋالدۇق. بىز ئۇلارنىڭ خاقانى بىلەن سۇڭا تېغىدا ئۇرۇش قىلدۇق. كۆل تېگىن بايىرقۇنىڭ ئاق ئايغىرىنى مىنىپ جەڭگە كىردى. بىر ئەرنى ئوق بىلەن ئۆلتۈردى، ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى ئەرگە «نەيزە» سانجىدى. ئۇ جەڭ قىلىۋاتقاندا، بايىرقۇنىڭ ئاق ئايغىرىنىڭ يوتىسىنى چېپىپ تاشلىدى. بىز قىرغىز خاقانىنى ئۆلتۈردۇق. ئۇلارنىڭ ئېلىنى ئالدۇق⑦.

تۈننى تۈن دېمەي، كۈندۈزنى كۈندۈز دېمەي، شامالدەك تېز يۈردۇق. قىرغىزلارنى ئۇيقۇدا بېسىۋالدۇق. بىز نەيزە بىلەن ... نى ئاچتۇق. ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ خاقانى ۋە لەشكەرلىرى توپلىشىپ بوپتىكەن. ئۇرۇشتۇق، سانجىشتۇق، خاقانىنى ئۆلتۈردۇق. قىرغىز خەلقى خاقانىمىزغا بويسۇندى، يۈكۈندى، بىز ياندۇق. كۆگمەن تېغىنى ئەگىپ، قىرغىزلارنىڭكىدىن ياندۇق⑧.

بىز «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» ۋە «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» دىكى مەلۇماتلاردىن قارىغىنىمىزدا، كۆكتۈرك ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ يېنسەي دەرياسى ۋادىسىدا ياشايدىغان قىرغىزلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىزچىل ياخشى بولماي كەلگەن، ھەتتا بىر ـ بىرى بىلەن قان دۈشمەن بولۇشقان. شۇنداق ئىكەن، كۆكتۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار ئەينى ۋاقىتتا ھەرقانچە بولسىمۇ ئۆزلىرى بىلەن قان دۈشمەن بولۇشقان قىرغىزلار زېمىنى دائىرىسىدىكى جاينى مۇقەددەس دەپ ھېسابلىمىغان بولغىيدى.

ئۇنداقتا كۆكتۈرك ۋە ئۇيغۇرلار مۇقەددەس دەپ ھېسابلىغان «ئۆتۈكەن» نىڭ ئورنى قەيەردە؟ بۇنىڭغا بىز يەنىلا ئورخۇن ـ يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرىدىكى قىسمەن يىپ ئۇچلىرىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ جاۋاب ئىزدەيمىز.

بىلگە تونيۇقۇق بويلاباغا تارقان، ئىلتەرىش قاغان بىلەن بىرلىكتە، جەنۇبتا ... شەرقتە قىتانلار، شىمالدا ئوغۇزلاردىن كۆپ ئۆلتۈردۇق. بىلگەسى، لەشكەر باشلىقى مەنلا ئىدىم. بىز چۇغاي قوزى ۋە قاراقۇمدا ئولتۇراقلاشقان ئىدۇق⑨.

«تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»دىكى چۇغان قوزى ۋە قاراقۇمدا ئولتۇراقلاشقان ئىدۇق» دېگەن جۈملىدىكى «قاراقۇم» ھەققىدە ئېلىمىز ھەم چەت ئەللىك تەتقىقاتچىلار كۆپ ئىزدىنىپ، ئۇنىڭ «قاراقۇم» دېيىلىدىغان جاي ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. مەن ئاشۇ تەتقىقاتلار ئىچىدىن پەقەت بىرىنىلا كەسىپداشلارنىڭ ھوزۇرىغا سۇنىمەن.

Qara-Qurum يەنە Cara-Corum ، Kara-Korum دەپمۇ يېزىلىدۇ. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» قاتارلىق كىتابلاردا 哈剌和林 دەپ خاتىرىلەنگەن. يەنە 和林 دەپ قىسقارتىپمۇ ئېلىنغان. كۆكتۈرك ۋە موڭغۇللارنىڭ قەدىمكى پايتەختى، ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى ئورخۇن دەرياسى يۇقىرى ئېقىنىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى 哈尔和林 قاراقورۇم شۇ⑩.

يۇقىرىدا ئورخۇن ـ يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرىدا «قاراقورۇم» خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردا «哈剌和林»، تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن «قاراقورۇم» دېيىلىدىغان جاي ۋە ئۇنىڭ ئورنى ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. تۆۋەندە تېمىمىزغا مۇناسىۋەتلىك بولغان، يەپ ئۆچى بولالايدىغان مەلۇماتلارنى داۋاملىق كۆرۈپ باقايلى:

تەڭرىدىن بولغان ئەل ئەتمىش بىلگە خاقان ... تۆلىس ... ئۆتۈكەن ئەتراپى ئېلى ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرىدىكەن، سۈيى سېلىنگا (دەرياسى) ئىكەن. ئۇ يەردە ئېلى ... ئەركىن ياشايدىكەن ... سۇ ... ئۇ يەردە قالغان خەلق — ئون ئۇيغۇر، توققۇز ئوغوز ئۈستىدە يۈز يىل ئولتۇرۇپ ... ئورخۇن دەرياسى ... تۈرك قىپچاق (خەلقى ئۈستىدە) ئەللىك يىل ئولتۇرغانىكەن⑪.

يۇقىرىدىكى مەلۇمات «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى» دىن ئېلىنغان بولۇپ، بۇ مەڭگۈ تاشنى 1909 ـ يىلى فىنلاندىيىلىك ئالىم رامستېد موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سېلىنگا دەرياسى بويىدىكى شىنە ـ ئۇسۇ كۆلى ئەتراپىدىن تاپقان.

ھەممىمىزگە مەلۇم، ھەرقانداق ئادەم ياكى ئىنسان توپى، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ئۆزىگە ئەڭ تونۇشلۇق بولغان ۋە ئەڭ مەنپەئەت يەتكەن نەرسىنى يادلايدۇ، ئەسكە ئالىدۇ ھەم خاتىرىلەيدۇ. يۇقىرىدىكى پارچىغا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرساق، ئۇنىڭدا «سۈيى سېلىنگا دەرياسى ئىكەن»، «ئېلى ... ئەركىن ياشايدىكەن»، «ئورخۇن دەرياسى» دېگەنگە ئوخشاش جۇغراپىيى ناملار ھەم ئەينى دەۋر كىشىلىرى ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىدىن بەرگەن ئۇچۇرلار ئۇچرايدۇ. بىز ئېرىشكەن جۇغراپىيىلىك ناملار بىلەن ئۇچۇرلارغا ئاساسلىنىپ، ئۇلارنى ئايرىم ـ ئايرىم تەھقىقلاپ كۆرەيلى:

سېلىنگا دەرياسى — شەرقىي ئاسىيادىكى دەريا، موڭغۇلىيە خەلق رېسپوبلىكىسىدىكى ھانگاي تاغ تىزمىسىدىن باشلىنىپ، ئىدىر بىلەن مۆرىن دەريالىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ كۆپ قىسمى موڭغۇلىيە ئارقىلىق شەرقىي ـ شىمال تەرەپكە قاراپ ئاقىدۇ. 1000 كىلومېتىر ئاققاندىن كېيىن، بۇريات ئاپتونوم رېسپوبلىكىسىنىڭ تېررىتورىيىسىگە كىرىدۇ. ئۇ يەردە كەڭ دېلتا ھاسىل قىلىدۇ، شەرقىي جەنۇبى تەرەپتىن بايقال كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. بۇ دەريانىڭ ئۇزۇنلۇقى 1480 كىلومېتىر⑫.

ئورخۇن دەرياسى — موڭغۇلىيىنىڭ شىمالىدىكى سېلىنگا دەرياسىنىڭ ئەڭ چوڭ تارمىقى بولۇپ، ھانگاي تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىدىن باشلىنىپ، شەرقىي شىمالغا قاراپ ئېقىپ، دۆلەت چېگراسىغا يېقىن جايدا سېلىنگا دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ، سوۋېت چېگراسىدىكى بايقال كۆلىگە قۇيۇلىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1124 كىلومېتىر⑬.

www.uyghurkitap.com



بىز ئورخۇن ـ يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرى دېيىلىدىغان ئابىدىلەردە تىلغا ئېلىنىدىغان سېلىنگا دەرياسى ۋە ئورخۇن دەرياسى ھەققىدىكى مەلۇماتلاردىن ھەر ئىككى دەريانىڭ ھانگاي دېيىلىدىغان تاغدىن باشلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالدۇق. يەنە «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى»دىكى «ئېلى ... ئەركىن ياشايدىكەن» دېگەن ئۇچۇرغا كەلسەك، باشتا كۆرۈپ ئۆتكەن «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» دىكى «تۈرك خاقانى ئۆتۈكەن تاغدا ئولتۇرۇۋەرسە، ئەلدە مۇڭ ـ قايغۇ بولمايدۇ»، «مەن شۇنچىلا كۆپ جايلارغىچە قوشۇن تارتىپ باردىم، (لېكىن) ئۆتۈكەن تېغىدىن ياخشى جاي زادى يوق ئىكەن» دېگەن مەزمۇنلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىپ باقساق، «ئۆتۈكەن» دېيىلىدىغان جاينىڭ قانداقتۇر پوتاپوف ئېيتقاندەك قىرغىزلار رايونىدا، يەنى يېنسەي دەرياسىنىڭ بويىدا بولماستىن، بەلكى سېلىنگا دەرياسى بىلەن ئورخۇن دەرياسى ئەتراپلىرىدا بولۇشىنىڭ ئېھتىماللىقى چوڭراق.

بىز «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» غا قايتا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرساق، ئۇنىڭدا تۆۋەندىكىدەك مەلۇمات ئۇچرايدۇ. بۇنى تېمىمىزنى يورۇتۇشقا ياردىمى بار دەپ قارىغانلىقىم ئۈچۈن، بۇ مەلۇماتنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق دەپ ھېسابلىدىم:

(تابغاچ خاقان) تابغاچ خاقانىنىڭ ئوردا نەققاشچىلىرىنى ئەۋەتتى. (مەن) ئۇلارغا ھەيۋەتلىك بىنا سالدۇردۇم. ئىچى، تېشىغا كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان نەقىشلەرنى ئويدۇردۇم. مەڭگۈ تاش ياساتتىم. كۆڭلۈمدىكى سۆزلىرىمنى (ئويدۇردۇم). (ئون ئوق) ئەۋلادلىرى ۋە يات ئۇرۇق پۇقرالارغىچە ھەممىڭلار بۇنى كۆرۈپ بىلگەيسىلەر؛ مەڭگۈ تاش ئورناتتىم. (بۇ يەر) ئادەملەر ئۆتىدىغان مۇھىم يەر بولغاچقا، مۇشۇ جايغا مەڭگۈ تاشنى تۇرغۇزدۇم⑭.

بۇ مەڭگۈ تاش 1889 ـ يىلى ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كۆكشىن ئورخۇن دېگەن دەريا ۋادىسىدىكى خوشۇ ـ سايدامدىن تېپىلغان.

ھەممىمىزگە مەلۇم، قەبرە تېشى ئادەملەر ئۆلگەندىن كېيىن دەپنە قىلىنغان قەبرە بېشىغا ئورنىتىلغان بولىدۇ. قەبرە ياكى قەبرىلەر تولىمۇ ناھايىتى ئېنىقكى، ئىنسانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەرگە تەسىس قىلىنغان بولىدۇ. ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ قەبرىستانلىق تەسىس قىلىش ئەھۋالىدىن قارىغىنىمىزدا، ئايرىم جەمەتلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ھويلىسىنىڭ ئارقا تەرىپىگە خاس جەمەت قەبرىستانلىقى تەسىس قىلىشىدىن، قەبرىستانلىق ئىنسانلار ئولتۇراقلاشقان جايدىن ئانچە يىراقلاپ كەتمەيدۇ، دېگەن يەكۈننى چىقىرالايمىز. شۇنداق ئىكەن، كۆكتۈرك، ئۇيغۇر خانلىقلىرى دەۋرلىرىدە تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى»نىڭ سېلىنگا دەرياسى بويىدىن تېپىلىشى، «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» نىڭ ئورخۇن دەرياسى بويىدىن تېپىلىشى يۇقىرىقى سۆزىمىزنى ئىسپاتلايدۇ. بىز ئۈستىدە توختىلىۋاتقان «ئۆتۈكەن» سېلىنگا دەرياسى بىلەن ئورخۇن دەرياسى بويىدا بولغان بولىدۇ.

«كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى»دىكى: «مەڭگۈ تاش ئورناتتىم. (بۇ يەر) ئادەملەر ئۆتىدىغان مۇھىم يەر بولغاچقا، مۇشۇ جايغا مەڭگۈ تاشنى تۇرغۇزدۇم» دېگەنلەردىن، بۇ مۇھىم جاينىڭ بىز ئۈستىدە توختىلىۋاتقان «ئۆتۈكەن» گە بارىدىغان يول ئۈستىگە تەسىس قىلىنغانلىقىنى پەرەز قىلالايمىز. بۇ يول بولسا ئەينى ۋاقىتتىكى خانلىقنىڭ ئادەملىرى ماڭىدىغان يول بولۇپلا قالماستىن، ھەتتا خانلىقنىڭ ئادەملىرى ياكى باشقا ئەل ئادەملىرى سودا ـ سېتىق ۋە ئالاقە ئىشلىرى ئۈچۈن دائىم مېڭىپ تۇرىدىغان چوڭ ھەم مۇھىم يول بولغان بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، «بۇ مۇھىم جاي» ئۆتۈكەندىن ئانچە

يىراق بولمىغان جايغا تەسىس قىلىنغان، شۇنداقلا بۇ مۇھىم جاي پەقەتلا ئۆتۈكەننىڭ ئوك تەرىپىدە ياكى سول تەرىپىدە بولغان بولىدۇ، مۇشۇلارنىڭ ئۆزىلا «ئۆتۈكەن» سېلىنگا دەرياسى بىلەن ئورخۇن دەرياسى بويىدا دېگەن ھۆكۈمنى چىقىرىشىمىزغا يېتەرلىك ئاساس بولالايدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئەينى دەۋردە كۆكتۈرك ۋە ئورخۇن خانلىقلىرى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خانلىقلىرى ئوتتۇرىسىدا ھەر خىل ئالاقىلەر بولۇپ تۇرغاچقا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خانلىقلىرىدىن بولغان مۇئەللىپلەر كۆكتۈرك ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقلىرىغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن مەلۇماتلارنى خاتىرىلەپ قالدۇرغان. بىز كۆكتۈرك ۋە ئۇيغۇر خانلىقلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەرقانداق بىر مەدەنىيەت ھادىسىسىنى تەتقىق قىلماقچى بولىدىكەنمىز، خەنزۇ مۇئەللىپلەر يېزىپ قالدۇرغان ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ ۋە مەڭگۈ تاشلاردىكى ئۇچۇرلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلغىنىمىزدىلا، تەتقىقاتىمىز ئىشەنچلىك بولغان بولىدۇ.

خەنزۇ ئالىملار خەنزۇچە ماتېرىياللار ئاساسىدا، ئۆتۈكەننىڭ ئورنى مەسىلىسىدە كۆپ ئىزدەنگەن. مەن پەقەت ئۇنىڭ ئىچىدىن بىرىنىلا كۆرسىتىپ ئۆتىمەن.

ئۆتۈكان ــ قەدىمكى تۈرك مەڭگۈ تاشلىرىدا «ئۆتۈكەن» ياكى «ئۆتۈكەن» دەپ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، شىيادې بۇنى «جۇنامە، تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دىكى «於都斤山» دېيىلىدىغان جاينىڭ ئۆزى شۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ يەنە «سۇينامە، تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» ۋە «كىتابلار جەۋھىرى» نىڭ 977 ـ جىلدىدا «都斤山»، «تەيپىڭ يىللىرىدىكى دۇنياغا ساياھەت خاتىرىسى» دە: «于都斤山»، «كونا تاڭنامە، خۇيخېلار تەزكىرىسى» دە: «乌德健山»، «تېلىلار تەزكىرىسى» دە: «郁督军山»، «都尉犍山» (بۇ ئەسلىدە 尉都鞬山 بولۇشى كېرەك)، «يېڭى تاڭنامە. خۇيگۇلار تەزكىرىسى» دە: «乌德鞬山»، «سىر، تاردۇشلار تەزكىرىسى» دە: يەنە «都尉楗山» ياكى «郁都鞬山» (بۇ ئەسلىدە 尉都鞬山 بولۇشى كېرەك)، «قارلۇقلار تەزكىرىسى»دە: «乌德犍山»، «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر»نىڭ 73 ـ جىلدىدا: «乌德鞬山» 96 ـ جىلدىدا يەنە: «乌罗德健山»، «ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دىن مۇھىم بايانلاردا: «乞督军山»، «لياۋ سۇلالىسى تارىخى»نىڭ 68 ـ جىلدىدا: «野乌笃斡山» (بۇنىڭدىكى 斡 خېتى ئەسلىدە يەنى 干 يېزىلىشى كېرەك ئىدى)، رەشىددىن فەزلۇللاھنىڭ «جامىئۇت تەۋارىخ» ناملىق ئەسىرىدە: «ئونخان كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان جايدا ئوتۈكان دەرياسى دېيىلىدىغان بىر جاي بولۇپ، بۇ ئېھتىمال دەريانىڭ نامى بىلەن ئاتالغان تاغ بولسا كېرەك» دەپ خاتىرىلەنگەن. «ئوتۈكان» دېيىلىدىغان بۇ تاغ تامىر دەرياسى بىلەن ئورخۇن دەرياسىنىڭ باشلىنىدىغان جايىدىكى ھانگاي تېغىنىڭ بىر قىسمىنى كۆرسىتىدۇ⑮.

ئەمدى بىز ھانگاي تېغى ھەققىدىكى مەلۇماتنى كۆرۈپ باقايلى:

ھانگاي تاغ تىزمىسى ــ موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ غەربىي قىسمىدا. غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا 700 كىلومېتىر سوزۇلغان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 2000 مېتىردىن 3000 مېتىرغىچە كېلىدۇ، ئەڭ ئېگىز چوققىسى ئۆتۈكەن تەڭرى دېيىلىدىغان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4031 مېتىر كېلىدۇ. شىمالىي يانباغرى ئورمان بىلەن قاپلانغان، جەنۇبىي يانباغرىدا ئوت ـ چۆپلەر بولۇق ئۆسكەن بولۇپ، چارۋىچىلىققا باب كېلىدۇ. سېلىنگا دەرياسى بىلەن ئورخۇن دەرياسى مۇشۇ جايدىن باشلانغان. ئالتۇن، قاشتېشى، چىرىمتال قاتارلىق كان مەھسۇلاتلىرى

بار. ئارشاڭ كۆپ بولۇپ، ساناتورىيىلەر قۇرۇلغان[16].

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن مەلۇماتلارغا مۇناسىپ ھالدا، ھانگاي تاغ تىزمىلىرى ۋە ئۇنىڭدىن باشلىنىدىغان دەريالار بىلەن يېنىسەي دەرياسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ھەم ئورنىنى كۆرسىتىدىغان تاننۇ تاغ تىزمىلىرىنىڭ خەرىتىسىنى قوشۇمچە قىلىمەن.

يۇقىرىدا كۆكتۈرك، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقلىرى دەۋرلىرىدە ئۇلۇغلانغان «ئۆتۈكەن» دېيىلىدىغان جاينىڭ سېلىنگا دەرياسى، ئورخۇن دەريالىرىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولغان ھانگاي تاغ تىزمىسىدا ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ يېنىسەي دەرياسى ۋە ۋادىسى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىۋالدۇق.

«ئۆتۈكەن» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە

تومسېننىڭ قارىشىچە، قازان تاتارلىرى تىلىدا ūtkin ، ساغاي تىلىدا ōtkūn دېگەنلەر «ئۆتكۈر»، «ئۇچلۇق» دېگەن مەنىلەردە كېلىدىكەن. شۇڭا، بۇ سۆزنى «تاغلىق ۋە ئورمانلىق» دېگەن مەنىدىكى Eutuken دەپ يازسا بولىدىكەن.

رادلوۋ: «ئۆتۈكەن ōtūkān سۆزى ئۇيغۇر تىلىدىكى (ōdūr–ōtūr) ōtū يەنى تاللاش، ئىلغاش، — دېگەن مەنىدىكى سۆزدىن كەلگەن. ئۇنى (سۆيۈملۈك تاغ ـ ئورمان) ياكى (بۈك ـ باراقسان تاغ ئورمانلىقى) دەپ چۈشەندۈرۈشكىمۇ بولىدۇ» دېگەن.

بانگ: «ئۆتۈكەن «ōtūkān » نى «تار ئېغىزلىق جىلغا (سەپەر جىلغىسى)» دەپ چۈشەندۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغان.

ۋىلادېمىروسوف: «ōtūkān » نى موڭغۇل تىلىدىكى (يەر)، «مۇقەددەس يەر، يەر ئىلاھى» دەپ چۈشەندۈرگەن.

پېللىئوت: ھەر خىل ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىش ۋە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق «ئۆتۈكەن» نى «دۆلەت تۇپرىقىنىڭ ئايال ئىلاھى»، يەنى «مىللەتنىڭ ئايال ئىلاھى» دەپ شەرھلىگەن.

ھۈسەين نامىق ئورخۇنمۇ پېللىئوتنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلىگەن[18].

يۇقىرىدا دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە ئالىملارنىڭ «ئۆتۈكەن» سۆزى ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرىنىڭ يەكۈنىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. بۇ ئالىملار «ئۆتۈكەن» نىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى ئۇيغۇر بولمىغان خەلقلەرنىڭ ھازىرقى زامان تىلىدىن ئىزدەشكە ئۇرۇنغان. مېنىڭچە، بۇنى ئەينى ۋاقىتتا قايسى خەلققە مەنسۇپ بولغان يادىكارلىقلاردا كۆرۈلگەن (تىلغا ئېلىنغان) بولسا، شۇ خەلقنىڭ تىلىدىن ئىزدەش كېرەك.

بىز قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىغا دائىر ماتېرىياللارغا ۋە قورال ـ كىتابلارغا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرساق، ئۇلاردا: «ئۆتۈگ ياكى ئۆتۈك» دېيىلىدىغان سۆزلەرنىڭ بارلىقىنى ئۇچرىتىمىز ھەم بۇ سۆزلەرگە تۆۋەندىكىدەك تەبىرلەر بېرىلگەنلىكىنى كۆرىمىز.

«قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» ناملىق كىتابتا: «ئۆتۈگ — تەلەپ، ئىلتىماس، ئۆتۈنۈش»[19] دېيىلگەن؛ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك»تە: «ئۆتۈگ (اوتوک) تىلەك، تەلەپ: ئۆتۈگچى — تىلىگۈچى»[20] دېيىلگەن؛ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە: «ئۆتۈك — ھېكايە، چۆچەك؛

ئۆتۈنۈش، دېگەن مەنىدە، بىرەر مەقسەتنى خانغا ئېيتىپ ئۇقتۇرۇشقىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئەسلىي (بىرەر نەرسىنى ھېكايە قىلىش) دېگەن مەنىدىكى سۆز»㉑ دەپ ئىزاھلانغان.

بىز يۇقىرىدا قورال كىتابلارنىڭ ياردىمىدە، «ئۆتۈكەن»نىڭ تۈپ سۆزىنىڭ «ئۆتۈك ياكى ئۆتۈگ» ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا «ئەن» نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن «ئۆتۈكەن» بولغانلىقىنى كۆرۈۋالدۇق. ئۇنداقتا، «ئەن»نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەزىپىسى نېمە؟ تۆۋەندە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلارنى كۆرۈپ باقايلى:

ۋ. م. ناسىلوف: «ئورخۇن – يېنسەي ۋادىلىرىدىن تېپىلغان يادىكارلىقلارنىڭ تىلى» ناملىق ئەسىرىدە: «(an (+ān+ قوشۇمچىلىرى كېمەيتمە ۋە كۆچەيتمە شەكلىنى ياسايدۇ (كونا مەنىسىدە كۆپلۈك سان؟)، ئاز ئۇچرايدۇ؛ aran «ئەر» (ئەر «ar»)، oglan «بالا»، «ئوغۇل»؛ «يىگىت» (oglon بالا، ئوغۇل)، θrtan «يالقۇن» (θrt «يالقۇن»)، «يانغىن».

an(+ān)– قوشۇمچىلىرى سۈپەتداش ياسايدۇ. ئۆتكەن زامانىنى بىلدۈرىدۇ: narab «بارغان» «كەتكەن» (–bar «بارماق»، «كەتمەك»)، kalan «كەلگەن» (–kal «كەلمەك»)㉒.

«دىۋانۇ – لۇغاتىت تۈرك»تىمۇ (an(ān قوشۇمچىلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان مىساللاردىن خېلى كۆپ كەلتۈرۈلگەن. سەھىپە ئېتىبارى بىلەن ئۇنىڭدىن ئىككىلا مىسالنى ئۆرنەك قىلىپ كۆرستىمەن:

«تەتىلدى – تېتىكلەندى، زېرەك بولدى، ئەقىلگە كىردى. (ئوغلان تەتىلدى) — بالا زېرەك بولدى»㉓.

«ئۆرتەندى – ئۆرتەندى، كۆيدى. (ئۆرتەنگەن نەڭ) — ئۆرتەنگەن نەرسە. كونا پاتقاندىن كېيىن بولۇت قىزارسا، (بولۇت ئۆرتەندى) دېيىلىدۇ. تۈركلەر بۇنى ياخشىلىققا جورۇيدۇ. ماقالىدە مۇنداق كەلگەن:

تۈندە بولۇت ئۆرتەنسە، خوتۇن ئوغۇل تۇغقاندەك بولۇر، تاڭدا بولۇت ئۆرتەنسە، ئۆيگە يىغا كىرگەندەك بولۇر. كەچقۇرۇن بولۇت قىزارسا، خوتۇنى ئوغۇل تۇغقاندەك بولىدۇ. تاڭدا بولۇت قىزارسا ئۆيگە يىغا كىرگەندەك بولىدۇ. تۈركلەر كېيىنكىسىنى ياخشىلىققا جورۇمايدۇ㉔.

دېمەك، كۆكتۈرك ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقلىرى دەۋرلىرىدە ئۇلۇغلانغان، «ئۆتۈكەن» دېيىلىدىغان جاينىڭ نامىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچىدىكى «ئۆتۈگ — ئۆتۈك» سۆزىگە «ئان – ئەن» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن «ئۆتۈكەن» بولغانلىقىنى، بۇنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئادەملەرنىڭ ئېتىقادى بويىچە يەنى شامان (قامان) دىنى ئېتىقادى بويىچە «كۆكتەڭرىگە، يەر – سۇ تەڭرىسىگە ئېتىقاد قىلىدىغان جاي»، «كۆكتەڭرىدىن يەر – سۇ تەڭرىسىدىن ئۆتۈنىدىغان، تەلەپ قىلىدىغان جاي» دېگەنلىك بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

ئىزاھاتلار:

① ئابدۇقېيۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۈسۈپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 – يىلى 9 – ئاي 1 – نەشرى، 1984 – يىلى 4 – ئاي 1 – باسمىسى 77 –، 78 – بەتلەر.

② پوتاپوف: «قەدىمكى ئۆتۈكەن تېغى ھەققىدە يېڭى ئىسپات»، «تاڭ دەۋرىدىكى توققۇز غوزلار ۋە تۈرك مەدەنىيىتى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2008 – يىلى 1 – ئاي 1 – نەشرى، 2008 – يىلى 1 – ئاي 1 –

باسمىسى 413 ـ، 439 ـ بەتلەر.

③ چېن يۇڭلىك: «مىللەت لۇغىتى»، شائخەي قامۇس نەشرىياتى 1987 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1987 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ باسمىسى.

جۇڭگو بۈيۈك ئېنسكلوپېدىيە نەشرىياتى: «سوۋېت ئېنسكلوپېدىيىلىك لۇغىتى»، بېيجىڭ ـ شائخەي، 1986 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1986 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ باسمىسى 1314 ـ بەت.

م. س. بودنارسكىي: «جۇغراپىيە ناملار لۇغىتى»، تاشكەنت، 1959 ـ يىلى نەشرى 907 ـ بەت.

④ م. س. بودنارسكىي: «جۇغراپىيە ناملار لۇغىتى»، تاشكەنت، 1959 ـ يىلى نەشرى 304 ـ، 305 ـ بەتلەر.

جۇڭگو بۈيۈك ئېنسكلوپېدىيە نەشرىياتى: «سوۋېت ئېنسكلوپېدىيىلىك لۇغىتى»، بېيجىڭ ـ شائخەي، 1986 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1986 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ باسمىسى 1500 ـ بەت.

⑤ جۇڭگو بۈيۈك ئېنسكلوپېدىيە نەشرىياتى: «سوۋېت ئېنسكلوپېدىيىلىك لۇغىتى»، بېيجىڭ ـ شائخەي 1986 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1986 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ باسمىسى 1500 ـ بەت.

چېن يۇڭلىك: «مىللەت لۇغىتى»، شائخەي قامۇس نەشرىياتى 1987 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1987 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ باسمىسى 774 ـ بەت.

⑥ ⑦ ئابدۇقېيۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۇسۇپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، «كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشى»دىن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1984 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ باسمىسى 85 ـ، 87 ـ بەتلەر.

⑧ ئابدۇقېيۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۇسۇپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، «تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشى»دىن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1984 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ باسمىسى 57 ـ، 58 ـ بەتلەر.

⑨ ئابدۇقېيۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۇسۇپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، «تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشى» دىن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1984 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ باسمىسى 54 ـ بەت.

⑩ فىلىڭ چېڭجۇن، لۇجۇنلىڭ: «غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1980 ـ يىلى 2 ـ ئاي تولۇقلانغان 2 ـ نەشرى، 1982 ـ يىلى 2 ـ ئاي بېيجىڭ 4 ـ باسمىسى 77 ـ بەت.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى: «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە تارىخىي ئاتالغۇلار لۇغىتى»، 1990 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1990 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ باسمىسى 120 ـ بەت.

⑪ ئابدۇقېيۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۇسۇپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، «بايانچۇر مەڭگۇ تېشى» دىن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1984 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ باسمىسى 114 ـ بەت.

⑫ م. س. بودنارسكىي: «جۇغراپىيە ناملار لۇغىتى»، تاشكەنت، 1959 ـ يىلى نەشرى 785 ـ بەت.

جۇڭگو بۈيۈك ئېنسكلوپېدىيە نەشرىياتى: «سوۋېت ئېنسكلوپېدىيىلىك لۇغىتى»، بېيجىڭ ـ شائخەي، 1986 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1986 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ باسمىسى 1131 ـ بەت.

⑬ راخمان تۇمۇرشاھ: «دۇنيا يەر نامىلىرى ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1992 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1992 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ باسمىسى 810 ـ بەت.

جۇڭگو بۈيۈك ئېنسكلوپېدىيە نەشرىياتى: «سوۋېت ئېنسكلوپېدىيىلىك لۇغىتى»، بېيجىڭ ـ شائخەي، 1986 ـ

يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1986 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ باسمىسى 347 ـ بەت.

⑭ ئابدۇقېيۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۇسۇپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، «كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشى»دىن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1984 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ باسمىسى 80 ـ بەت.

⑮ فېڭ چېڭجۈن، لۇجۈنلىڭ: «غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1980 ـ يىلى 2 ـ ئاي تولۇقلانغان 2 ـ نەشرى 1982 ـ يىلى 2 ـ ئاي، بېيجىڭ 4 ـ باسمىسى 72 ـ بەت.

⑯ «قامۇس» تۈزۈش كومىتېتى: «ئۈچ توملۇق قامۇس»، شاڭخەي قامۇس نەشرىياتى، 1979 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1981 ـ يىلى 3 ـ باسمىسى، 2 ـ توم 2927 ـ بەت.

جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى: «سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيىلىك لۇغىتى»، بېيجىڭ ـ شاڭخەي، 1986 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1986 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ باسمىسى 507 ـ بەت.

⑰ ئاتامەلىك جۇۋەينى: «تارىخىي جاھانگۇشاي»، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى (خەنزۇچە)، 1980 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1999 ـ يىلى 4 ـ ئاي 3 ـ باسمىسى 1 ـ تومغا قىلىنغان قىستۇرما.

⑱ پوتاپوف: «قەدىمكى ئۆتۈكەن تېغى ھەققىدە يېڭى ئىسپات»، سەي خۇڭشېڭ: «تاڭ دەۋرىدىكى توققۇز غۇزلار ۋە تۈرك مەدەنىيىتى» (خەنزۇچىسى) جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى نەشرىياتى 1998 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1998 ـ يىلى 12 ـ ئاي بېيجىڭ 1 ـ باسمىسى 231 ـ بەتتىن 247 ـ بەتكىچە؛ (ئۇيغۇرچىسى) قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2008 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2008 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ باسمىسى 413 ـ بەتتىن 439 ـ بەتكىچە.

⑲ ئابدۇقېيۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۇسۇپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1984 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ باسمىسى 389 ـ بەت.

⑳ غۇلام غوپۇرى، تۇرسۇن ئىبراھىمى، خوجا ئەخمەت يۇنۇس: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1986 ـ يىلى 6 ـ ئاي (بېيجىڭ) 1 ـ باسمىسى 775 ـ بەت.

㉑ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1981 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ باسمىسى 93 ـ بەت.

㉒ ۋ. م. ناسىلوف: «ئورخۇن ـ يېنسەي ۋادىلىرىدىن تېپىلغان يادىكارلىقلارنىڭ تىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (ئۇيغۇر سايرانى، سابىت روزى تەرجىمە قىلغان) 2005 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2005 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ باسمىسى 344 ـ، 345 ـ بەتلەر.

㉓㉔ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1981 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ باسمىسى 2 ـ توم 167 ـ 168 ـ بەتلەر؛ 1 ـ توم 333 ـ، 334 ـ بەتلەر.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)

# ئىنسانىي كامىللىققا دەۋەت قىلغۇچى مۇقەددەس كىتاب ـ «ئاۋېستا»

ئۇيغۇرچىغا ئاغدۇرغۇچى: مۇھەممەت ئىبراھىمجان

«ئىزگۈ ئوي، ئىزگۈ سۆز، ئىزگۈ ئەمەل قاتارلىقلار كامىللىققا ئىنتىلىپ كەلگەن ئەجدادلارنىڭ مەنۋىيىتى ۋە ياشاش يوسۇنى بولۇپ كەلگەنلىكىدىن پەخىرلىنىمىز.»

«ئاۋېستا» ئەسلىي «ئاۋەستا» سۆزى «ئاگاھنامە»، «دانىشمەن» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. زەردۇشتلۇق دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئاۋېستا» يۇقىرىدا قەيت قىلىنغىنىدەك، ئاللا تائالا تامانىدىن ۋەھيي قىلىنغان ساماۋى، ئىلاھىي كىتابلار قاتارىغا كىرگۈزۈلمىگەن بولسىمۇ، ئۇ ئۆز دەۋرلىرىدە، ئاشۇ زامانلاردا بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار ئۇچۇن مۇقەددەس كىتاب سانالغان ۋە ئۇنىڭغا بىرنەچچە مىڭ يىللار داۋامىدا ئىخلاس بىلەن ئەمەل قىلىنىپ كەلگەن.

ھازىر بولسا بۇ كىتاب ئەجدادلىرىمىز مەدەنىيىتى ۋە مەنىۋى قەدرىيەتلىرىدىن دېرەك بەرگۈچى، جاھان مەدەنىيىتىگە مۇھىم ھەسسە قوشقان، ئالەمشۇمۇل ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئانا يۇرتىمىزنىڭ ئەڭ قەدىمكى، ئەڭ مۆتىۋەر، ئەڭ نادىر مەدەنىي، تارىخىي يادىكارلىقى سۈپىتىدە ئۆگىنىلىدۇ.

«ئاۋېستا» قەدىمكى ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا، خۇراسان، ئىران، ئافغانىستان، ئەزەربەيجان، شىمالىي ھىندىستان، يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرق ھۇدۇتلىرىدا ياشىغان خەلقلەر ئېتىقاد قىلغان زەردۇشتلۇق(زوروئاسترزم) دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابىدۇر. بۇ كىتاب ئۆتكەن ئەسىرلەردە ياۋروپادا «زېند ـــ ئاۋېستا» (تەپسىر قىلىنغان مەتىن) دەپمۇ ئاتالغان.

«ئاۋېستا» دەسلەپتە خەلقلەر ئارىسىدا ئۇنتۇلغان قەدىمكى تىلدا يېزىلغان. ئۇنى كۆپچىلىك روھانىيلارمۇ چۈشىنەلمىگەنلىكى سەۋەبىدىن، ئاشۇ دەۋرنىڭ ئەدەبىي تىلى بولغان پەھلەۋى تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئاساسىي مەتىنلىرىگە شەرھلەر يېزىلغان ۋە بۇ تەرجىمە شەرھلەر «زەند» دەپ ئاتالغان. شۇ سەۋەبتىن، ياۋروپادا بۇ كىتاب «زېند ـــ ئاۋېستا» دېگەن تەلەپپۇز بىلەن تونۇلغان.

«ئاۋېستا» بۇ چوڭ ۋە بىپايان تەۋەلىكلەردە ياشىغان خەلقلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى مەنىۋى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي ھاياتىنى، ئالەم ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنى ۋە دىنىي قاراشلىرىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرگەن قامۇس خاراكتېرلىك دىنىي ئەسەردۇر. بۇ كىتاب ئىنسانىيەتنى كامىللىققا، يېتۈكلۈككە يېتەكلىگۈچى بۈيۈك ۋە نادىر يادىكارلىق بولۇپ، چەكسىز تەپەككۇر ۋە تەرەققىيات غايىسى ئومۇمىي ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسەك چوققىسىغا ئايلاندى. شۇڭا، بۇ كىتاب جاھان مەدەنىيىتىگە ئالاقىدار بولغان بۈيۈك ئىنسانىي ئەسەر بولۇپ قالدى.

«ئاۋېستا»دا ئىنسان ئەخلاقى ئاساسەن ئۈچ جەھەتتىن بەلگىلەنگەن. ئۇلار: ئىزگۈ ئويلار، ئىزگۈ سۆزلەر، ئىزگۈ ئەمەللەردىن ئىبارەت.

«ئاۋېستا»غا ئېتىقاد قىلغۇچىلار پۈتكۈل ھاياتى داۋامىدا مۇشۇ ئۈچ ئېتىقادنى ئۆزىدە مۇجەسسەم

قىلىپ ياشاشلىرى تەلەپ قىلىنغان. ئەنە شۇ تەرەپ كامىللىققا ئىنتىلىپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ مەنىۋىيىتىدە ئۇدۇم ۋە ياشاش يوسۇنى بولۇپ قالغان.

بۇ كىتابتا ھورمۇزد ۋە ئەھرىمەن تىمسالىدا ئىككى مۇرەسسەسىز قارىمۇقارشى كۈچلەر تەبىئەتتە نۇر ۋە زۇلمەت، بارلىقتا ھايات ۋە مامات (ئۆلۈم)، مەنىۋى ئالەمدە ئىزگۈلۈك ۋە ياۋۇزلۇق ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش تەسۋىرلەنگەن. بۇ كىتاب ئەنە شۇ ئۆزئارا كۈرەشلەردە ياخشى تەنتەنىسى ۋە ئىزگۈلۈك غەلىبىسىنى تەمىنلەشتە ئىنسانلارغا مەنىۋى قۇدرەت، مەنىۋى رىغبەت، روھىي دەۋەتكارلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. ئۇ پەقەت زەردۇشتىيلارنى، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ياخشىلىق تەرەپكە يوللاشقا، كىشىلىك ھاياتقا مەنىۋىيەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ كىرىپ كېلىشىگە سەۋەب بولدى.

شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، «ئاۋېستا» كەبى نادىر يادىكارلىقلار ئۆز دەۋرىدىلا ئومۇمىي ئىنسانلارنىڭ يادىكارلىقىغا ئايلانغان. ئىنسان غايىۋى قاراشلىرى، مەپكۇرىسى، تەلىماتى ۋە ئېتىقادىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىشە ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن پايدىلىق تامانلىرىنى تەرەققىياتقا خىزمەت قىلدۇرغان تەرەپلىرىنى ۋە ئامىللىرىنى ئۆگىنىدۇ؟ ئۇنىڭغا ئۆزىدە ئېھتىياج سېزىدۇ، ئاسراپ، ئاۋايلايدۇ ۋە ئەزىزلەيدۇ. بولۇپمۇ ھەرقانداق مەدەنىيەت، غايىلىرى مەپكۇرىلار ۋە تەلىماتلار، پىكىرلەر، تۈرلۈك ـ تۈمەنلىكىدىن ۋە ئۇلارنىڭ توقۇنۇشىدىن، شۇلار ئارقىلىق ئالەمنى، ھەقىقەتنى ئاڭلاش، ئىدراك ئېتىشتىن باشلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈنكى كۈندە «ئاۋېستا» كىتابىنىڭ ئىجتىمائىي، مەنىۋى، پەلسەپىۋى ۋە مەنتىقىي ئەھمىيىتى غايەت چوڭدۇر.

ھازىرغىچە بۇ كاتتا مەدەنىيەت يادىكارلىقى فرانسۇز، نېمىس، ئىنگلىز، پارس ۋە باشقا تىللارغا ئاللىقاچان تەرجىمە قىلىنىپ بولغان، بىر نەچچە قېتىم نەشر قىلىنغان. چۈنكى، چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزگۈچى ئەقىللىق ئىنسانلار «ئاۋېستا»غا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى نۇقتىسىدىن قارىغان ۋە شۇ نۇقتىغا خىزمەت قىلدىغان ھەرقانداق ئالىيجاناب ئىزگۇ غايىنى تار دىنىي ۋە مىللىي مەنپەئەتلەردىن ئۈستۈن قويغان. بۈگۈنكى دۇنيادا ھايات، كېلەچەك بىزدىن بەركامالىلىقنى، يېتۈكلۈكنى تەلەپ قىلماقتا. يېڭى دەۋر، يېڭى يۈز يىللىق، يېڭى مىڭ يىللىق باشلانغان ھازىرقى پەيتتە، مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم ئامىلى سۈپىتىدە، ئەقىل ـ ئىدراك، باي تەپەككۇر، چوڭقۇر پىكىر، مەنىۋى، ئەخلاقىي ساپا ۋە روھىي پاكىزلىق كاتتا ئەھمىيەتكە ئىگە بولماقتا. چۈنكى، ئىنساننىڭ ئەنە شۇنداق ئىجادىي سۈپەتلىرىنى، خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن «ئاۋېستا»نى ئۆگىنىش زامان تەلىپى بولۇپ قالماقتا.

مەشھۇر بىشارەتچى مىشىل ناستراداموس ئۆزىنىڭ 1555 ـ يىلىدا يازغان «سىنتۇرىيەلەر» ناملىق كىتابىدا 21 ـ ئەسىردە يەر يۈزىدە ئادەملەرنى يەنە «ئاۋېستا» كىتابى، زارائاستىرىزىم تەلىماتى قىزىقتۇرۇشقا باشلايدۇ. بۇ تەلىماتنىڭ تېز تارقىلىشىدا ۋە ھۆكۈمران ئورۇنغا ئىگە بولۇشىدا يىراق ئاسماندىن كەلگەن ئەقىللىق مەۋجۇداتلارنىڭ ياردىمى ھېسابسىز بولىدۇ، دەپ تەكىتلىگەن.

«ئاۋېستا» ئۇزاق دەۋرلەر مابەينىدە ــ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، ئاغزاكى تەرزدە شەكىللىنىپ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۆتۈپ كەلگەن. مۇقەددەس «ئاۋېستا»نىڭ يېزىقلىرى تۈرلۈك دەۋرلەرگە ئائىت بولۇپ، ھەرخىل ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ مەھسۇلى بولغان. ئۇلارنى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 7 ـ، 8 ـ ئەسىرلەر ئارىسىدا خارەزمدە تۇغۇلۇپ ئۆتكەن زاراتۇشترا (زەردۇشت) بىر تىزىمغا (سىستېمىغا) سېلىپ، ئۆزىمۇ «ئاۋېستا»نى «گاھلار» (گاتلار) قىسمىنى يېزىپ كىتاب قىلغان ۋە زەردۇشت دىنىغا ئاساس سالغان.

ئۆتمۈشتە «ئاۋېستا» ۋە «زەردۇشت»نىڭ ۋەتىنى قەيەردە بولغانلىقى توغرىسىدا ئالىملار ئوتتۇرىسىدا بەس ـ مۇنازىرىلەر بولۇپ ئۆتكەن. ئاخىرىدا 30 دىن ئارتۇق مەشھۇر ئاۋېستاشۇناس ئالىملار ۋە ئۆزىمىزنىڭ ئارخېئولوگ، تارىخچى، ئاۋېستاشۇناس تەتقىقاتچىلىرىمىز «ئاۋېستا» ۋە «زەردۇشت» دىنىنىڭ ئاساسچىسى(پەيغەمبىرى) زەردۇشتنىڭ ۋەتىنى ھازىرقى ئۆزبېكىستاننىڭ خارەزم دەپ قەتئىي توختامغا كەلگەن. ئالىملارنىڭ چىقارغان خۇلاسىلىرىنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ پەن ـ مائارىپ ۋە مەدەنىيەت بۆلۈمى — يۇنىسكومۇ (UNESCO) تەستىقلىغان.

زەردۇشت دىنى ۋە ئۇنىڭ دىنىي كىتابى «ئاۋېستا»نىڭ ۋەتىنى ھازىرقى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ خارەزم ۋادىسى ئىكەنلىكىنى، مەشھۇر ئالىملاردىن ئا. ئابدۇللايوف، ب. ئى. ئەۋدىيېف، ئا. ئەسقەروف، ۋ. ۋ. بارتولد، ئې. بېرېزىكوف، ف. باينەزەروف، ئى. ئا. براگىنسكىي، ئې. گرىسفېلد، ئى. م. دىياكونوف، ۋ. ئى. زاھىدوف، ج. يولداشېف، ت. كەرىموف، ۋ. م. لۇكانىن، م. ئې. مەسسان، ز. مۇقىموف، ن. نارقۇلوف، س. ف. ئولدىنبورگ، ن. پراخوروف، گ. ئا. پۇگاچېنكوۋا، يۇ. ئا. رەپوپورت، ب. رەھىموف، ئې. ب. پېتېلازى، ئا. سەئىدوف، ئا، سەئىدىللايوف، ت. سەدىللايوف، ۋ. ۋ. ستروۋې، ك. ب. ترېۋېر، ب. ئىشانوف، ي. غۇلاموف، ت. قىلىچېف ۋە باشقىلارمۇ تەستىقلىغان.

ئۇلارنىڭ تەستىقلاشلىرىچە، زەردۇشتلۇق دەسلەپ خارەزمدە ۋۇجۇدقا كېلىپ، كېيىن پارفىيە، باكتېرىيە، سوغدىيانا، پەركەنە (پەرغانە)، ئەزەربەيجان، ئىران، خۇراسان، ئىراق، موغۇلىستاندىن تارتىپ تاكى سۇرىيە، جۇڭگو، شىمالىي ھىندىستان، رۇم، ھەبەشىستان ۋە باشقا مەملىكەتلەر تەۋەلىرىگە قەدەر كەڭ تارقىلىپ كەتكەن. ياۋروپالىق «ئاۋېستا»شۇناس ئالىم ئې. بېنۋېنىست: «ناھايىتى كۆپ ئىسپاتلار بىلەن ئېنىقلانغان بۇ ھەقىقەتنى باشقا ھەرقانداق پىكىر، مۇلاھىزىلەر بىلەن يوق قىلغىلى بولمايدۇ» دەپ يازىدۇ.

زەردۇشتلۇق دىنى ھەققىدە تۆت جىلدلىق ئەسەر يېزىپ، بۇ پەنگە ئاساس سالغان مەشھۇر ئىنگلىز ئالىمى مارىي بويىسمۇ زەردۇشتلۇق دىنى ۋە ئۇنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئاۋېستا» قەدىمكى خارەزمدە پەيدا بولغانلىقىنى قەيت قىلغان.

شۇنىڭدەك ئاۋېستا كىتابىنىڭ ئۆزىدىمۇ: «زەردۇشت دەسلەپتە ئۆز دىنىنى ئېلىپ كەلگەندە، تۇنجى قېتىم ئىران ۋېج (ئاريانا ۋائىجا، ھازىرقى خارەزم ۋىلايىتى خىۋە شەھىرىنىڭ قەدىمكى نامى)دە شۇكۇر ـ سانا ۋە ئىبادەتلەر مۇراسىمىنى ئۆتكۈزگەن» دەپ يېزىلغان.

ئەبۇ رەيھان بىرۇنىي (973 — 1048) نىڭ يېزىشىچە، زەردۇشت ئۆزىنىڭ «تۇغۇلۇش كىتابى»دا، بالىلىق ۋاقىتلىرىدا ھەرراندا ھېكمەتشۇناس ئىلياستىن ئىلىم ئالغان. ئىبرانىيلار بولسا زەردۇشت ئىلياس پەيغەمبەرنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئىدى، دەپ ئېيتقان.

ئەگەر ئىبرانىيلارنىڭ دەۋاسى توغرا بولسا، زەردۇشت مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 9 ـ، 10 ـ ئەسىرلەردە ياشاپ ئۆتكەن. ئەگەر زەردۇشتنىڭ ئۆزىنىڭ گېپىنى، يەنى ھېكمەتشۇناس روھانىي ئىلياستىن تەلىم ئالغانلىقىنى ئىناۋەتكە ئالىدىغان بولساق، ئۇنداقتا زەردۇشت مىلادىيەدىن 1100 يىللار ئىلگىرى ياشاپ ئۆتكەن بولۇپ چىقىدۇ.

«ئاۋېستا»شۇناس ئالىم تىلەب مەھمۇدوف: «بىزنىڭ پىكرىمىزچە، زەردۇشت پائالىيىتىنى ئېرامىزدىن ئالدىنقى 2000 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدا دەپ بىلىشىمىز كېرەك. چۈنكى، ئەگەر «ئاۋېستا»نىڭ «گاھلار»(گاتلار) قىسمى تارىخىي شەخس زەردۇشت تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىنى ھېسابقا ئالساق، (ئاۋېستا) نىڭ ئەڭ قەدىمكى قىسىملىرىنى ئەنە شۇ دەۋر بىلەن ئىزاھلاش ھەقىقەتكە يېقىن

بولىدۇ» دەپ يازىدۇ.

ئالىم م. ئىمامنەزەروف بولسا ئۆزىنىڭ «مىللىي مەنىۋىيىتىمىزنىڭ تاكامۇللاشقان باسقۇچلىرى» ناملىق كىتابىدا، «ئاۋېستا»نىڭ كىتاب ھالدا شەكىللىنىشىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرى ئېرامىزدىن ئاۋۋالقى 7 ـ، 8 ـ ئەسىرلەرگە توغرا كېلىشى ئېنىق. ئەمما، زەردۇشت بۇ دەۋرلەردىن ھەم ئېرامىزدىن نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرى ئۆتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن، ھەر ھالدا يۇنانلىقلارنىڭ بۇ ھەقتىكى گۇۋاھلىقى شۇنىڭدىن دالالەت بېرىدۇ» دەپ يازغان.

مەشھۇر ئارخېئولوگ، ئېتنوگراف، ئاكادېمىك س. پ تولىستوف(1907 ـــ 1976)مۇ ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار داۋامىدا ئېلىنغان دەلىللەر زەردۇشتلۇق دىنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى زاراتۇشتارانىڭ خارەزم زېمىنىدا تۇغۇلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ ۋە ئۇنىڭ ياشىغان دەۋرى ئېرامىزنىڭ ئالدىنقى بىرىنچى 1000 يىللىقتىنمۇ ئالدىنقى دەۋرلەرگە مەنسۇپ، دەپ ئېيتقان.

«ئاۋېستا» ـــ «ياسنا»، «گاھلار» (گاتلار)، «ۋىسپەرەد»، «ياشتلار»، «ۋەندىداد» (ۋەدىۋدات) ۋە «كىچىك ئاۋېستا» قىسىملىرىدىن تەشكىل تاپقان.

«ئاۋېستا» نىڭ «ياسنا» قىسمى تېخى سىنىپىي جەمئىيەت مەيدانغا كەلمىگەن ھاياتتا قەبىلىچىلىك كۆپ خۇدالىق دىنىي تەسەۋۋۇرلىرى ھۆكۈم سۈرگەن قەدىمكى دەۋرلەردە يارىتىلدى.

«ياسنا» «تائەت ۋە سالاۋاتقا لايىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ» ـــ بۈگۈنكى «ئاۋېستا»نىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمى بولۇپ، 72 ھات «ئاۋاز، باب»تىن ئىبارەت بولغان ھەمدۇسانا، مۇناجات ۋە قۇربانلىق دۇئالىرىدىن تەشكىل تاپقان.

زەردۇشتنىڭ بەشلىك «گاھلار»ى قوشۇق گىمنىمۇ ئەنە شۇ «ياسنا»نىڭ 72 ھاتلىرى تەركىبىگە كىرىدۇ. «ياسنا» نىڭ 72 بابىدىن 55 بابىدا قەدىمكى قەبىلىۋى كۆپ خۇدالىق ئېتىقادلار ئەكس ئەتكەن، قالغان 17 بابى زەردۇشتنىڭ يەككە خۇدالىق تەلىماتى يېزىلغان «گاھلار» ـــ بەشلىك قوشاق ـــ گىمنلىرىدىن ئىبارەت.

«گاھلار» پارسچە «گاتلار» بولۇپ، مەنىسى قوشاق، گىمن. «ئاۋېستا»نىڭ ئەڭ قەدىمكى قىسىملىرىدىن بىرى بولغان زەردۇشتنىڭ بەشلىك قوشاق، گىمنلىرىدۇر.

زەردۇشت كۆپ خۇدالىقنى بىكار قىلىپ، ئۆزىنىڭ گاھلاردا يەككە خۇدالىق تەلىماتىنى كەڭ يايغان، ئىككى قارىمۇقارشى كۈچلەر ـــ نۇر ۋە زۇلمەت، ھايات ۋە مامات، ئېزگۈلۈك ۋە ياۋۇزلۇق ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەسسەسىز كۆرەشتە ھەربىر ئىنسان يەككە ـ يېگانە ئالىي تەڭرى ـــ ئاھۇرا مازدانىڭ ئەمرىگە بىنائەن ئېزگۈلۈك كۈچلىرى تەرىپىدە بولۇشى ۋە ھاياتتا ئۈچ ـــ «ئېزگۈ ئوي»، «ئېزگۈ سۆز»، «ئېزگۈ ئەمەل» تەرىپىگە رىئايە قىلىپ ياشاپ يۈرۈشلىرى كېرەكلىكى ھەققىدە كۈيلىگەن.

«ۋىسپەرەد» ـــ «ياسنا»غا قوشۇمچە تەرزدە يېزىلغان 24 بابتىن ئىبارەت ئىبادەتكە دائىر قوشاقلار، ھۆكۈمدارغا قىلىنغان مۇناجاتلار ۋە پۈتكۈل رەدلەر مەدھىيىسىدۇر.

«ياشتلار»دا زەردۇشتلارنىڭ ئوقۇپ يۈرىدىغان دۇئالىرى ۋە ئالاھىدە ئىلاھلىرىنى مەدھىيىلىگۈچى قوشاق، ئايەتلەر يېزىلغان. «ياشت» سۆزى ـــ ماختاش، قۇتلۇقلاش، ئالقىشلاش، ئىززەتلەش قاتارلىق مەنىلەرگە ئىگە. «ياشتلار» ۋە «ياسنا» ئوتتۇرىسىدىكى پەرق شۇنىڭدىكى، «ياسنا»دا ماختاش ۋە ئىبادەتلەر ئومۇمىي بولۇپ، «ياشتلار»دىكى ئالقىشلار خاس، يەنى ھەربىر ھادىسىگە ئالاھىدە ـ ئالاھىدە بېغىشلىمىلاردىن ئىبارەت.

«ۋەندىداد»(ۋادودات) «ۋىيدايۋادوداتا» سۆزىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى بولۇپ، «ياۋۇز كۈچلەرگە قارشى قانۇن» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. «ۋەندىداد» 22 بابتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىبادەت قىلىش تەرتىپى، ئۇنى بۇزغانلارنى جازالاش قانۇن ـ قائىدىلىرىمۇ ئەكس ئەتكەن. شۇنىڭدەك، «ۋەندىداد»تا ئۆلۈكنى يەرگە كۆمۈپ، يەرنى هارام قىلغان ياكى يالغان ۋەدە بەرگەن ئادەمنى جازالاش، ئۆلۈكلەرنى قويىدىغان دەخمىلەرنى قۇرۇش، كۆمۈش مۇراسىمى ۋە ئۆلۈكتىن ياۋۇز جىنلارنى قوغلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا ئىت ئاپىرىپ قويۇش، ئىت بېقىش ۋە ئۇنى پەرۋىش قىلىش توغرىسىدا، تېۋىپلار ھەققىدە، ئاياللار بىلەن ئايىنىڭ قايسى كۈنلىرى جىنسىي ئالاقىدە بولۇش، چاچ ۋە تىرناقلارنى قاچان ئېلىش ۋە ئۇلارنى پاكىز ساقلاش، ئۆزىنىڭ ئاۋازى بىلەن ياۋۇز روھلارنى قاچۇرغۇچى خوراز ھەققىدە، سۇنى بۇلغىماسلىق، بالىلارنى تەربىيىلەش، پەرۋىش قىلىش، ئاھۇرا مازدانىڭ ئادەملەرنى تۈرلۈك بالا ـ قازالاردىن ئاسرىشى، مېھرىبانلىقى ۋەھاكازالار بايان قىلىنغان.

«كىچىك ئاۋېستا» (خۇردە ئاۋېستا)نى «ئاۋېستا» كىتابى زور ھەجىمدە (ئېگىزلىكى 120، كەڭلىكى 70 سانتىمېتىر) بولغانلىقتىن، دىندارلار كۈندىلىك ھاياتلىرىدا پايدىلىنىش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ياراتقان. «كىچىك ئاۋېستا» «چوڭ ئاۋېستا»دىن تاللىۋېلىنغان دۇئالار، مەدھىيىلەر، قوشاقلار، سانالار توپلىمىدىن ئىبارەت. «كىچىك ئاۋېستا» قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلار، ئاردۇۋسۇرا، ئەشاھ، سۇرۇش، ئازەر قاتارلىق ئىلاھلار شەرىپىگە ئېيتىلغان دۇئالار، مەدھىيىلەر، تائەت ـ ئىبادەتلەر قاتارلىق تېكىستلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، بۇ دىن پەيغەمبەر زەردۇشتتىن كېيىن، يەنە ئاۋۋالقىدەك كۆپ خۇدالىق ئېتىقادقا ئايلىنىپ كەتتى. ئۇلار ئوتقىمۇ سىغىنىشقا باشلىغاندىن كېيىن، «ئاتەشپەرەسلەر»، «مەجۇسىيلار» دېگەن نامنى ئالدى ۋە مەزدەۋىيلىك زەردۇشت دىنى، مەجۇسىيلىك ئاتەشپەرەسلىك دىنى بولۇپ قالدى.

زەردۇشتلۇق ئەھمانىيلار دەۋرىدە دۆلەت دىنى بولغاندىن كېيىن «كىچىك ئاۋېستا»مۇ يېزىققا ئېلىنىشقا باشلىدى.

«ئاۋېستا» ئىلاھىي، ساماۋى كىتابمۇ دېگەن سوئال كەڭ ئوقۇرمەنلەرنى قىزىقتۇرۇشى تەبىئىي، ئەلۋەتتە. بۇ ھەقتە شۇنداق ئېيتىش مۇمكىنكى، بىزنىڭ پىكرىمىزچە، بۇ مەسىلىنى كىتابنىڭ ئومۇمىي روھىيىتىدىن، مەزمۇنىدىن چىقىش قىلىپ، مەنتىقەن مۇلاھىزە قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، زەردۇشتلۇققىچە بولغان «ئاۋېستا»نىڭ «ياسنا» قىسمىدا كۆپ خۇدالىق غايىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى ۋە خەلقمۇ ئەمەلدە خۇدالارغا، بۇتلارغا، تەبىئىي ھادىسىلەرگە، جانلىق، جانسىز نەرسىلەرگە ئېتىقاد قىلىپ، سىغىنىپ كەلگەنىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقنى ھىدايەتكە سېلىش ۋە كۆپ خۇدالىققا بەرھەم بېرىش ئۈچۈن تەڭرىتائالا ئۇلار ئىچىدىن زەردۇشتنى تاللىۋېلىپ، ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك مەقامىنى بېرىپ، ئىلاھىي ۋەھيى نازىل قىلغان دەپ تەخمىن قىلىش مۇمكىن. زەردۇشت ئەنە شۇ ۋەھيى ئاساسىدا ئۆزىنىڭ يەككە خۇدالىق غايىلىرى ئەكس ئەتكەن «گاھلار» كىتابىنى يېزىپ، ئۇنى «ئاۋېستا» تەركىبىگە كىرگۈزگەن بولسا ئېھتىمال.

ئەمما، زەردۇشتتىن كېيىن بىرنەچچە ئەسىرلەر ئۆتكەندە، بۇ دىن يەنە ئاۋۋالقىدەك پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ، كۆپ خۇدالىققا، ئاتەشپەرەسلىككە، مەجۇسىيلىققا ئايلىنىپ كېتىپ، يەككە خۇدالىقتىن ئەسەرمۇ قالمىغان. ئىلاھىي كىتاب قىياپىتىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان.

ئەبۇ رەيھان بىرۇنىينىڭ يېزىشىچە، ئىسكەندەر زۇلقەرنەين مىلادىيەدىن ئاۋۋالقى 330 ـ يىللاردا

ئەھمانىيلار ئىمپېرىيىسىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئىنسانلارنى ھەنىپىيلىككە، يەككە خۇدالىقىقا تەرغىب قىلىپ، ئاتەشخانىلارنى ۋەيران قىلغان. ئالىملارغا «ئاۋېستا» دىكى تېببىيات، پەلسەپە ۋە ئىلمىي نۇجۇمغا دائىر مەزمۇنلارنى تەرجىمە قىلىپ قالدۇرۇپ، قالغان كۆپ خۇدالىق غايىلىرى يېزىلغان قىسمىنى كۆيدۈرۈپ تاشلاشنى بۇيرۇغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاشۇ ۋاقىتتىن بېرى «ئاۋېستا»نىڭ بەشتىن ئۈچ قىسمى ــ ئون سەككىز نەسكى (بۆلەك قىسمى) يوقىلىپ كەتكەن. «ئاۋېستا»نىڭ ھەممىسى 30 نەسك، ئۇنىڭدىن 12 نەسك ئەتراپىدىكى قىسمى ئامان قالغان، خالاس.

ھازىرقى ئالىملار «ئاۋېستا»نىڭ مەلۇم بولغان نۇسخىلىرى 21 نەسك، 248 بابتىن تەشكىل تاپقان ۋە 345700 سۆزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، دېيىشمەكتە.

ئاكادېمىك ئې. بېرتېلىسنىڭ يېزىشىچە، «ئاۋېستا»نىڭ دەسلەپكى قولىيازمىسى 8 مىليون 300 مىڭ سۆزدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدا 2 مىليوندىن ئارتۇق مىسرا مەدھىيە، قوشاق ۋە سانالار بولغان.

كىتابتا تەڭرىنى مەدھىيىلەش، ھەمدۇسانالار، ئالقىشلار، ياخشىلىق ۋە نىجاد تېپىشقا بېغىشلانغان مۇناجاتلار، نالىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇلاردىن يەتتە كىتابتا خۇدالار، كائىناتنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئىنسانىيەت تارىخىغا دائىر مەسىلىلەر؛ كېيىنكى يەتتىسىدە ئىبادەت مەسىلىلىرى، دىنىي دەستۇرلىرى، خەلقلەرنىڭ ياخشى يوسۇنلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. قالغان يەتتىسىدە تېبابەت، ئاسترونومىيە، ئاسترولوگىيە، پەلسەپىگە دائىر مەلۇماتلار، تەۋسىپ، رىۋايەتلەر ۋە ئىلاۋىلەر ئورۇن ئالغان.

تارىخچى ئالىم مەھمۇدىينىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، «ئاۋېستا»نىڭ مەتنى 12 مىڭ ئالتۇن تاختىغا يېزىلغان.

تارىخچى بەلخىينىڭ «پارسنامە» كىتابىدا «ئاۋېستا» 12 مىڭ ئاشلانغان ناۋۋاس (بۇقا) تېرىسىگە پۈتۈلگەن ھېكمەتلەر كىتابى ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان.

ئەبۇ ئەلى مۇھەممەد ئىبنى مەھمۇد بەلئەمىينىڭ «تارىخى بەلئەمىي» كىتابىدا «ئاۋېستا» شاھ ۋىشتاسپ پەرمانى بىلەن 12 مىڭ قارامال ــ ناۋۋاس (بۇقا) تېرىسىگە تىللا سۈيى يۈگۈرتۈلگەن ئالتۇن ھەرپلەر بىلەن پۈتۈلگەن پۈتۈكلەرگە ئايلاندۇرۇلۇپ كىتاب قىلىنغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن. ئۇ پىرسىپۇلدا ساقلانغان.

فرانسۇز تەتقىقاتچى ئالىمى ئەنكېتىل دىئوپپېرون ھىندىستانغا بېرىپ، بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار ئارىسىدا ئۈچ يىل ياشاپ، زەردۇشت دىنى مۇراسىملىرىنى ئۆگىنىپ، 1771 ـ يىلىدا «ئاۋېستا»نىڭ 1288 ـ يىلدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىنى پارىژدا فرانسۇز تىلىغا تەرجىمە قىلغان ۋە بۇ كىتاب غەربىي ياۋروپا ئارقىلىق بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. ھازىرقى «ئاۋېستا»نىڭ مىلادىيە 1324 ـ يىلى كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى كوپىنھاگىن شەھىرىدە ساقلىنىۋاتىدۇ.

«ئاۋېستا» ئۆزبېكىستاندا بىرىنچى قېتىم 2001 ـ يىلى 10 ـ ئايدا «شەرق» نەشرىياتى مەتبەئە ئاكسىيەدارلىق شىركىتى باش تەھرىرىيىتى تەرىپىدىن 5000 نۇسخا بېسىلدى. ھەجمى 383 بەتتىن ئىبارەت بولغان بۇ يېگانە ئەسەرنى ئەسقەر مەھكەم تەرجىمە قىلغان. لايىھە مۇئەللىپى ۋە ئىجادىي گۇرۇھ رەھبىرى نەۋرۇزۇللا جۆرەيېفتۇر. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆزبېكىستاندا «ئاۋېستا» ھەققىدە بىر نەچچە كىچىك رىسالىلەر بېسىلغانىدى، خالاس.

«ئاۋېستا» كائىنات ۋە زېمىن، ئىنسان ۋە ھايات، ئۆلۈم ۋە ئەبەدىيلىك قاتارلىق پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق مەسىلىلەر، سوئاللار، ساۋابلار ۋە باشقا ئىشلار ھەققىدە ھېكايە قىلىدۇ. ئۇنىڭدا

دۇنيانىڭ يارىتىلىشى، ئىنساننىڭ خەلق بولۇپ كامال تېپىشى، ئىزگۈلۈك ئۈچۈن ياۋۇز كۈچلەر بىلەن كۈرەش قىلىشى، ئەركىنلىك، ئىجادكارلىق ۋە قۇرغۇچىلىق يوللىرىدىكى ئارزۇلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. «ئاۋېستا» پەقەت ئادەملا ئەمەس، بەلكى بىر ئۇچۇم تۇپراق، بىر يۇتۇم سۇ، بىر نەپەسلىك ھاۋانىڭ ھەم مۇقەددەس ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئۇ يەرنى، دەريا ۋە تاغلارنى، باغ ۋە بۇلاقلارنى، سەھرالارنى، ئۆي ھايۋانلىرى، ئۆسۈملۈك، گىياھلارنى پاكىز ھالدا ساقلاش، ئاۋايلاپ ئاسراش، پەرۋىش قىلىش، قىسقىسى تەبىئەت دۇنياسىغا بارلىق جانلىقلارغا مېھىر - مۇھەببەت بىلەن قاراشنى تەرغىب قىلغۇچى ئەسەردۇر.

«ئاۋېستا»دا ئەنە شۇ دەۋر چېگرىلىرى ھەققىدە تاغلار بۆلەكلەر، ئېتنىك قەبىلىلەر، ھەتتا قەدىمكى دۆلەتچىلىك تۈزۈمى توغرىسىدا دىنىي نەسىھەتلەر، يولىيورۇقلار، ئالەم، ئاسمان، يەر، ئوٰمان (ئوكيان)، يورۇقلۇق، زۇلمەت، جەننەت ۋە دوزاخ، ھۆرلەر ۋە پەرىشتىلەر خۇسۇسىدىكى پىكىرلەر، تەلىماتلارمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

«ئاۋېستا»دا يەر يۇمىلاق شەكىلدە، ئۇنى ئۈچ ئۇمان (ئوكيان) ئوراپ تۇرىدۇ، دەپ تەسۋىرلەنگەن. يەرنى، سۇنى، ھاۋانى، تەبىئەتنى بۇلغاش چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن. ۋەتەن ۋە خەلققە مۇھەببەت ئادەمدىكى ئەڭ ئالىيجاناب پەزىلەت دەپ ئېيتىلغان. نەۋرۇز — يېڭى كۈن، يېڭى يىلنىڭ باشلىنىشى، تەبىئەتنىڭ ئويغىنىشى، ھاياتلىقنىڭ باشلىنىشى دەپ تەرىپلەنگەن. بۇ كىتابتا يەنە كائىناتنىڭ دەسلەپكى تۆت ئۇنسۇرى — يەر، سۇ، ھاۋا، ئوت ئۇلۇغلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئوت گۇناھلاردىن پاكلىغۇچى، ياۋۇز روھلارنى يوقاتقۇچى سېھىرلىك كۈچ دەپ تەسۋىرلىنىدۇ.

تۇرلۇك غايىلەر، ئەقىدىلەر ئەۋج ئالغان، ئۇلار تەسىرىدىكى ئادەملەر مۇناسىۋەتلىرى بىر - بىرىگە زىت بولغان، كۆپ خۇدالىق شەكلىدىكى غايىۋى كۈرەشلەر تەسىرىدە تەرەققىيات ۋە ئىنسان ھاياتى چىگىش ھالەتكە كېلىپ قالغان بىر پەيتتە «ئاۋېستا» يەككە خۇدالىق ئاستىدا مەقسەتلەر بىرلىكى مەنپەئەتلەر ئويغۇنلۇقى بىر بولغان ئىناق بىر جەمئىيەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئارقىلىق، ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ياخشىلاشقا دەۋەت قىلغۇچى ئىنسانپەرۋەر پەلسەپە سۈپىتىدە دۇنياغا كەلدى. «ئاۋېستا» ئادەملەر قەلبىدىكى ئىزگۈلۈك ۋە ياۋۇزلۇق، ياخشىلىق ۋە يامانلىق ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئۆزئارا كۈرەشتە ياخشىلىق تەنتەنىسى ۋە ئىزگۈلۈك غالىبلىقىنى تەمىنلەش يولىدا ئادەملەرگە مەنىۋى قۇدرەت، روھىي رىغبەت ۋە دەۋەتكارلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. بۇ پەقەت زەردۇشتىلۇققا ئالاقىدار بولغان ئادەملەردىنلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەت روھىيىتىنى ياخشىلىق تەرەپكە بۇراشقا، كىشىلىك ھاياتقا يۈكسەك مەنىۋىيەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ كىرىپ كېلىشىگە سەۋەب بولدى.

«ئاۋېستا» كىتابى ئاساس بولغان زەردۇشتىلۇق دىنىنىڭ پەلسەپىۋى ماھىيىتىدە، دۇنيا مۇرەككەپلىكلىرى، ئۇلارنى چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈش مەسىلىلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. دۇئالىزمغا — روھ ۋە ماددىيلىقنىڭ ھاياتى ئىكەنلىكىنى تەن ئېلىشقا ئاساس سالغان زەردۇشت دىنىدا كۈرەش، يەنى تەبىئەتتە — يورۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇق، مەۋجۇدلۇقتا — ھايات ۋە ئۆلۈم، مەنىۋى ئالەمدە — ياخشىلىق ۋە يامانلىق، ئىجتىمائىي ھاياتتا — ئادالەت ۋە ئادالەتسىزلىك، ئەخلاقىي ئىشلاردا — چىن ۋە يالغان، نەپاسەت ئالىمىدە — گۈزەللىك ۋە خۇنۈكلۈك، دىندا — ئاھۇرامازدا ۋە ئەنھرە مەينۇ (ھورمۇز ۋە ئەھرىمەن) قاتارلىقلارنىڭ ئەزەلى ۋە ئەبەدىي كېلىشەلمەسلىكى ۋە چىقىشالماسلىقى ۋە

ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەسسەسىز كۆرەش تەسۋىرلىنىدۇ. كىتابتا يېزىلىشىچە، بۇ ئىككىسى بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى قۇدرەت، ئۇلارنىڭ تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، قارىمۇقارشىلىق ۋە كۆرەش بۇ دۇنيانىڭ — تىرىكلىك ئالەمنىڭ ئىپتىداسىدىن ئىنتىھاسىغا قەدەر داۋام ئېتىدۇ. ھايات، يارىتىلىش، مەۋجۇدىيەت، ئومۇمەن بارلىقنىڭ ئەسلىي مەزمۇن ماھىيىتى شۇ. شۇنداق ئىدى، شۇنداق بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

ئالەمنىڭ يارىلىش دەقىقىلىرىدە سىپىنتامەينۇ (ئاھۇرامازدانىڭ سۈپەت نامى) ۋە ئەنھرەمەينۇ ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈك مۇنازىرە بولۇپ ئۆتىدۇ. سىپىنتامەينۇ ئەنھرەمەينۇغا مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ پۈتۈن بارلىقىمىز، ۋۇجۇدىمىز، تىرىكلىكىمىز ئاۋۋال باشتىن، ئەزەلدىن پۈتكۈل ۋە تامامەن قارىمۇقارشىدۇر. بىر - بىرىگە زىتتۇر — دۈشمەندۇر.»

«ئاۋېستا»دا بۇ كۆرەشتە ئىنسان بىر چەتتە بىتەرەپ بولۇپ قاراپ تۇرماي، ئىزگۈلۈك ئۈچۈن ياۋۇز كۈچلەر بىلەن كۆرەش قىلىشى، ئەركىنلىك، ئىجادكارلىق، قۇرغۇچىلىق يولىدىن مېڭىشى كېرەكلىكى قايتا - قايتا تەكىتلىنىدۇ.

بۇ كىتابتا كۆرسىتىلىشىچە، ئۆلۈمدىن كېيىن قىيامەتتە مەرھۇمنىڭ روھى ئۈستىدە ھېساب - كىتاب (سوت) ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئىنساننىڭ بۇ دۇنيادا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قىلغان ئەمەللىرى ئىلاھىي تارازىلارغا قويۇلىدۇ. تارازىنىڭ بىر پەللىسىگە ئۇنىڭ قىلغان ئىزگۈ ساۋاب ئىشلىرى، ئىككىنچى پەللىسىگە ئۇنىڭ ئەكسى بولغان گۇناھ ئىشلىرى قويۇلىدۇ. نەتىجىگە قاراپ مەرھۇمنىڭ روھى يۇقىرىغا — يەنى جەننەتكە، ئاھۇرا مازدانىڭ يورۇق نۇر ئەپشان مەنزىلگە پەرۋاز قىلىدۇ ياكى تۆۋەنگە — يەنى دوزاخقا ئەنھرەمەينۇنىڭ ماكانىغا چۈشۈپ كېتىدۇ.

«ئاۋېستا» كىتابى ئەڭ قەدىمكى كىتاب بولغانلىقى ئۈچۈن، قەدىمكى دىنلاردىن بولغان يەھۇدىيلىق (ئىئۇدائىزم) بۇتپەرەستلىك (بۇددىزم)، مەسىھىيلىك (خرىستىئانلىق) ۋە باشقا دىنلارنىڭمۇ شەكىللىنىشىگە ئۆزىنىڭ كۆرۈنەرلىك تەسىرىنى كۆرسەتكەن.

مەشھۇر ئىنگلىز «ئاۋېستا»شۇناس ئالىم لائۇرىنس مىللىزنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرى بۇ جەھەتتە دىققەتكە سازاۋەردۇر: ««ئاۋېستا»نىڭ يەھۇدىي ۋە خرىستىئان ئىلاھىيىتىگە كۆرسەتكەن ئىنتايىن زور تەسىرىنى نەزەرگە ئالساق، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ دىن يارىتىشتا ۋە ئىنسانلار تەقدىرىنى بەلگىلەشتە ئۆتكۈر ۋە ئېتىبارلىق نوپۇزغا ئىگە بولغانلىقىنى كۆرىمىز. ھېچكىشى ھېچبىر تىلدا ‹ئاۋېستا›دىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن پارچىلارنىڭ ھەيران قالارلىق دەرىجىدىكى يۈكسەك ئىكەنلىكىنى ھەرگىز ئىنكار قىلالمىغان. ئادەمزات تەپەككۇرىدا بۇنچىلىك يۈكسەكلىك ۋە چوڭقۇرلۇقنى كىم، قەيەردىن تاپالايدۇ؟!»

«ئاۋېستا»شۇناس ئالىم تىلەب مەھمۇدوف ئۆزىنىڭ ««ئاۋېستا» ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىدە: «دېمەك، ‹ئاۋېستا› ناسارانى ھەقىقىي ناسارا، مۇسۇلماننى ھەقىقىي مۇسۇلمان قىلىپ تەربىيىلەيدىغان كىتاب. ئۇ كور كۆزنى، گاس قۇلاقنى ئاچىدۇ، كىر باسقان كۆڭۈللەرنى ئىمان سۈيى بىلەن يۇيىدۇ، ھايات ۋە ئاخىرەت مەنىلىرىنى ئىنسانىيەتكە چۈشەندۈرىدۇ» دەپ يازىدۇ.

«ئاۋېستا»نى ئۆگىنىشىمىزنىڭ قىممەتلىك تەرىپى شۇ يەردىكى، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسىدە ياشىغان خەلقلەرنىڭ تارىخى، قەدىمكى قۇدرەتلىك بۈيۈك خارەزم دۆلىتىنىڭ ئەڭ كونا ئۆرپ - ئادەتلىرى، مەنىۋىيىتى، ياشاش يوسۇنلىرى ھەققىدە بىزگە قىممەتلىك تارىخىي مەلۇماتلارنى بېرىدۇ. دېمەك، تارىخىمىزنىڭ «ئاۋېستا» دەۋرىدىن ھەم ئالدىنىراق باشلانغانلىقىغا شۈبھە قالمايدۇ.

خارەزم زېمىنىدا تۇغۇلۇپ ۋايىغا يەتكەن زەردۇشتىنىڭ «ئاۋېستا» كىتابى بۈيۈك مەدەنىي ئۆتمۈشىمىزدىن دېرەك بەرگۈچى ئەسەردۇر. شۇ مەنىدە دۇنيانىڭ ئەڭ قەدىمكى دىنلىرىدىن بىرى بولغان زەردۇشتىلۇقنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئاۋېستا»نىڭ جاھان مەدەنىيىتى ۋە دىنلار تارىخىدا تۇتقان ئورنى مۆلچەرلىگۈسىزدۇر.

بۇنى پۈتۈن جاھان جەمئىيىتىمۇ تەن ئېلىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مائارىپ پەن - مەدەنىيەت مەسىلىلىرى بۆلۈمىنىڭ 1999 - يىلى پارىژدا ئېچىلغان يىغىنىنىڭ قارارىغا بىنائەن، 2001 - يىلى 3 - نويابىردا ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى خارەزم ۋىلايىتىنىڭ مەمۇرىي مەركىزى ئۈرگەنچ شەھىرىدە «ئاۋېستا» يارىتىلغانلىقىنىڭ 2700 يىللىق يۇبىلېي تويى پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتتى ۋە بۇ شەھەردە «‹ئاۋېستا› يادىكارلىق مەجمۇئەسى» تىكلەندى.

پەقەت ئېلىمىزنىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى مۈلكىگە ئايلىنىپ قالغان «ئاۋېستا»نى ھەربىر ئەقىللىق ئىنسان ئوقۇپ ئۆگەنسە، خەلقىمىزنىڭ ئەڭ قەدىمكى تارىخى، دۆلەت ئاساسلىرى، ئۆرپ - ئادەتلىرى بىلەن تونۇشىدۇ. بۇ مەدەنىيەتنىڭ جاھان مەدەنىيىتى تەرەققىياتىغا قوشقان ھەسسىسىنىڭ زور ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ ۋە ئۆزىگە مۆلچەرلىگۈسىز روھىي قۇۋۋەت ۋە مەنىۋى ئوزۇق ئالىدۇ.

بىز ئۈچۈن «ئاۋېستا» كىتابى پەقەت قەدىمكى تارىخىي يادىكارلىقلا ئەمەس، بەلكى خەلقىمىزنىڭ ۋە ئۇنىڭغا خاس بولغان مەدەنىيەتنىڭ تومۇرى مىڭ - مىڭ يىللارغا بېرىپ تاقىلىشىنى ئەستىقلايدىغان تارىخىي ھۆججەت سۈپىتىدىمۇ قەدىرلىكتۇر.

بۇ ھەقتە بولۇپمۇ ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پرېزىدېنتى ئىسلام كەرىموفنىڭ 1998 - يىلى 26 - ئىيۇندا مەملىكىتىمىز تارىخچىلىرى بىلەن بولۇپ ئۆتكەن ئۇچرىشىشتا ئېيتقان سۆزلىرى دىققەتكە سازاۋەردۇر.

«ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ مۆتىۋەر، قەدىمكى قوليازمىمىز ‹ئاۋېستا›نىڭ يارىتىلغىنىغا 3000 يىل بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بۇ نادىر كىتاب 30 ئەسىر ئىلگىرى ئىككى دەريا ئارىلىقى — ماۋەرائۇننەھردە، مانا مۇشۇ زېمىنىمىزدا ئۆمۈر ئۆتكۈزگەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرغان مەنىۋى، تارىخىي مىراسىدۇر. ‹ئاۋېستا› ئەينى زاماندا بۇ قەدىم ئۆلكىمىزدە بۈيۈك دۆلەت، بۈيۈك مەنىۋىيەت، بۈيۈك مەدەنىيەت بولغانلىقىدىن گۇۋاھلىق بەرگۈچى تارىخىي ھۆججەتتۇركى، ئۇنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ.»

شۇنداق قىلىپ، «ئاۋېستا» بىز ئۈچۈن جاھانشۇمۇل ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان، جاھان مەدەنىيىتى تەرەققىياتىغا ئۆزىنىڭ سالماقلىق ھەسسىسىنى قوشقان، ئەڭ قەدىمكى تارىخىي، مەدەنىي، مەنىۋى مىراسلىرىمىزنىڭ نادىر بىر نەمۇنىسى، يادىكارلىقى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

(تاشكەنت ماۋەرائۇننەھر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «سائادەتكە يەتكۈزگۈچى بىلىم» ناملىق كىتابنىڭ 2005 - يىلى 2 - ئايدىكى 5 - نەشرىدىن ئېلىندى. كىتاب مۇئەللىپى: ئابدۇلھەي ئابدۇراھمانوف)

(ئۇيغۇرچىغا ئاغدۇرغۇچى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام ئانسامبىلىدا)




نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئىدرىس تۇرنىياز كۆكيار، تۇرسۇن ساۋۇت ئۇدمىش

## تەلبەلە كەنتىدىكى تۇرسۇننىڭ قۇتلۇغ مەسجىدىنىڭ بەش چارەكلىك ۋەقفە يېرىنى مېنىڭ مۈلكۈم ئىدى دەپ قىلغان دەۋاسىنىڭ رەت قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى تەۋلىيە



ترانسكرىپسىيسى:

تەئرىخ مىڭ ئىككى يۈز قىرىق سەككىز مەيمۇن يىلى جەمادىيەلئاخىر ئايىنىڭ يىگىرمەسى چەھارشەنبە كۈنى ئېردىكىم، قۇتلۇغ مەسجىدىنىڭ ئىمامى موللا ئەبدۇسەمەد ئەئلەمى ۋەقتغە مەئلۇم قىلدىكىم، تەلبەلە كەنتىدە قۇتلۇغ مەسجىدىنىڭ بەش چارەكلىك ۋەقفەسىنى تۇرسۇن دېگەن «بۇ يەر مېنىڭ مۈلكۈم» دەپ ۋەقفىنىڭ ھوسۇلاتىنى ماڭا بەرمەيدۇر، ۋەقفنامەئى تەۋلىيە قولۇمدا ئىدى، دەپ دادخاھلىق قىلغاندا، ئۇلەمائىزام، مۇتەسەددەئى – شەرئ ئەئلەم – مۇفتىلار باشلىغ ھەممەلەر بىئىتتىفاق شەيخۇلئىسلاملارنى بۇيرۇپ، شەيخۇلئىسلاملار يەر تۇفەسىگە بارىب، كەنتىنىڭ ھەممە ئەكابىر ئەشرەفلەرىنى ھازىر قىلىپ: «بۇ يەر ۋەقفمۇ يا مۈلكمۇ؟» دەپ سوراغاندا، ھەممە موسۇلمانلار: «بۇ يەر ۋەقف، مۈلك ئەمەس» دەپ ۋالىئى مەملىكەتنىڭ ھوزۇرلارىدا بۇ يەرنىڭ ۋەقف ئىكەنى ئىسباتى سابىت بولۇپ، كوھنە تەۋلىيەسىنى ھەم كۆرۈپ، ئەشھەرۇ مىنەش – شەمس ۋە ئەزھەرۇ مىنەل – ئەمس، بۇ يەر ۋەقفى مۇتلەق بولىغان. بەئدەل – يەۋم. ھەر ئافەرىدەگار بۇ ۋەقفگە دەئۋايى مۈلكىيەت قىلسە، ئول خۇداۋەندە قەھھار غەزەبىگە گىرىفتار ۋە لەئ-

www.uyghurkitap.com

نەتىگە سەزاۋەر بولسۇن، دەپ زۇبدەلەرنىڭ مۆھرى كىراملارى بىرلە مۇسەججەل بولغان. بۇ مەزكۇر بەش چارەكلىك ۋەقفىنىڭ ھۆددى ئەربەئەسى كوھنە تەۋلىيەسىدە مەزكۇردۇر.

ھۇززارى مەجلىس: ئۆمەر خاجە، ئەبدۇشەرىف خاجە، ئالىفشاھ خاجە، توختە سوفىي خاجە، مۇھەممەد ساھىب خاجە، يۇسۇفشاھ خاجە، جارۇب خاجە. موللا كېپەك، روزىمەت باي، موللا زاھىد، ئىسلام سوفىي، ئۆمەر سوفىي، موللامەت، موللا بەختى، موللا ئەبدۇسەمەد.

يەشمىسى:

تارىخقا بىر مىڭ ئىككى يۈز قىرىق سەككىز مايمۇن يىلى جەمادىيەلئاخىر ئېيىنىڭ يىگىرمىسى چارشەنبە كۈنى① ئىدى. قۇتلۇغ مەسجىدىنىڭ ئىمامى موللا ئابدۇسەمەد ھازىرقى ئەلەمگە شۇنداق مەلۇم قىلدىكى، تەلبەلە كەنتىدە قۇتلۇغ مەسجىدىنىڭ بەش چارەكلىك ۋەخپىسىنى تۇرسۇن دېگەن [كىشى]: «بۇ يەر مېنىڭ مۈلكۈم ئىدى دەپ» ۋەخپىنىڭ مەھسۇلاتىنى ماڭا بەرمىدى، ۋەخپىنامە تەۋلىيەسى قولۇمدا ئىدى، دەپ شىكايەت قىلغاندا كاتتا ئالىملار ئەلەم مۇفتىلار باشلىق شەرئەت مەسئۇللىرىنىڭ ھەممىسى مەسلىھەتلىشىپ، شەيخۇلئىسلاملارنى ئېنىقلاشقا بۇيرۇدى. شەيخۇلئىسلاملار مەزكۇر يەر ئۈستىگە بېرىپ، كەنتنىڭ بارلىق مۆتىۋەرلىرى ۋە ئۇلۇغلىرىنى يىغىپ: «بۇ يەر ۋەخپىمۇ ياكى مۈلۈكمۇ؟»دەپ سورىغاندا، ھەممە موسۇلمانلار بىردەك: «بۇ يەر ۋەخپە، مۈلۈك ئەمەس»دەپ جاۋاب بېرىشتى ۋە مەملىكەت ۋالىيسىنىڭ ئالدىدا بۇ يەرنىڭ ۋەخپە ئىكەنلىكىگە ئىسپات كۆرسىتىلىپ، كونا تەۋلىيەسىمۇ كۆزدىن كەچۈرۈلۈپ بۇ يەرنىڭ ۋەخپە ئىكەنلىكى قوۋياشتەك روشەن ۋە ئايدەك ئېنىق بولۇپ جەزملەشتۈرۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر قانداق بىر مەخلۇق بۇ ۋەخپىگە مۈلۈك دەۋاسى قىلسا، خۇدانىڭ قەھرى ـ غەزىپىگە گىرىپتار ۋە لەنىتىگە دۇچار بولسۇن دەپ، ئۇلۇغلارنىڭ مۇبارەك مۆھۈرلىرى بىلەن ئۇشبۇ ۋەخپە بېكىتىلدى. مەزكۇر بەش چارەكلىك ۋەخپىنىڭ تۆت تەرەپ پاسىللىرى كونا تەۋلىيەسىدە زىكىر قىلىنغان.

مەجلىس ئەھلى: ئۆمەر خاجە، ئەبدۇشەرىف خاجە، ئالىفشاھ خاجە، توختىسوفى خاجە، مۇھەممەدساھىب خاجە، يۇسۇفشاھ خاجە، جارۇب خاجە. موللاكېپەك، روزىمەت باي، موللازاھىد، ئىسلام سوفى، ئۆمەر سوفى، موللامەت، موللا بەختى، موللا ئەبدۇسەمەد.

## ياركەندلىك يۇسۇف ئاخۇننىڭ پادىشاھلىقتا تەۋە قىرىق تۆت ئىشىكلىك ھۇجرا ئۆيلەرنى يەتتە يۈرۈش دۇكانلىرى بىلەن قوشۇپ ئىجارە ئالغانلىقى ھەققىدىكى ھۆججەت

ترانسكرىپسىيسى:

تەئرىخقە بىر مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن سەككىز قوي يىلى ماھى شەۋۋالنىڭ بەشى يەكشەنبە كۈنى ئېردى. مەنكى ياركەندلىك موللا ئەبدۇللا خاجە خەلفەتنىڭ ئوغلى يۇسۇف ئاخۇندۇرمەن. بۇ نەۋئى ئىقرارى

① ھىجرىيە 1248 ـ يىلى جەمادىيەلئاخىر ئېيىنىڭ يىگىرمىسى چارشەنبە كۈنى مىلادىيەنىڭ 1832 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.



شەرئى قىلدىمكى، شەھەر ئىچىدە چەھار سۇ بازار بويىداكى پادىشالىق-قە تەئەللۇق ئىككى چوڭ دەرۋازەگە مۇشتەمىل قىرىق توققۇز ئىشىك-لىك ھۇجرەلىق بىر كاتتە كارۋان سەرايدىن پادىشالىققە لازىملىغ مۇۋافىق شەرئىەت زەكات قىلادۇرغان زەكات خانە بەش ئۆينى ئايرىب قو-يۇب، قالغان قىرىق تۆرت ئىشىك-لىك ھۇجرە ئۆيلەرنى بىر كاتتە ئاتخانە ۋە تابىئى يەتتە يۇرۇش فۇ-زۇل دۇكانلارى بىلەن بۇ مەجمۇئىسە-نى بۇ يىل ماھى رەجەبنىڭ بىرىدىن باشلاپ كىلەدۇرغان يىلى ماھى جە-مادىيەلئاخىرنىڭ ئاياغىغىچەلىق بىر يىللىق ياڭى جاي ئىجارەئى شەرئىيەسىنى پادىشالىقتىن ئۆز رىزا ۋە [رىغبەتىم] بىرلەن بىرمىڭ ئۈچ يۈز تەڭگە فۇلى سەرگە ئەقدەئى ئىجارە قىلىپ ئالدىم. شىكەستەئى رىختە ما يەھت ئىچىنى ھەم ئۆزۈم [نەقتىنەئى مەزكۇر]نىڭ تاشىدا تو-زەتمەكچى بولدۇم. بۇ بىرمىڭ ئۈچ يۈز تەڭگە فۇلنى مەسجىد جامىئى ئالىيەنىڭ مەسرۇفى مۇئەييەنلەرىغە بويرۇلغان ۋەقتىدە بىلا ھۇججەت ۋە بىلا تەئخىر تافشۇرۇپ بېرۇر بو-لۇپ، ئۆز ئىقرارىمدىن خەتتى ۋەسىقەئى شەرئىيە قىلىپ بەردىم ۋەكانە زالىكە ؟.... ئىندەل ۋەسەقات.

ھۇززارۇل – مەجلىس...

يەشمىسى:

تارىخقا بىر مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن سەككىز قوي يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ بەشى يەكشەنبە كۈنى[①] ئىدى. مەنكى ياركەندلىك موللا ئەبدۇللا خوجا خەلپەتىنىڭ ئوغلى يۇسۇف ئاخۇندۇرمەن. شەرئىەتتە شۇنداق ئىقرار قىلدىمكى، شەھەر ئىچىدە چاھار سۇ بازار بويىدىكى پادىشاھلىققا تەئەللۇق ئىككى چوڭ دەرۋازىلىرى بىلەن قىرىق توققۇز ئىشىكلىك ھوجرىلىق چوڭ كارۋان سارايدىن شەرئىەت بويىچە

① ھىجرىيە 1288 – يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ بەشى يەكشەنبە كۈنى مىلادىيەنىڭ 1871 – يىلى 12 – ئاينىڭ 14 – كۈنى پەيشەنبىگە توغرا كېلىدۇ.

پادىشاھلىققا لازىم قىلىندىغان زاكاتقا كېرەكلىك بەش ئۆينى ئايرىپ قويۇپ، قالغان قىرىق تۆت ئىشكىلىك ھۇجرا ئۆيلەرنى بارلىق تەۋە يەتتە يۇرۇش ئالاھىدە دۇكانلىرى بىلەن ھەممىسىنى بۇ يىل رەجەپ ئېيىنىڭ بىرى (7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى)دىن باشلاپ كېلىدىغان يىلى جەمادىيەلئاخىر ئېيىنىڭ ئاخىرى (6 ـ ئاينىڭ ئاخىرى)غىچىلىك بىر يىللىق شەرئىەت بويىچە يېڭى يەر ئىجارىسىنى پادىشاھلىقتىن ئۆز رازىلىقىم ۋە مايىللىقىم بىلەن بىرمىڭ ئۈچ يۈز سەر تەڭگە پۇلغا ئىجارە قىلىپ ئالدىم. بۇ كارۋان ساراي ۋە دۇكانلارنىڭ بوزۇلغان جايلىرىنى ۋە ئىچىنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان پۇلدىن سىرت ئۆزۈم پۇل چىقىرىپ تۈزەتمەكچى بولدۇم. بۇ بىرمىڭ ئۈچ يۈز تەڭگە پۇلنى چوڭ جامە مەسجىدىنىڭ كېرەكلىك ئىشلىرىغا بويرۇلغان ۋاقتىدا ھۆججەتسىز ۋە تەخىرسىز تاپشۇرۇپ بېرىدىغان بولۇپ، ئۆز ئىقرارىمدىن شەرئىەت بويىچە ۋەسىقە خەت قىلىپ بەردىم. ۋەكانە زالىكە ؟.... ئىندەل ۋەسەقات.

مەجلىس ئەھلى...

## تۇرپانلىق يۇسۇف ھاجىنىڭ پادىشاھلىققا ۋەقفە قىلىنغان مۇنچىنى بىر يىللىق ئىجارىگە ئالغانلىقى ھەققىدىكى ھۆججەت



ترانسكرپسىيىسى:

تەئرىخى ھىجرىينىڭ بىر مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن سەككىزى قوي يىلى ماھى شەۋۋالنىڭ بەشى يەكشەنبە كۈندە ئېردى، مەنكى تۇرفانلىق يۇسۇف ھاجىدۇرمەن، بۇ تەرىقە ئىقرارى سەرىھى شەرئىي قىلدىم. بۇ جۈملەغەكىم، شەھر ئىچىدە چەھار سۇ بازار بويىدا پادىشاھلىقتىن بىنا قىلىنىپ، مەسجىدى جامئى ئالىييەنىڭ ۋەقفلەقىغە تەئيىن بولغان ھەممامنىڭ بۇ يىل ماھى شەئبانىنىڭ ئون بەشىدىن باشلاپ كېلەدۇرغان يىلى ماھى شەئبانىنىڭ ئون بەشىغىچەلىق بۇ بىر يىل ئون ئىككى ئايدا ھاسىل بولغان ياڭى جاي ئىجارە فۇللارىنى ھەممامنىڭ ئۆز ھەۋايىجىگە لازىملىغىقە سەرف قىلىپ، ئاشادۇرغان فۇلىغە پادىشاھلىققە ئۆز رىزا ۋە رىغبەتىم بىرلە ئۈچ يۈز تەڭگە فۇل بېرۇر بولۇپ، ھەممامنى ھەممە لازىملىغ سەرەنجاملارى بىرلە تافچۇرۇپ ئالدىم.

ھەممامغە تابىئ فۇزۇل دۇكانلارى مۇنىڭ تاشىدا قالدى. لازىملىغ خىراجات سەرفىنىڭ ھەممەسىنى ئۆزۈم سەرف قىلغۇر بولدۇم. مەزكۇر ئۈچ يۈز تەڭگە فۇلنى بىر يىلنىڭ ئىچىدە تۈگەتىپ بېرۇر بولۇپ، ئۆز ئىقرارىم ئىلە خەتتى ۋەسىقەئى شەرئىي قىلىپ بەردىم. ۋەكانە زالىكە بىمۇھزەرىن مىنەل ئۇدۇلى ۋەسۇ-قات.

ھۇززارى - مەجلىس...

يەشمىسى:

ھىجرىيە تارىخىنىڭ بىر مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن سەككىزى قوي يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ بەشى يەكشەنبە كۈنى① ئىدى. مەنكى تۇرپانلىق يۈسۈف ھاجىدۇرمەن. بۇ ھەقتە شەرئەت ئالدىدا شۇنداق ئە-شەنچ بىلەن ئىقرار قىلدىمكى، شەھەر ئىچىدە چەھار سۇ بازار بويىدا پادىشاھلىقتىن بىنا قىلىنىپ جامە مەسجىدى ئالىينىڭ ۋەخپىلىكىگە تەيىن بولغان ھاممامنىڭ بۇ يىل شەبان ئېيىنىڭ ئون بەشىدىن باشلاپ كېلىدىغان يىلى شەبان ئېيىنىڭ ئون بەشىگىچىلىك بۇ بىر يىل - ئون ئىككى ئايدا ھاسىل بولىدىغان يېڭى جاي ئىجارە پۇللىرىنى ھاممامنىڭ ئۆز ئېھتىياجى ئۈچۈن سەرپ قىلىپ، ئاشىدىغان پۇلىغا ئۆز رازىلىقىم ۋە مايىللىقىم بىلەن پادىشاھلىقىقا ئۈچ يۈز تەڭگە پۇل بېرىدىغان بولۇپ، ھاممامنى ھەممە لازىملىق سەرەمجانلىرى بىلەن تاپشۇرۇۋالدىم. ھاممامغا تەۋە ئالاھىدە دۇكانلىرى بۇنىڭ تېشىدا قالدى. ھاممامغا لازىملىق سەرپ قىلىدىغان خىراجەتنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈم سەرپ قىلماقچى بولدۇم. مەزكۇر ئۈچ يۈز تەڭگە پۇلنى بىر يىلنىڭ ئىچىدە تۈگىتىپ بېرىدىغان بولۇپ، ئۆز ئىقرارىم بىلەن شەرئەتتە ۋەسىقە خېتى قىلىپ بەردىم. ۋەكانە زالىكە بىمۇھزەرىن مىنەل ئۇدۇلى ۋەسۇقات.

مەجلىس ئەھلى ...

(نەشرگە تەييارلىغۇچىلار شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)



(ئاتىلار سۆزى ئەقىلنىڭ كۆزى)



(بىلىم كىمدە بولسا بۈيۈكلۈك تاپۇر)

(خەتتات: مەمەت نەۋبەت)

① ھىجرىيە 1288 - يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ بەشى يەكشەنبە كۈنى مىلادىيەنىڭ 1871 - يىلى 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى پەيشەنبىگە توغرا كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى nurkitap.com



# توغرىباي بىلەن ئوغرىباي

(چۆچەك)

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇروسۇل ئۆمەر

قەدىمكى زاماندا بىر قىشلاقتا بىر يىگىت بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى توغرىباي ئىكەن. ئۇنىڭ بىرلا ئورۇق ئېتىدىن باشقا ھېچنەرسىسى يوق ئىكەن.

قىشلاقتا بارغانسېرى ئىش تېپىش قىيىنلىشىپتۇ. توغرىباينىڭ ئەھۋالىمۇ ئېغىرلىششقا باشلاپتۇ ـ دە، ئاخىر مەدىكارلىق قىلىش ئۈچۈن ئېتىنى مىنىپ باشقا يۇرتلارغا سەپەر قىپتۇ. يول يۈرۈپتۇ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. يولدا ئۇنىڭغا بىر يىگىت ئۇچراپتۇ.

— خوش، يول بولسۇن، قاياققا ماڭدىڭ؟ — دەپتۇ توغرىباي.

— مەدىكارلىق قىلىش ئۈچۈن يىراق بىر شەھەرگە كېتىۋاتىمەن، — دەپتۇ يىگىت.

— ئىسمىڭ نېمە؟

— ئوغرىباي.

— سېنىڭچۇ؟

— توغرىباي.

— ئىككىمىزنىڭ ئىسمىمىز تازا ماس كېلىدىكەن، — دەپتۇ ئوغرىباي، — كەل، دوست بولۇپ قالايلى.

— بىللە ئىشلەپ، بىللە يۈرەيلى، — دەپتۇ توغرىباي. ئىككىسى شۇنداق دېيىشىپ ئەھدىلىشىپتۇ.

توغرىباي ئوغرىباينىڭ پىيادە ماڭغىنىغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇنىڭغا ئېتىنى بېرىپتۇ. ئوغرىباي ئېگەرگە ئولتۇرۇپتۇ ـ دە، ئاتقا بىر قامچا سېلىپلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ. توغرىباي ھەيران بولغىنىچە قاراپ قاپتۇ ۋە «دوست بولايلى دەپ يالغان ئېيتىپ، دۈشمەنلىك قىلدى» دەپ ئويلاپ بەك ئەپسۇسلىنىپتۇ. ئاخىر نائىلاج پىيادە يولغا راۋان بوپتۇ. كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشۈپتۇ، توغرىباي يولدىن ئادىشىپ، بىر چىغىر يولغا كىرىپ قاپتۇ. چىغىر يول قېلىن بىر ئورمانغا تۇتىشىپ يوقىلىپتۇ، توغرىباي قاياققا مېڭىشنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قاپتۇ.

كەچ كۈز مەزگىلى ئىكەن. ئۇ بىر ئورمانلىققا كىرىپ قاپتۇ. توغرىباي يول تېپىلىپ قالار دەپ توختىماي مېڭىۋېرىپتۇ. ئاسماندا يۇلتۇزلار كۆرۈنۈشكە باشلاپتۇ. توغرىباي ئورماندا كېتىۋېتىپ بىر كونا ئۆڭكۈرگە دۈچ كېلىپ قاپتۇ. ئۇ: «قاراڭغۇدا ئورماندا يۈرۈش ياخشى ئەمەس. كېچىنى مۇشۇ ئۆڭكۈردە يېتىپ ئۆتكۈزەي» دەپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە كىرىپ يېتىپتۇ.

ئاشۇ چەكسىز ئورماندا ئارسلان پادىشاھ، يولۋاس ۋەزىر، بۆرە كانايچى، قاشقىر سۇنايچى، تۈلكە داستىخانچى ئىكەن. ھېلىقى ئۆڭكۈر بار جاي شۇلارنىڭ بەزمىگاھى ئىكەن. بىرئازدىن كېيىن بىر قاشقىر كېلىپ تونۇر ئەتراپىنى

ئايلىنىپ ھوۋلاپتۇ. ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئورماندىكى پۈتۈن ھايۋانلار شۇ يەرگە يىغىلىپتۇ. پادىشاھ ئارسلان ئۆز ئورنىدا ئولتۇرۇپ، ئورمان ئەھلىنىڭ مەجلىسىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. تۈلكە گەپ باشلاپتۇ:

— ئەي قېرىنداشلار، مۇشۇ ئورمان ئارقىسىدىكى تاغدا بىر غار بار، مەن ئون يىلدىن بۇيان ئاشۇ غاردا ياشايمەن. ئادەملەرنىڭ ئۆيىدە بار نەرسىنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئۆيۈمدىمۇ بار. ئون يىلدىن بېرى مال يىغىۋاتىمەن، گىلەم، پالاس، كۆرپە، تۆشەك ھەممىسى مەندە بار، مەززىلىك تاماقلارمۇ بار.

ئۆڭكۈر ئىچىدە ئولتۇرغان توغرىباي: «ھەي ئىست، تۈلكىباينىڭكىگە مېھمانغا بارسام بوپتىكەن» دەپ ئويلاپتۇ. ئاندىن قاشقىر سۆز باشلاپتۇ:

— تۈلكىباي، سېنىڭ ھېكايەڭ قىزىق ئەمەس ئىكەن، مانا بۇ دۆڭنىڭ ئاستىدا مېنىڭ بىر چاشقىنىم بار. ھەر كۈنى چۈش ۋاقتىدا شۇنى تاماشا قىلىمەن. چاشقاننىڭ قىرىق بىر دانە تىللاسى بار. شۇلارنى ئۇۋىسىدىن چىقىرىپ ئوينايدۇ. كېيىن ئۇلارنى ئوتتۇرىغا يىغىپ ئۆزى تاماشا قىلىدۇ، ئەتراپىنى چۆرگىلەيدۇ، ئاندىن دومىلىتىپ ئۇۋىسىغا ئەكىرىپ كېتىدۇ.

ئەمدى ئېيىقنىڭ ھېكايىسى باشلىنىپتۇ:

— بۇمۇ قىزىق ئەمەس ئىكەن، — دەپ سۆزگە كىرىشىپتۇ ئېيىق، — بىزنىڭ مۇشۇ ئورماندا بىر قارىياغاچ بار. ئۇنىڭ پەس تەرىپىدە ئىككى پۈتىقى بار. شۇ پۈتاقتىكى شاخلارنىڭ يوپۇرماقلىرى ھەممە كېسەلگە داۋا بولىدۇ. مۇشۇ شەھەردىكى پادىشاھنىڭ قىزى يەتتە يىلدىن بېرى كېسەلدىن ساقىيالماي ياتىدۇ، پادىشاھ: «كىم شۇ قىزىمنى ساقايتسا، ئۇنى شۇ كىشىگە بېرىمەن» دەپ جاكارلاپتۇ. ئۇ قىزنى ساقايتالمىغان كىشىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىكەن. نۇرغۇن تېۋىپلار پادىشاھنىڭ قىزىنى ساقايتالماستىن دارغا ئېسىلىپ كېتىپتۇ. ئەگەر ئۇلار ئاشۇ قارىياغاچنىڭ يوپۇرمىقىنى ئېزىپ، شۇ قىزغا ئىچكۈزسە شۇئان ساقىياتتى ۋە ساقايتقان كىشى پادىشاھنىڭ قىزىنى ئالاتتى.

ئاندىن بۆرە سۆز باشلاپتۇ:

— يارەنلەر، مېنىڭمۇ بىر قىزىق ھېكايەم بار. مۇشۇ ئورماننىڭ ئۇ چېتىدە بىر باينىڭ قىرىق مىڭ تۇياق قويى بار. مەن ھەر كۈنى ئىككى قوينى يەيمەن. مېنى تۇتۇش ئۈچۈن ئۇلار ھەممە ھيلىنى ئىشلىتىپ باقتى. لېكىن، ھېچ ئىلاج قىلالمىدى. مانا شۇ يېقىن ئارىدىكى قىرنىڭ بېشىدا تۇرىدىغان بوۋاينىڭ بىر ئىتى بار. ئەگەر شۇ ئىتنى سېتىۋالسا، ئۇ مېنى پارە - پارە قىلىۋېتەتتى، — دەپتۇ بۆرە.

ئەڭ ئاخىرىدا يولۋاس گەپ باشلاپتۇ:

— بۆرە ئېيتقان باينىڭ ئون مىڭ يىلقىسى مۇشۇ ئورماننىڭ بىر چېتىدە ئوتلاپ يۈرىدۇ. مەن ئۇنىڭدىن ھەر كۈنى بىر ئات يەيمەن. لېكىن، شۇ ئاتلارنىڭ ئىچىدە بىر ئالا ئايغىر بار. بىر كىشى ئەنە شۇ ئالا ئايغىرغا مىنىپ، قولىغا قىلدىن ئىشلەنگەن سالما ئالسا، بىر قولىغا ئۇزۇن خادا ئېلىپ، بويۇنۇمغا سالما سېلىپ مېنى ئۆلگۈچە ئۇرسا، مەن يىلقىلارغا زادىلا يېقىن يولىمايتتىم. مېنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنىم ئەنە شۇ ئالا ئايغىر ئىكەنلىكىنى باي بىلمەيدۇ...

يولۋاس سۆزىنى تۈگىتىشى بىلەن تاڭمۇ يورۇپتۇ. ھەممە ھايۋانلار ئۆز ئۇۋىلىرىغا تارقىلىپ كېتىپتۇ.

توغرىباي ئۆڭكۈردىن چىقىپ، تۈلكىنىڭ ماكانىغا بېرىپتۇ. قارىسا، راست دېگەندەك ھەممە نەرسە جاي - جايىدا. گۆشمۇ، ياغمۇ، گۈرۈچمۇ كۆزنىڭ يېغىنى يەپ تۇرغۇدەك. توغرىباي دەرھال قازانغا ياغ قويۇپ، ئوتنى يېقىشى بىلەن تاغ بېشىدىن چۈشۈپ كېلىۋاتقان تۈلكىنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، ئۆزىنى دالدىغا ئاپتۇ. تۈلكە ئۆيىگە كىرىپ، قازاندا ماي

داغلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ تۇرغاندا، توغرىباي تۈلكىنى باسماقداپ بوغۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ. ئاندىن ئاش ئېتىپ يەپ قورسىقىنى تويغۇزۇپتۇ.

توغرىباي ئەتىسى قاشقىر دېگەن دۆڭنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ. ئۇنىمۇ تېپىپ، چاشقاننى ئۆلتۈرۈپتۇ ـ دە، تىللالارنى بېلىگە تۈگۈۋاپتۇ. كېيىن ئېيىق ئېيتقان قارىياغاچنىڭ يوپۇرمىقىنىمۇ ئاپتۇ.

كېيىن چوپان تەرەپكە يول ئاپتۇ، چوپاننى تېپىپ ئۇنىڭدىن ھال ـ ئەھۋال سوراپتۇ. شۇندا چوپان:

ــ ئەھۋال يامان، ــ دەپتۇ، ــ خېلىدىن بېرى بىر بۆرە ھەر كۈنى ئىككى قويۇمنى يەپ كېتىدۇ، ھېچ ئىلاجىنى قىلالمىدىم. خوجايىن مېنى بوش قويمايدىغان بولدى.

توغرىباي سوراپتۇ.

ــ مەن شۇ بۆرىدىن سىزنى قۇتقۇزسام نېمە بېرىسىز؟

چوپان خوجايىندىن قىرىق قوي ئېلىپ بېرىشكە ۋەدە قىپتۇ.

توغرىباي ھېلىقى بوۋاينىڭ ئېتىنى سېتىۋېلىپ، چوپانغا بېرىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن توغرىباي يىلقىچىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھال ـ ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن: «بۈگۈن كېچە ئالا ئايغىرنى ئېگەرلەپ، قىلدىن ئېشىلگەن سالمىنى، ئۈچ گەز خادىنى ماڭا توغرىلاپ بېرىڭ!» دەپتۇ.

توغرىباي ئاتنى مىنىپ يولۋاس كېلىدىغان چىغىر يولدا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپتۇ. بىردىن يولۋاس ئورماندىن يۈگۈرۈپ چىقىپ ئۆزىنى ئاتلار ئارىسىغا ئۇرۇپتۇ. توغرىباي سالمىنى راسلاپ تۇرۇپ يولۋاسنىڭ بوينىغا سېپتۇ ـ دە، يولۋاسنى ئايلاندۇرۇپ يۈرۈپ ئۆلگۈدەك ئۇرۇپتۇ. يولۋاس ھالىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ. يىلقىچى توغرىباينىڭ خىزمىتى ئۈچۈن ئالا ئايغىرنى بېرىپتۇ. توغرىباي ئالا ئايغىرنى مىنىپ شەھەرگە يول ئاپتۇ. شەھەرگە بارسا بازاردا جارچى جار سېلىۋاتقانىكەن: «پادىشاھنىڭ قىزى يەتتە يىلدىن بۇيان كېسەل، كىمكى ئۇنى ساقايتسا، پادىشاھ شۇ كىشىگە قىزنى بېرىدۇ! ... ساقايتالمىسا، دارغا ئېسىلىدۇ!»

توغرىباي جارچىنىڭ ئارقىسىدىن پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپتۇ ۋە قىزنى ساقايتىشقا ۋەدە بېرىپتۇ. پادىشاھ توغرىباينى قىزنىڭ ھوزۇرىغا باشلاپ كىرىپتۇ. توغرىباي يېنىدىكى ياپراقنى ئېزىپ قىزغا ئىچكۈزۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىز ئۈچ كۈندىلا ساقىيىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ قىزنى توغرىبايغا بېرىپتۇ.

پادىشاھ توغرىبايدىن سوراپتۇ:

ــ ئەمدى سىزنى قايسى شەھەرگە ھاكىم قىلاي؟

ــ ماڭا ھاكىملىقنىڭ كېرىكى يوق. ئورمان يېنىدىكى تاغ ئۈستىگە بىر ئۆي سېلىپ بەرسىڭىز بولدى. مەن ئۆز ئەمگىكىم ئارقىلىق كۈن كەچۈرىمەن، ــ دەپتۇ توغرىباي.

پادىشاھ ئۇنىڭ ئېيتقىنىدەك ئۆي سېلىپ بېرىپتۇ. توغرىباي خوتۇنى بىلەن تاغدا ياشاپتۇ.

بىر كۈنى چۈش ۋاقتىدا توغرىباي ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئېتىنى مىنىپ كېتىۋاتقان ئوغرىباينى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، ئۇنى ئۆيىگە چاقىرىپ زىياپەت بېرىپتۇ. ئوغرىباي:

ــ دوستۇم، مۇشۇنداق ئېگىز جايغا قانداق قىلىپ ئىمارەت سالدىڭ؟ ئۆي ـ ئوچاقلىق بوپسەن، بۇلارغا قانداق ئېرىشتىڭ؟ بىراۋغا خىيانەت قىلغان كىشىنىڭ قارنى زادى تويمايدىكەن. سېنىڭ ئېتىڭنى ئېلىپ قېچىپ، قەيەرگە بارسام ئىشىم ئوڭغا تارتمىدى. شۇنىڭدىن بېرى بىرەر قېتىم قورسىقىم تويغىنىنى بىلمەيمەن. سەن قانداق قىلىپ بۇنچىۋالا بېيىپ كەتتىڭ؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

توغرىباي:

— مانا شۇ ئورمان ئىچىدە بىر ئۆڭكۈر بار. مەن ئاشۇ ئۆڭكۈر ئىچىدە بىر كېچە يېتىپ، بۇ نەرسىلەرگە ئېرىشتىم، — دېگەنىكەن، ئوغرىباي:

— سادىغاڭ كېتەي، ماڭىمۇ شۇ ئۆڭكۈرنى كۆرسىتىپ قوي. مەنمۇ ئاشۇ ئۆڭكۈردە بىر كېچە يېتىپ چىقاي، — دەپتۇ. توغرىباي ئۇنى باشلاپ بېرىپ، ئۆڭكۈرنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. ئوغرىباي ئۆڭكۈرگە كىرىپ يېتىپتۇ. شۇ كېچىسى ئورمان ھايۋانلىرى يەنە يىغىلىشىپتۇ. پادىشاھ ئارسلان:

— مېنىڭ ھېكايىچى دوستۇم تۈلكە قېيەردە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھېكايىسى قۇرۇسۇن، — دەپتۇ قاشقىر ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئۇ كۈنكى ھېكايىنىڭ كاساپىتى بىلەن سىز تۈلكە دوستىڭىزدىن، مەن تىللا چاشقىنىمدىن ئايرىلدىم.

ئۇنىڭ كەينىدىن ئېيىق ئورنىدىن تۇرۇپ:

— قارىياغىچىمىزنىڭ ياپراقلىرىنىمۇ ئېلىپ كېتىپتۇ، — دەپتۇ.

نۆۋەت بۆرىگە كەلگەندە بۆرە پادىشاھقا قاراپ:

— مەن ئوزۇق - تۈلۈكۈمدىن ئايرىلدىم. چوپان ھېلىقى ئىتنى سېتىۋالدى، ئەمدى بارسام پارە - پارە قىلىۋېتىدۇ، كالتەك زەربىسىدىن پۈتۈن ئەزايىم ئىششىپ كەتتى، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئارسلان قاپىقىنى تۈرۈپ، بۇيرۇق قىپتۇ:

— كىم چېقىمچى بولسا شۇنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈڭلار!



قاشقىر قىرغاۋۇلدىن گۇمانلىنىپتۇ. قىرغاۋۇل: «چېقىمچى چوقۇم ئۆڭكۈردە بار» دەپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ھەممە ھايۋانلار ئۆڭكۈرگە ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنىڭ ئىچىدە تۈگۈلۈپ ياتقان ئوغرىباينى تۇتۇپ چېقىشىپتۇ ۋە «چېقىمچىنىڭ جازاسى شۇ!» دەپ، ئۇنى پارە - پارە قىلىپ تاشلاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، توغرىباي توغرىلىقىدىن مەقسىتىگە يېتىپتۇ. ئوغرىباي بولسا ئەگرىلىكىدىن ئېگىشلىك جازاسىنى تارتىپتۇ.

(ئېيتىپ بەرگۈچى ئاتۇش شەھىرى ئازاق يېزىسى تېجەن كەنتىدىن ساۋۇت ھاجى)
(توپلاپ رەتلىگۈچى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)

كىتاب نۇر بېكىتى





# لوپنۇر قوشاقلىرىدىن

توپلاپ رەتلىگۈچى: مويدىن سايىت

تۆۋەندىكى قوشاقلار 1942 ـ يىلى چاقىلىق ـ يېكەن بۆلجىمال يول ياساش چوڭ ھاشىرىغا قاتناشقان لوپنۇرلۇق ئىشلەمچىلەر تەرىپىدىن توقۇلغان.

مىرەنگە ھاشار چىقىپ[1]،
ماڭا كەلدى بۇ زۇلۇم.
ئىزىمغا ئادەم بەرسەم،
قولۇمدا بولسا پۇلۇم.
مەن ئەمدى قانداق قىلاي،
ساق تۇرسا ئىككى پۇتۇم.

ماڭسام ـ ماڭسام تۈگىمەي،
بۇ مىرەننىڭ سايلارى.
قۇملار قىزىپ چوغ بولدى،
يازنى تومۇز ئايلارى.
ھاشارنى بىزگە سالغان،
يۇرتنىڭ زالىم بايلارى.

بۇنداقما بولمىسا ئىدى،
ماڭا كەلگەن ئىرادە[2].
ئېشەكىم ئۆلۈپ قالىپ،
يولدا قالدىم پىيادە.
ئىزدەپ ھېچ تاپالمادىم،
قارىنداشلىرىم نەدە.

ماڭىپ ـ ماڭىپ يېتەلمەدىم،
مىرەن دېگەن يېرىگە.
ئارتسام كۆتۈرەلمىدى،
ئون بىر كوينى بىلىگە[3].
تاغلار ئۈنۈپ توسسىكەن،
بۇ مىرەننىڭ شەرىگە.

ھاشارغا ئالىپ كەلدى،
ھۆكۈمەتنى يارلىقى.
بىزگە غەم زۇلۇم بولدى،
ماشىنىجاڭنى بارلىقى.
كۈن ئالماققا تەس بولدى،
بۇ زاماننىڭ تارلىقى.

ئىنجۇلارمۇ كەلىپتۇ،
قۇرۇلۇشتىن ئېرىققا.
ئۆلارغامۇ چارە يوق،
دۆبەن سالغان يارلىققا.
ماشىنىجاڭنىڭ زورلۇقى،
بىزنى قويدى خارلىققا.

ئالتى شوئار خېتى بار،
ھۆكۈمەتنى يوللۇدۇ.
شەنجاڭ «ئاتا» قويۇپ بەر،
يەتتىنچى ئاي ئونلۇرۇ.
ھاشارچىلار يىغلايدۇ،
مەيدىسىدە قوللۇرۇ.

ئوسمان جويجاڭ باش بولدى،
چامنى ئوبدان تاللاسۇن.
ئاجىزلارنى يۆلەيلى،
تال باشلامدا قالماسۇن.
ھۆكۈمەتنى يارلىقى،
بىزگە ئازاب سالماسۇن.

ھۆكۈمەتنى يارلىقى،
دىيەنخوا سوقۇپ ماڭۇرمۇ.
داۋۇت قاچا[4] ئالماشىپ،
تېكە ساقال قالۇرمۇ.
رەھىمى يوق تېكە ساقال،
بىزگە زۇلۇم سالۇرمۇ.

پاسار توكۇر بەگ بولۇپ،
ئالۋاڭنى قويۇپ ئىبغىر.
يالاڭ دۆمبىگە ئارتىپ،
ئېشەكلەر ساپلا يىغىر.
يالاڭ ئاياق ماڭامىز،
كاۋاپ بولدى گۆش، بىغىر.

پۇتلار كۆيۈپ ماڭالماي،
چاچاق[5] بىلەن ئورايمىز.
ئالغان سۇلار تۈگۈسە،

باشقالاردىن سورايمىز.
بىر چىنە ئاچچىق سۇنۇ،
باھا قويۇپ تالايمىز⑥.

كىرادىن تاپقان پۇلۇم،
يەتمەدى سۇ ئالغالى.
مەنى ئىشەكتىن قويدى،
يوقسۇزلۇقنى زارلىقى.
شۇنداقمۇ بولامدۇ،
كەمبەغەلنى خارلىقى.

* * *

ئاتام مەنى ئۈچ نۆۋەت،
بايغا قۇل قىلىپ ساتتى.
دەرد، جاپانى كۆپ چەكتىم،
ئەسكى ئۆيلەردە ياتىپ.
ياتتىم كۇجەك⑦، قوتاندا،
قوي تېرەسىنى يېپىپ.

ئاتام مەنى بۇ چاغقا،
يوقلاپماغۇ كېلەتتى.
مەندىن باشقا ئۈچ ئوغۇل،
ئىككىنى ساتىۋەتتى.
ئاتامغامۇ ئامال يوق،
ئۆگەيچەم⑧ بىرنۇەتتى.

قوي باقىمەن جاڭگالدا،
ئۆيگە كەلمەي يىل بويى.
ئازابلايدۇ ئاش بەرمەي،
يوقاپ كەتسە بىر قويى.
مەنى قۇل قىلىپ ئالغان،
يۇنۇس بەگنى مال - پۇلى.

ئاتام مەنى ئېيپ كەتسە،
ساقايدۇ ئاغرىقىم.
يۇنۇس بەگنى زۇلمۇدۇن،
قۇرۇپ كەتتى ئىچ باغرىم.
باينىڭ پۇلى يىلىممۇ،
ئېتىلىپ كەتتى ئاغزىم.

سەككىز يىل بولدى ماڭا،
تۇگۇمەيدىغان قەرزىمۇ.
ئاڭلانماغان ئوخشايدۇ،
شاڭيۇغا تۇتقان ئەرزىمۇ.
مېنى بايغا قۇل قىلغان،
خۇدايىم پۇتكەن پەرزىمۇ؟

* * *

ھەجگە ماڭدى يۇنۇسبەگ،
قانات ياساپ پۇلۇدا.
جان بېرىپتۇ ئاڭلاساق،
ھەرەممەتنىڭ يولۇدا.
تاپقان ئوغۇل - قىزنىڭنى،
قويدۇڭ كىمنى قولۇدا.

جۇۋالىپ⑨ تاپقان دۇنياڭ،
يەتمەي قالغان نەپسىڭگە.
ھالالى يوق ماللىرىڭ،
تەپكەن داغدۇ ئەپتىڭگە.
خۇدا ئۆزى بىلەدۇ،
كىملەر چۇشتى قەستىڭگە.

كەيگەن تونۇڭ، يۆگەچىڭ⑩،
ياراشماغان ئۆزۈڭگە.
پۇلۇڭ توغرا تۇرماپتۇ،
ساڭا كەلگەن ئۆلۈمگە.
بوغۇزۇڭدۇن بوغقاندۇ،
سالغان كۇنۇڭ گۆلۈمگە.

سەن پۇلۇڭغا ئىشەنىپ،
زۇلۇم سالدىڭ باشىمغا.
تارتىۋالىپ گۆلۈمنۇ،
ئاغۇ قوشتۇڭ ئاشىمغا.
كېمە سالىپ ئۇينادىڭ،
كۆزدۇن ئاققان ياشىمغا.

ساق قويماپتۇ جانىڭنى،
ھارامدىن تاپقان پۇلۇڭ.
ساڭا ساۋاپ بەرمەپتۇ،
خۇدا ئاچماغان يولۇڭ.
ئاقىپ كەتسۇن گۆرۈڭدە،
مېنى ئۇرغان شۇ قولۇڭ.

* * *

ئەجەبما توختامايدۇ،
بۇ قويلارنىڭ ئاياغى.
باشىمىزغا چۇشەدۇ،
زالىملارنىڭ تاياقى.
بۇ جاھاندا يوق ئىكەن،
زالىملىقنىڭ سوراقى.

قورساقىمغا ئاش بەرمەي،
كۆزلۇرۇمدىن ياش ئاقىپ.
جانىم ئاتام يۇرۇيدۇ،
ئارالدا كۆلنۇ باقىپ⑪.
بەگلەرگە ئۇرغۇزۇدۇ،
بايچە دائىم چاقىپ.

جاڭگالدا قويلار باقىپ،
غېرىبلىق ماڭا يەتتى.
مەن بارىپ كىمگە ئايتاي،
باي زۇلمۇ ئاشىپ كەتتى.
قولۇدا پۇلۇ يوقۇ،
جان ئاتام ساتىۋەتتى.

بىزما رەھمەت ئوقۇيمىز،
ھالىمىزغا يەتكەنگە.
بايلار قاتتىق ئۇرۇدۇ،
قوي قايرىلىپ كەتكەنگە.
بۇمۇ مەنى سازايىم،
ئىشلەيمەن دەپ كەلگەنگە.

قويلارى ياتىۋالىپ،
جاھانلار پاتىقاق ئۇچۇن.

خۇدايىم بەرگەن ئىكەن،
بۇ بايلار پىخسىق ئۇچۇن.
ئاتام مەنى ساتقاندۇ،
جان باقماق قاتتىق ئۇچۇن.

زالىم مەنى ئۇرۇدۇ،
كالاغا بانە قىلىپ.
بىر كۈن كەچكىچە تۇردۇم،
خۇداغا نالە قىلىپ.
خۇدايىم قوشامۇدۇ،
گۇلۇمنۇ بىللە قىلىپ.

زالىملىق ئەجەب ئۆتتى،
مەن ئەمدى چىدامايمەن.
باينىڭ ئازابلارىغا،
ئەمدى قاراپ تۇرمايمەن.

قۇل، چاكارلار گۇناھسىز،
كېتەدىكەن ئاتىلىپ.
قولۇدا پۇلۇ يوقچۇن،
باي ـ بەگلەرگە ساتىلىپ.
پۇلغا ساتىپ ئالدىم دەپ،
قىينايدۇ ئازاب قىلىپ.

بىر ياخشى ھەمراھ تاپسام،
ئىشلەگەن پۇلۇم بىلەن.
قارا كۆڭۈل زالىم باي،
ئايرىدى زۇلۇم بىلەن.
يەنە يالغۇز يۈرۈرمەن،
سۆزلەشىپ ئۆزۈم بىلەن.

سىنى كۆڭلۈڭ توققۇ باي،
ئىككى قىزىڭ تۇل ئۇچۇن.
سەھەردە كاپشىپ قوپۇپ،
ئالدىڭدا قوي، پۇل ئۇچۇن.
مەن ساڭا گەپ قىلمادىم،
خۇدا بەرگەن قۇل ئۇچۇن[12].

* * *

ياز بويى پىچان ئوردۇم،
مىڭدىن بىرىنى خىللاپ.
بىر ياخشى گەپلەرى يوق،
ھەمىشە مەنى تىللاپ.
كېچە ـ كۈندۈز زارلاندىم،
ئىگەم ـ خۇداغا يىغلاپ.

كېچە ـ كۈندۈزلەپ باقسام،
قويلارى يەنە ئورۇق.
يىلدىن يىلغا كىيىشىم،
تاشلاۋەتكەن شىرى چورۇق.
جاننى قىيناپ ئاغرىيدۇ،
ئوڭ سالامدىكى يورۇق[13].

تۆرتىنچى ئاي پەسلى بولدى،
يەردىن چىققان گەنجەسى[14].
قويۇنۇ تولا باقىپ،
زۇلۇم تارتقان بەندەسى.
بىر يۇدۇم ئوتۇن بەرسەم،
تىللاپ كەتتى يەڭگەسى.

تۇرۇۋالدى قويلارى،
قوزلارى ياتىۋالىپ.
جانىمغا بالا بولدى،
بىر قويى ئۆلۈپ قالىپ.
قويۇنۇ باقتۇرسۇنلا،
پۇلۇغا ساتىۋالىپ.

ھايداسامما ماڭمايدۇ،
زالىم باينىڭ كالاسى.
كۆز ئۇچۇڭنۇ[15] سالىپ قوي،
بىزما ئادەم بالاسى.
قۇلاقىڭغا كىرمەمدۇ،
مەن يېتىمنى يىغاسى.

چاكارلار چۆلدە قالدى،
ئىككى مىڭ قوينۇ باقىپ.
كېسەل ئاتام يىغلاپتۇ،
ئۇزۇقۇ[16] يوق ئاچ ياتىپ.
باققاننىنى ماڭا بەر،
مەن باقاي قويغا قاتىپ.

ئۇچاققا نان كۆمەي دەپ،
چاناپ قويدۇم پىيازنى.
ھەممەلىسى يەكلەيدۇ،
مەن بىر يېتىم نىيازنى.
خۇدا ئۆزى ئەدەپلەر،
شاڭيۇ ئوغلى قوتازنى.

باينىڭ رەھمى كەلمەدى،
ھايۋاندەك ئىشقا سالىپ.
مەن قالىپ ئاراسىدا،
جانىم كەتتى قىينالىپ.
بەش يىل باقىپ قويۇنۇ،
ياندىم قۇرۇق قول قالىپ.

خۇدا ئۆزى كۆرگەندۇ،
مەنى ئىشلەگەنىمنى.
قورساقىمغا نان بەرمەي،
كۆك قامۇش يېگەنىمنى.
ئادەم تۇرۇپ ئۆيۈم يوق،
جاڭگالدا يۈرگەنىمنى.

باش ئاقسۇپا ئىچىدە،
ئۇزۇن ئىسلام باي ئىكەن.
بەش ئوغلۇنۇ ئىچىدە،
كەنجەسى ئالغاي ئىكەن.
بىرەرسىگە نان بەرسە،
ياندۇرۇپ كېتەدىكەن.

تولا ماڭىپ يىرتىلدى،
ئەتوكۇمنۇ باشلىقى.
بۇ بايلارغا ئاش بولغان،
تۇقۇ، ئۆدەك تاشلىقى[17].
بايغا ئىشلەپ ئۆتەمدۇ،
يېتىم باللا ياشلىقى.

ئۆمرۇمگە ئاغۇ بولدۇ،
ئىسلام تازنى يايلاقى.
قورساققا سانجىق بولدۇ،
بەرگەن سوغ سۇ، قايناقى.
تاغ بوپ باستى باشىمنى،

بەرگەن قوتۇر ئوغلاقى.

چوڭ سۆزلەمە ئىسلام تاز،
بىرنى قويسام ياتۇرسەن.
هالالى يوق مالىڭنىڭ،
قايسى كۇنگە قالۇرسەن.
بىزگە قىلغان زۇلمۇڭنى،
قىيامەتتە تاتۇرسەن.

گۆلمۇمنۇ⑱ سالىپ ئۆتتۇم،
دەريادەكى ئاقىشقا.
خۇدايىم بۇيرۇپتىكەن،
باي قويۇنۇ باقىشقا.
جانىم ئاتا قۇل قىلىپ،
ساتىۋەتىنىڭ نېمىشقا.

قورساقىمنى ئاچىغا،
ماڭسام پۇتۇم ئېسىلىپ.
باشىمغا تاغ يىقىلدى،
بىر پاخلانى كام چىقىپ.
زالىمدىن ئايرىۋالغىن،
جان ئاتا ئۆزۇڭ كېلىپ.

پەس كۆرۇدۇ باي بىزنى،
توكۇر، تىشقاق قويۇدۇن.
قۇتۇلۇپمۇ چىقارمەن،
زالىم بايىنى قولۇدۇن.
ئۇزۇلمەيدۇ قاراقىم⑲،
تۇرۇمتايىم⑳ يولۇدۇن.

باي قولۇدۇن قۇتۇلسام،
مەن كەتمەن تارىمغا.
ئارمان يەيمەن يەتسەم دەپ،
هەمراهلىقىم يارىمغا.
قوشامۇدۇ خۇدايىم،
يەتىپ مەنى هالىمغا.

ئۇيقۇ كەلمەي كۆزۇمگە،
قاراپ ياتتىم ئاسمانغا.
باي ئايلاسى خۇش بولدى،
مەنى باغلاپ ئۇرغانغا.
مەنى چاقىقان سەن ئايلام،
قارامتۇرلۇق㉑ ئىسلامغا.

هېچنېمە بىلىنمەيدۇ،
ساق تۇرامەن تاشىمدا㉒،
غېرىب بولۇپ يىغلايمەن،
قۇم دۆۋىسى باشىمدا.
بىر گادا تاش بارمىدۇ،
ئۆگەي ئانام باغرىدا.

ياخشى ئادەم بالاسى،
هەممە ئىشقا ئېتىملىق㉓.
ماڭا ئەجەب بىلىندى،
ئاناسى يوق يېتىملىك.
ئەجەب كۇنۇم تۇگۇمەي،
يەنە ساتتى بىر يىللىق.

جان باقىشنىڭ ئورنۇ يوق،
ساتىلدىم باي خوجامغا.
شۇنچە يىللار ئىشلەدىم،
چاپان چىقماي بويۇمغا.
پىشكەلچىلىك شۇمىكىن،
بۆرە چاپىپ قويۇمغا.

ئارا قۇمدىن㉔ كەلگىچە،
ئېشەكىم هارىپ قالىپ.
ئۇجۇللۇقتا㉕ يۇرۇيدۇ،
هەمراھ گۇلۇم سارغايىپ.
مەن كىشىگە ساتىلغاچ،
يوقلايالمادىم بارىپ.

ئات باغلىغۇچ㉖ دەيدىكەن،
قۇرۇق تارىم بويۇنۇ.
كۆرگەنلەر ئايتىپ كېلۇ،
هەمراهىمنى خۇيۇنۇ.
روزۇغا㉗ ئايتىڭلارچۇ،
ئالىۋالسۇن قويۇنۇ.

بايىنى قويۇنۇ باقتىم،
ئوتتۇزدەك قۇدۇق قازىپ.
چەككەن دەرد، جاپايىمنى،
ئىبەرتەي خەتكە يازىپ.
خىيال كەتمەي هوشۇمدىن،
كەتتىم يولۇمدىن ئازىپ.

كۇزلەكتىن بوستانغىچە㉘،
توختاماي قانلىق ياشىم.
ئاتام قەرزىگە ئىشلەپ،
ئاقاردى قارا باشىم.
بارمۇ، يوقمۇ بىلمەيمەن،
ئۆيگە قايتىپ باراشىم.

بۇكۇرمۇ㉙ يامان ئەمەس،
قولۇدا يوقتۇر پۇلۇ.
پاناهسىز قالغان يېتىم،
قانداق بولۇدۇ يولۇ.
ئاچ ــ يالىڭغاچ يۇرۇدۇ،
بولۇپ روزۇنۇڭ قۇلۇ.

خەلقنى باش ئەگدۇرگەن،
ئۇنۇڭ قانلىق قامچاسى.
تۇردۇ دېگەن گالۋاڭمۇ،
بوپتۇ بەگنى غالچاسى.
چوڭقۇيۇپ پاتماغانغا،
يىرتىلغاندۇ ئالچاسى.

بىز نېمە قىلغاندىمىز،
دەلدەكچىسى تۇردۇغا.
رەھىم قىلماي هايدايدۇ،
باش ئۆكتەنىڭ㉚ تۇغۇغا.
بەرگەن كۆينەك كېپەنلىك،
ئاشى ئوخشار ئاغۇغا.

ئانام مەنى تۇغماسا،
بۇ دەردلەرگە قالمايتتىم.
يارىم مەندىن جان دېسە،
تەييار ئىدىم، يانمايتتىم.
زاماندا بولسا ئىنساپ،
مەن بۇ كۇنگە قالمايتتىم.

يوقسۇزلۇق قولى مەنى،
قاتقۇزمادى يارىمغا.
بايلار قۇلاق سالمادى،
قانلىق يىغا ـ زارىمغا.
مەن كۆنۈمنۈ تاپشۇردۇم،
ياراتقان خۇدايىمغا.

* * *

بۈگۈن يەتتە كۈن بولدى،
تۆگلۈك باراشى㉛ بارىپ.
هاشارچىغا يېتەلمەي،
كەلدىم بوستاندىن يانىپ.
گايىت بىر سويما بەردى،
تۈرسام قورساقىم ئاچىپ.

لايسۇلۇقلار ئورۇيدۇ،
ئالتىنچى ئايدا ئورمانى.
يار قاشىغا بارىشقا،
تاپالمادىم ئامالنى.
چۆلقۇدۇقتىن ئۆتكەندە،
تىلەپ يېدىم سويمانى.

* * *

ئاچچىققى㉜ ياقاسىدا،
تېنەپ كېتىپ جامالى.
باش سۇنۇ ئېتىۋالىپ،
لايسۇغا بول ئۇۋالى.
بىزگە ئۇۋال بولماسۇن،
ساۋۇت بەگكە بارالى.

* * *

مەنى سوراپ كەلىپتۇ،
جانىم ئانام ئالماخان.
بىر چىنە سۇ بەرمەدى،
باي ئاغچەسى ئايتۇران.
كەمبەغەلگە باغرى تاش،
بېخىل ئىكەن بۇ جاھان.

## ئىزاھات:

① 1942 ـ يىلى لوپنۇر، چاقىلىق، كورلا، قارا شەھەردىن ئون مىڭ كىشىلىك هاشارچىلار كونا چاقىلىق مىرەن يولىغا ئىشلەشكە مەجبۇري ھەيدەپ كېلىنگەن.
② بۇ يەردە «تەقدىر»، «تەقدىرنىڭ بۇيرۇقى» دېمەكچى.
③. ئېشىكى ئۆلۈپ قالغان هاشارچى يەنە بىر هاشارچىنىڭ بىر ئېشىكىنى 11 كويغا كىرا قىلغان. ئېشەك ئازراق مېڭىپلا يېتىۋالغان. «ئون بىر كوينى كۆتۈرەلمىدى» دەپ شۇنى دارىتمىلايدۇ.
④ داۋۇت قاچا ــ كىشى ئىسمى، قاچا ــ لەقىمى.
⑤ چاچاق ــ سويا قومۇش.
⑥ تالايمىز ــ تالىشىمىز.
⑦ كۆجەك ــ قويلار كۆشىگەچ يېتىپ ئارام ئالىدىغان جاي؛ ئانچىكىلا توسۇپ ياساپ قويغان يازلىق قوتان.
⑧ ئۆگەيچە ــ ئۆگەي ئانا.
⑨ جۇۋالىپ ــ جازانە قىلىپ.
⑩ يۆگەچ ــ سەللە.
⑪ تۇرلۇك جۇغراپىيىلىك ئۆزگىرىشلەر سەۋەبىدىن تارىم ۋە ئۇنىڭ تارماق ئېقىنلىرى بىر ئىزدا مۇقىم بولماي يۆتكىلىپ تۇرغانلىقى ھەم قۇم ـ بوران ئاپەتلىرى مۇقىم دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا چوڭ تەسىر قىلىپ، خەلق تۇرمۇشىدا بېلىق، ياۋايى هايۋان، سۇ قۇشلىرى، يېكەن، ئۇجۇر (يېكەن يىلتىزى)، ئۇجول (يېكەننىڭ يېڭى چىققان پۇپۇكى) ئاساسى ئوزۇقلۇق بولۇپ قالغان. مۇشۇنداق تەبىئىي ئوزۇقنى قوغلىشىپ بىر ئائىلە ـ بىر جەمەت بىر كۆلنى ئىگىلىگەن. كېيىنچە كۆل بەگلىكى يولغا قويۇلۇپ، بۇنداق باشقۇرۇش شەكلى بەزى جايلاردا تاكى 30 ـ يىللارغىچە داۋام قىلغان.
⑫ ئاتىسى تەرىپىدىن بايغا يىللىق چاكارلىققا سېتىۋېتىلگەن بىر بالا ئۆيىدىكىلەرنى كۆرگۈسى كېلىپ، ئۆيىگە بېرىپ كېلىش ئۈچۈن رۇخسەت سورىسا، باي «قول ــ چاكارمۇ ئۆيىگە بارامدۇ» دېگەن. بۇ قوشاق باينىڭ شۇ گېپىگە قارىتا توقۇلغان. ئالدىنقى ئىككى مىسراسىدا: سېنىڭ باللىرىڭ ئۆيدە ـ ئالدىڭدا تۇرغاچقا كۆڭلۈڭ پۈتۈن، توق، دادامنىڭ مېنى قانچىلىك كۆرگۈسى كەلگەنلىكىنى سەن بىلەمسەن، دېمەكچى.
⑬ سالا ــ پۈتنىڭ بارماقلىرى.
⑭ گەنجە ــ ئەتىيازدا يېڭى چىققان يۇمران ئوت ـ چۆپ.
⑮ كۆز ئۇچى ــ كۆز قىرى.
⑯ ئوزۇقنۇ ــ ئوزۇقى.
⑰ توخۇ، ئۆردەكلەرنىڭ تاشلىقىنى (دانلىقى) قۇرۇتۇپ سوقۇپ كاپ ئېتىپ بەرسە، ھەزىم قىلىشنى كۈچەيتىدۇ، ئاشقازان كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ھەم ئۈنۈملۈك داۋالايدۇ.
⑱ گۆلمۇ (گۆلمە) ـ بېلىق تۇتىدىغان تور.
⑲ قاراق ــ كۆزنىڭ قارىچۇقى.
⑳ تورۇمتاي ــ تورۇمچۇق.
㉑ قارامتۇر ــ قارانىيەت، تەلۋە، ۋەھشي.
㉒ بۇ مىسرانىڭ مەنىسى: سىرتىمدىن قارىغاندا ساق تۇرغىنىمنى بىلەن...
㉓ ئېتىملىق ــ يارامىلىق.
㉔㉕㉖ جاي ناملىرى.
㉗ روزۇ ــ روزى.
㉘ كوزلەك، بوستان ــ جاي ناملىرى.
㉙ بۇكۇر ــ بەكرى.
㉚ باشئۆكتە ــ جاي نامى.
㉛ تۆگلۈك باراش ــ كىشى ئىسمى.
㉜ ئاچچىق ــ جاي نامى.

(توپلاپ رەتلىگۈچى باينغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)


中国移动通信
CHINA MOBILE
مەشرەپ كارتىسى
تېخىمۇ كۆپ شاد-خۇراملىقلارنى يوللاپ،
بەخت تىلەكلىرىگە چۆمكەيدۇ!
1 يوەنلىك ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئېتىبار بوغچىسىنى ئىشلەتسىڭىز، ئۇزۇن
يوللۇق تېلېفوننى بىمالال ئۇرالايسىز.
تېلېفون ھەققى ئەرزان ۋە تېجەشلىك بولۇپ، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفوندا ئەركىن-ئازادە سۆزلىشەلەيسىز.
真情特惠
引领精彩生活
轻松由我
神州行
مەشرەپ كارتىسى
www.xj.chinamobile.com 10086





# 源 泉 (布拉克) بۇلاق

(维 吾 尔 文) 总126期 (قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي 126- سان

BULAK A BIMOUNTHLY JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

主编:阿布来提·伊明 副主编: 买买提吐尔地

باش مۇھەررىرى: ئابلەت ئىمىن مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

新疆人民出版社编辑出版
(乌鲁木齐市解放南路348号)
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھەرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر)
شىنجاڭ مورتوم ( MORTOM ) مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقاتتى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقاتقۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一连续出版物号:CN65-1063/I
国际标准连续出版物号:ISSN 1005-0876
国外发行号:Q1118 邮政编码:830001
邮政代号:58-108 定价:7.50元
广告经营许可证号:6500006000043

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118 پوچتا نومۇرى: 830001
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 108_58 باھاسى: 7.50 يۈەن
ئېلان تىجارىتى ئىجازەتنامىسى نومۇرى : 6500006000043